
# تارىم

1

AltunOq

1989

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



جۇڭگو ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
مەملىكەتلىك 5- قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس سەھنىسىدىن
بىر كۆرۈنۈش.



مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ
شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىللە.



مەملىكەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىنىڭ رەئىسى ساۋيۇ شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن
بىللە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

1

1989

39-يىل نەشرى

## بۇ سانىدا

**خۇچىلىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت**
**چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-قۇرۇلتىيىدا**
**سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى**

بىز كونا قائىدە-يوسۇن ۋە يامان ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىشقا مۇھتاج، دەۋر روھىنى مەدھىيىلەشكە تېخىمۇ موھتاج؛ پاسسىپ، رەزىل ئەھۋاللارنى پاش قىلىشقا موھتاج، قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلەشكە تېخىمۇ موھتاج؛ تارىخنى چوڭقۇر ئەسلەش ۋە پىكىر قىلىشقا موھتاج، كەلگۈسى ئىستىقبالغا نەزەر سېلىشقا تېخىمۇ موھتاج.

---

پەرھات تۇرسۇن

**ھالاكەت**

...كۆپكۆك ئاسمان گويا بوۋاقلارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدەك شۇنچە تىنىق، شۇنچە يېقىملىق، قۇياش ئوماق كۈلۈپ ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ گۈزەل ۋە جۇشقۇن مەنزىرىلەرگە قاراپ كىمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا قاتىللىق، ئۆلۈم، ۋەھشىيلىك دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كېلىدۇ؟! لېكىن بۇ يەردە راستىنلا قاتىللىق ۋە ئۆلۈم يۈز بەرگەنىدى.

---

ئابابەكرى تۇيغۇن

**كۈي تۆكىدۇ قىشلاقلار**

مەن ئىشقىمدا كۆيگەندە شۇنداق،
مىسرالىرىم كەتتى بۇلدۇقلاپ.
تىنىقىمدا بىر ياڭراق قوشاق
جاراڭلاپتى سېنى ئۇلۇغلاپ.

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

خۇچىلىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى ...................... 4

## نەسرىي ئەسەرلەر

پەرھات تۇرسۇن.................... ھالاكەت (ھېكايە).................. 11
قاھار جېلىل.................... ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ (ھېكايە)... 47
ئالىمجان ئىسمايىل.................... سەھرالىقلار (پوۋېست)............ 74

## شېئىرلار

ئابابەكرى تۇيغۇن.................... كۆي تۆكىدۇ قىشلاقلار............ 40
داۋۇتجان سەئىدىن.................... ئەقىدەمگە تاڭ قالسۇن ئالەم..... 43
ماخمۇت مۇھەممەت.................... ئىسمىسىز گۈللەر................ 44
تۇرسۇنجان ھاشىمى.................... ئىككى شېئىر.................... 45
قاسىم سىدىق.................... لەببەيچىلەر.................... 46
مامۇت زايىت.................... غەزەللەر.................... 65
قۇربان ئىمىن.................... ئاپىرىن.................... 71
ئابدۇللا سۇلايمان.................... ئىككى شېئىر.................... 71
مۇكەررەم ئەبەيدۇللا.................... گۈل سۆيگۈسى.................... 73
ئىبراھىم نىياز.................... كىتارچى.................... 73
مەتسەيدى مەتقاسىم.................... ياشلىق ئابىدىلىرى.................... 130
ئىبراھىم قۇربان.................... ئىككى شېئىر.................... 132
مۇختەر سوپى.................... ئىككى شېئىر.................... 133
ئۆمەر رەجەپ.................... تاغ نېمىشقا تاقىر باش.......... 134
ئىسلام سادىق.................... قىزىل يۇلغۇن.................... 134
ئەركىن مۇھەممەت.................... ياردار يىگىت ئارزۇسى.................... 135
ئىپتىخار.................... شېئىرلار.................... 135

رەھمەت ئوسمانى ...................... كەچكۈز شامىلى .................. 136
ئابدۇراخمان ئىسمايىل ..................... ئارچىلار تـۇرىدۇ ياش پېتى...... 136


**تەرجىمە گۈللەر**


خالىدە ئىسرايىل..............................ئۈنچىلەر (نەسىر)...................... 107


**مۇھاكىمە ۋە تەقرىز**


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ................. شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە
ئېستېتىكىلىق مەسىلە تـوغرىسىدا
(ئوبزور)........................... 110


**بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز**


پېشقەدەم شائىر رەخىم قاسىم............................................ 137
مۇخبىرلىقتىن يازغۇچىلىققا............................................... 140


**ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر**


گوشياڭنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا مۇخبىرنىڭ سو-
ئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى ............................................ 143


رەسىملەرنى مەمەت ئايۈپ سىزغان، مۇقاۋىنى جالالىدىن بەھرام ئىشلىگەن، بەت بېشى سەھىپىلىرىنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تـۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابـلىز نازىرى، ئەخەت تـۇردى، ئەلقەم ئەخـتەم، تېـيىپـجان ئېلىيوپ، غوپۇرجـان بورھانوف، قاھار جـېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خۇچىلىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى

ۋەكىللەر، يولداشلار:

بۈگۈن كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن، قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارغا، بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، تەيۋەنلىك، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ئەدىبلەر، سەنئەتكارلاردىن سەمىمىي هال سورايمەن!

يولداشلار! مەملىكىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا ئۇن يىل ماڭدى. ئون يىللىق ئىسلاھات بىزنى ئىدىيە جەھەتتە زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، دۆلىتىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنى ئاچتى. يېقىندا يېپىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي مۇھىتنى ئەستايىدىل تۈزەش ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئەستايىدىل ياخشىلاش ۋەزىپىسى بەلگىلەندى. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر قەدەم. بىز بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا، ئالايلۇق، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى پۇل پاخاللىقى، ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى ئادىل بولماسلىق، پارتىيە ئىچى ۋە جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك چىرىكلىشىش ۋە قالايمىقانچىلىقتا دۈچ كەلگەن بولساقمىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قەدەمنى پۇختا باسىدىغان، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىدىغان بولساقلا، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چوقۇم غەلىبە قازىنىش يولىغا سالالايمىز.

بىز ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا جىددىي ئۆزگى

رىش بولۇۋاتقان مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. يېڭى - كونا تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ئارقىسىدا، مىللىتىمىز قاتتىق داۋالغۇشنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈللىنىش ئىستىقبالى نامايان بولماقتا. پۇرسەت ۋە خەۋپ - خەتەر، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق، ئۈمىد ۋە گاڭگىراش مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكمەكتە. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىرادىلىك كىشىلەرنى سىنىماقتا ۋە ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرمەكتە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش 1 مىليارد جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇشقۇن - كۆتۈرەڭگۈ ئەمەلىيىتى ۋە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىستىكى سۈپىتىدە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان زور يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئۇ جۇڭگونىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ۋە كېيىنكى ئەسىردىكى تارىخىي يۆنىلىشىنى ۋە دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەيدۇ. دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالىگە ئىگە چوڭ مەملىكەتتە تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە نىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاتلىنىشتەك ئۇلۇغۋار زور ئىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى گۈزەل سەھىپىگە ئايلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كەمبولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ: «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز»ىدە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بىز ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. 100 مىليونلىغان خەلق بىلەن ھەمنەپەس، سوتسىيالىزم ئىشلىرى بىلەن تەقدىرداش بولغان ئېلىمىز يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۈستىگە ئالغان زور ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشى كېرەك. لۇشۈن: «ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق روھىدىن چاقنىغان نۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق روھىنى ئالغا يېتەكلەيدىغان ماياك» دېگەنىدى. ئەدەبىي ئەسەر خەلق روھىغا، ئىجتىمائىي كەيپىياتقا، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت سۈپىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە. ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىش دەۋرىدە، جۇڭگو خەلقى قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە مەنىۋى تۈرتكىگە موھتاج، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالىيجاناب بۇرچى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنىغا شۇڭغۇپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىستىكىنى مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سۈپەتلىك بەدىئىي ئىجادىيەت ئارقىلىق ئىجتىمائىي غايىنى ۋە مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەر قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق

ئېهتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، رىغبەتلەندۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش. مۇشۇ نىشان ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا داۋاملىق ئىشلىگەن ۋە ئىشلەۋاتقان، باش چۆكۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى كېرەك. پارتىيە ۋە خەلق سىلەرگە سەممىي تەشەككۈر ئېيتىدۇ!

ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ۋە ئالىيجاناب بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، خەلق بىلەن بىرلىكتە دەۋرگە ئەگىشىپ ئالغا بېسىشى، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇنىڭدا غايە، نىشان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سەنئەتكارلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئىنتايىن موھتاج. بىز كونا قائىدە - يوسۇن ۋە يامان ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىشقا موھتاج، دەۋر روھىنى مەدھىيىلەشكە تېخىمۇ موھتاج؛ پاسسىپ، رەزىل ئەھۋاللارنى پاش قىلىشقا موھتاج، قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلەشكە تېخىمۇ موھتاج؛ تارىخنى چوڭقۇر ئەسلەش ۋە پىكىر قىلىشقا موھتاج، كەلگۈسى ئىستىقبالغا نەزەر سېلىشقا تېخىمۇ موھتاج. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىرلا بولۇشى، يەنى خەلقنىڭ مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي تاپقۇزۇشقا بولغان تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۇلارنى يېپيېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. مەن ئىشىنىمەنكى، ئېلىمىزدىكى كەڭ يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ۋە بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى بەخت - سائادەتلىك قىلىش يولىدىكى ئورتاق كۈرەشتە ئىجادىيەت ئىلھامى، ھېسسىياتىغا، بارغانسېرى مول ئىجادىيەت مەنبەسىگە ۋە كەڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئون يىلدا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە كۈندىن - كۈنگە جانلاندى؛ پېشقەدەم يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت باھارىنى يېڭىباشتىن ئۇرغۇتتى، نۇرغۇن ئوتتۇرا ياشلىق، ياش يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار تولۇپ تاشقان ئىجادىي كۈچى ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئىستېداتى

بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىگە كىرىپ كەلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، 11 - نۆ-
ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئون يىل، يەنى مۇ-
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈگىتىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسى-
لىلەر بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە دۆلىتىمىز
قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىدىيە جانلانغان، نەتىجە مول بولغان، ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ
بارلىققا كەلگەن مەزگىل بولدى. ئون يىلنى ئەسلىگەندە، قولغا كەلتۈرۈلگەن ناھايىتى
مۇھىم نەتىجە شۇكى، پارتىيە ۋە سەنئەتكارلار بىرلىكتە تىرىشىپ، قۇرۇلۇش ئېكىنى
مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلىنىدىغان، گۈللىنىدىغان،
دېموكراتىك، ئىناق مۇھىت ۋە كەيپىياتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ساقلاپ قالدى.

ئون يىللىق تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەتكە بولغان توغرا رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇشتا، ئالدى بىلەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي
لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ
تۇرۇش لازىم. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم يولى جۇڭگو
خەلقى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق تاپقان تارىخىي يول، جۇڭگو خەلقىنىڭ
تۈپ مەنپەئەتى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتى ئەنە شۇنىڭدا. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىكى بولمىسا، سوتسىيالىزم يولىدىن ئايرىلغاندا، جۇڭگو قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ،
ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ
ئاساسى، ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش بىزنىڭ
باش فاڭجېنىمىز، باش سىياسىتىمىز، بۇ ئۆزگەرمەيدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قاتمال
كۆز قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت باش فاڭجېن، باش سىياسەتكە ئەركىنلەشتۈرۈش
قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر مەركەز،
ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولغانسېرى، دېموكراتىيە
ئىناقلىق تەرتىپى بارغانسېرى مۇقىم بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ تېخىمۇ
ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان توغرا رەھبەرلىكىنى يازغۇچى،
سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات
قانۇنىيىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق چۈشىنىش ئاساسىدىلا تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. ئەدەبى-
يات - سەنئەت بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى ئەمگەك. ئۇ، شەخسلەرنىڭ ئىجادچانلىق ماھا-
رىتى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تولىمۇ موھتاج. ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ رولىنى مۇۋاپىق مۆلچەرلەش ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ھەق - ناھەق
مەسىلىلىرىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە مۇئامىلە
قىلىش كېرەك. بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، چەت ئەلنىڭ-
كىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش فاڭجېنىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يازغۇچىلارنىڭ، ئوبزورچىلارنىڭ
ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئوبزورچىلىق ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بەدى-
ئىي شەكىل جەھەتتە، ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى

تەشەببۇس قىلىش؛ سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

پارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەتكە توغرا رەھبەرلىك قىلىشتا، ساغلام، جانلىق ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، ھەر خىل ئۇسلۇب ۋە شەكىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تونۇش ۋە پىكىرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقەررەر، بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ھەر خىل ئۇسلۇب، ھەر خىل شەكىلدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملاردىكى ئەسەرلەر ئارا مۇسابىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلارنىڭ ئەركىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. گېزىت - ژۇرناللار ئەدەبىي ئوبزورچىلىق جەھەتتە، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوبيېكتىپ، ئادىل پوزىتسىيە بىلەن تۈرلۈك پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى بايان قىلىشقا يول قويۇپ، ساغلام، دېموكراتىك بولغان، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، باراۋەر مۇھاكىمە قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بەزى پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردە بىرلىككە كېلەلمەي قېلىنسا، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇنى ئەمەلىيەت داۋامىدا قايتا ئويلىنىشقا، قايتا تونۇشقا بولىدۇ، ئۇزاق مەزگىل بىللە تۇرۇش داۋامىدا، ئۆز ئارا قوبۇل قىلىشقىمۇ بولىدۇ ياكى ئۇ تارىخنىڭ تاللىشىغا قالدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، تەنقىدكە ۋە قايتۇرما تەنقىدكە جەزمەن يول قويۇش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئىلمىي تەنقىد ۋە سەمىمىي، بايرىقى روشەن ئوبزور ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە، يازغۇچىلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە ياردەم بېرىشتە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بىلەن جامائەتچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ، سەنئەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى.

پارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەتكە توغرا رەھبەرلىك قىلىشتا، يەنە يېڭى خىزمەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا دۆلەت ئەھۋالى ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى دائىم تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ھەم قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماسلىقى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەدەبىيات - سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئومۇمىي جەھەتتىكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئاساس قىلىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى كونكرېت نۇقتىئىنەزەرلەرگە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىشكە ئازراق ئارىلىشىشى لازىم. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا،

بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە خەلق ئاممىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر نورمال دېموكراتىك مۇھاكىمە ئارقىلىق باھا بەرسۇن. خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەتتىن زوقلىنىش ئىقتىدارى ۋە ئېستېتىكىلىق ئىقتىدارىغا ئىشىنىش كېرەك. رەھبەر بولغۇچىلار كىتابخان ۋە تاماشىبىن سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئۆز پىكرىنى بەرسە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمە ۋە بۇيرۇق بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە سەنئەتتىكى زىددىيەت، تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەمۇرىي بۇيرۇق ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش، سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ قوللانماسلىق لازىم. بىز ئەركىن، دېموكراتىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىمالال مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ۋە سەنئەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. ساغلام ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت شارائىتىنى ۋە مۇۋاپىق جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىش، ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈم، زۆرۈر قانۇن - پەرمان ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق توغرا نەرسىلەرنى تەشەببۇس قىلىپ، ناتوغرا نەرسىلەرنى تۈزىتىپ، پاسسىپ، زىيانلىق نەرسىلەرنى چەكلەپ، بۇ ئارقىلىق ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدا يەتكۈزۈشىمىز لازىم. ئىشىنىمىزكى، پارتىيىنىڭ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكى تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىپ، يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

يولداشلار! جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت. ئۇلار قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇزاققىچە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەن، قىممەتلىك، مول، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋە مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە. يېقىنقى دەۋرلەردە، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكى ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن ئارقىدا قالغان، شىنخەي ئىنقىلابى، «4 - ماي» ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابى جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە غايەت زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىزم ئاساسىدىكى ئۇلۇغۋار مىللىي مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى بۇ گۈللىنىشكە يېڭى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئىنسانىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەدەنىيەت ئەزەلدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئۆزئارا سىڭىشىشى، ئۆزئارا زەربە بېرىشى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشى داۋامىدا راۋاجلانغان. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ھامان ۋارىسلىق قىلىنىدىغانلىرى، ئىجاد قىلىنىدىغانلىرى، قوبۇل قىلىنىدىغانلىرى ۋە تاشلىۋېتىلىدىغانلىرى بولىدۇ. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز؛ چەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئەيىنەك قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارلىق رەزىل، چىرىك نەرسىلەرنى رەت قىلىشىمىز ۋە چەكلىشىمىز كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تارىخىي جەرياندا، بىر تەرەپلىمىلىك، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ۋە خام خىيالدىن تىرىشىپ ساقلىنىشىمىز لازىم. بىز ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ھەم مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ھەم دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، مەۋقەنى ئۆز دۆلىتىمىزگە قويغان، ھەم دۇنياغا يۈزلەنگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش-

مىز، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە بېيىشىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يولداشلار! 20 - ئەسىر كۆپ ئۆزگىرىش بولغان ئەسىر. ئاجايىپ جاپالىق ئىنقىلابىي كۆرەشلەر ئارقىلىق، مۇستەقىللىقنى، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا مىسلىسىز كەڭ، مول، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا سەلتەنەتلىك تارىخىي كارتىنىسىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش 21 - ئەسىردە كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇر چاچىدۇ. ئۇنى تونۇش، چۈشىنىش، ئىپادىلەش، ئۇنىڭغا ماس ھالدا چاقناپ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىناسى قۇرۇپ چىقىش — دەۋرىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بىر ئەۋلاد ياش ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە شان - شەرىپى. پارتىيە ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ياش ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن ئومۇمىيلىقتا ئېتىبار بېرىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش ئىقتىدارىنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دەۋرگە، تۇرمۇشقا مۇناسىپ، خەلققە ئېھتىياجلىق ئەسەرلەرنى يارىتىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك جەمئىيەتلىرى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىشىش، سۆھبەتلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى، يېڭى قىياپەت ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىم.

ۋەكىللەر، يولداشلار!

بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. لېكىن، بىزنى ھېچقانداق قىيىنچىلىق توسۇۋالالمايدۇ. دۆلىتىمىز چوقۇم گۈللىنىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ، خەلقىمىز چوقۇم بېيىيدۇ، بەختلىك بولىدۇ. دەۋر ۋە خەلق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزمۇ چوقۇم يەنىمۇ راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ.

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ۋە باشقا ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىتتىپاقلىشىپ، جاپالىق ئەمگىكىمىز ۋە مول نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۈتۈۋالايلى!

قۇرۇلتاينىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 10 - نويابىر سانىدىن ئېلىندى.)



# ھالاكەت

(ھېكايە)

پەرھات تۇرسۇن

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم...

شۇلارنى ئويلىغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سىرلىق بىر قورقۇنچ بىلەن جۇغۇلداپ كېتىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق بىر ئادەمگە يامانلىق قىلىپ باققان ئەمەس ئىدىم. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرۈم ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن ئۆتتى. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ھەممە ئادەم مېنىڭ جىمغۇرلۇقىمغا ھەيران قالاتتى. ئويۇن-تاماشىلار ماڭا بەكمۇ ئەھمىيەتسىز تۇيۇلغاچقا، باشقىلاردەك ئولتۇرۇشلاردا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا چاچنى مايلاپ، كاستۇم-بۇرۇلكىلارنى قاتۇرۇپ كىيىپ، شاپاشلاپ يۈرمەيتتىم، باشقىلارنىڭ توپلىشىپ سېلىشۋاتقان پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمايتتىم. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىممۇ «ھەي، مېنى پوكۇنچىغا يامان دەپ بېرىپسەنغۇ!»، «پالانچىغا ھېلىقى گەپنى نېمىشقا دەپ يۈرسەن؟» دەپ مەندىن رەنجىمەيتتى. ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ سىرىنى ئېيتىپ باقمىغان، ھېچكىممۇ مەندىن تۇرمۇشتىكى بىرەر ئىشقا مەسلىھەت سوراپ باقمىغانىدى. گويا بۇ دۇنياغا ئېزىپ كېلىپ قالغاندەك ئارتۇقچە ۋە يېگانە ئىدىم. ئاتا-ئانام يىراق بىر يېزىدا بولۇپ، پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان خەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ھېچكىشى مېنى ئىزدىمەيتتى، مەنمۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. ھېچقانداق بىر ئاغىنەممۇ، ھېچقانداق بىر رەقىبىممۇ يوق ئىدى...ئاھ، مەن ئەنە شۇنداق بىر ئادەم ئىدىم. كىممۇ مېنى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. مەن ئاتىم

ئۆلتۈردۈم دېسەممۇ بەلكىم ئۇلار ئىشەنمەس، لېكىن مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم...

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار غىچىرلاۋاتىدۇ... ئاستا قەدەم تاشلاپ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. يەرنى چۈمكەپ تۇرغان بىپايان ئاپئاق قار كۆزنى چاقنىتىپ، ئاجايىپ گۈزەل جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ. كۆپكۆك ئاسمان گويا بوۋاقلارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدەك شۇنچە تىنىق، شۇنچە يېقىملىق، قۇياش ئوماق كۈلۈپ ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ گۈزەل ۋە جۇشقۇن مەنزىرىلەرگە قاراپ كىمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا قاتىللىق، ئۆلۈم، ۋەھشىيلىك دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كېلىدۇ؟! لېكىن بۇ يەردە راستىنلا قاتىللىق ۋە ئۆلۈم يۈز بەرگەنىدى.

مەن مەندەكلا خىيال قىلالايدىغان، مەندەكلا روھىي دۇنياغا، ھېسسىياتقا، غايىگە، مۇھەببەتكە ئىگە بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈم. ئۇ ئۆلدى. ئاھ! ئەزرائىل قانداق قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ھېلىقى تولىمۇ ئاجايىپ، كۈلۈش ئارقىلىق يىغىنى ئىپادىلەيدىغان بىچارە كۆزلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قارىمايدىغان قىلىۋېتەلىگەنمىدۇ؟

بەلكىم ئۆلۈش ئەڭ دەھشەتلىك ئازابتۇر، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ مەن تارتقانچىلىك ئازاب تارتمىدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئايالىمنى — مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنى، ئاشۇ مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم بولغان گۈزەل، نازۇك بەدىنىنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقىنىدا مېنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ، ھەسرەت بىلەن قان قۇسقۇدەك بولۇپ، جالاقلاپ تىترىگەن چاغدىكىدەك، يۈرىكىم ئەلەم ئوتىدا پارىسلاپ كۆيۈپ، «ئاھ» دەپ ئىڭرىغان چېغىمدىكىدەك ئازاب تارتمىغاندۇ! ھېچقانداق ئادەم مەن ئۇ چاغدا ئازابلانغانچىلىك ئازابلانمايدۇ! دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ كۈلپەتلىك، ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئازاب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!!!

مەن شۇ چاغدا خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. يېنىمدا پىچاق بار ئىدى. ھەتتا بىرنەچچە قەدەم چامدىسىلا دالان ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان گۆش پارچىلايدىغان پالتا قولۇمغا چىقاتتى. شۇ چاغدا مەن نېمىشقا ئۇ ئەبلەخنى چاناپ-چاناپ قىيما قىلىۋەتمىدىم؟! تىۋۋا، ئۇ، دۇنيادىكى بىردىنبىر ماڭا تەۋە بولغان ھاياتنى، مېنىڭ بىردىنبىر روھىي يۆلەنچۈكۈمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىۋاتسا مەن نېمىشقا يەنە شۇنداق قىلالىۋېتەلمىدىم؟! ھەيرانمەن، ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناھىم ئۈچۈن قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن سوتلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتىن قورقتۇممۇ؟ يەنىلا ھاياتنى قىيمىدىممۇ؟! ئاھ! مۇشۇ كىرزىسلىك ھاياتنىڭ نېمىسىنى بۇنچە قىيمايدىغاندىمەن؟!...

شۇنچە دەھشەتلىك ئازابلارغا قانداق چىدىغانلىقىمغا، نېمىشقا ئاشۇ ھالنى كۆرۈپ، ئاھ، دەپ چىرقىراپلا جان بەرمىگىنىمگە ھەيرانمەن. ئاھ، مۇدھىش تەقدىر، ئاشۇ كۈنى نېمىشقا ماڭا ئاشۇ ھالنى كۆرسەتتىڭ؟!

مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاستا ئېسىمنى يىغىپ، كەينىمگە ياندىم، لەۋلىرىم قاتتىق چىشلەنگەندىن

www.uyghurkitap.com

قاناپ كېتىپتۇ. مەن دەلدەڭشىگىنىمچە قانداق بېرىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەستىن ئۇدۇل بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ، ئۆلگۈدەك هاراق ئىچتىم. بۇ ھەرگىزمۇ بېرىپ ئايالىمنى ئايىماي ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ھەرقانچە مەست بولۇپ قالساممۇ، ئۇنىڭغا قول تەڭكۈزۈش ئەمەس، بىر ئېغىز تىللىشىم، نارازىلىق بىلەن ھۆمىيىپ قويۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنچە زور جاسارەت مەندە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرى ئالدىدا يىرتقۇچ هايۋانمۇ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك سەبىي ۋە پاك ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلەر تولىمۇ سىرلىق ئىدى. هاراق ئىچىشىم پەقەت مەستلىك ئارقىلىقلا مۇشۇ مۇدھىش رېئاللىقنىڭ يۈرىكىمگە سانجىلىپ تۇرغان ۋەھشىي تىرناقلىرىنىڭ چەكسىز ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ياكى بولمىسا ئاشۇ قىش كۈنى سىرتتا توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن بەختكە قارشى مېنى كوچىدا ياتقان يېرىمدىن باشقىلار ئۆيگە ئەپكېلىپ قويۇپتۇ، ئۇلار ماڭا بۇنداق مېھرىبانلىقنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلسۇن!...

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئايالىم كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى تولىمۇ زەئىپ ئىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە جىمجىتقىنا ئولتۇرغاچقا مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى سەزمىدى. جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل ئېچىلغان بولۇپ مارجاندەك تەكشى، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ هالىتىگە قاراپ بىر كۈن بۇرۇنلا ئېرى بار تۇرۇپ باشقا بىر ئەر بىلەن سۆيۈشكەن بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟! ئاھ، ئەنە ئاشۇ قىپقىزىل لەۋلەرنى، مەڭگۈ ماڭا تەۋە بولغان، ماڭا هاياتتا بىردىنبىر لەززەت ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ لەۋلەرنى تۈنۈگۈنلا باشقا بىرەيلەن شورىغانىدى، ئۇ ئاشۇ لەۋلەرنى شورىدىم دەپ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قېنىنى شورىغانىدى. ئاچ قالغان چىل بۆرە پاقلانغا ئۆزىنى ئاتقانغا ئوخشاش، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيىدى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنى قىلدى، كىم بىلىدۇ؟...

ئايالىم بىلەن توي قىلغىنىمغا ئالتە ئايدىن ئاشقانىدى. مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ ماڭا مېنىڭ كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان بەختىمنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ئاتا قىلمىدى. ئۆلۈكنى ئىرىلدۇرگۈدەك شېرىن تەبەسسۇم، ئوتلۇق تىكىلىشلەر، كىشىنى مەست قىلىدىغان ناز-كەرەشمىلەر... بىراق ئۇنىڭدا ھېچبىر هارارەت يوق ئىدى. ئۇ ماڭا گويا ۋېنىاسنىڭ① ھەيكەللىرىدەك سوغۇق ۋە سىرلىق بىر خىل گۈزەللىكتىن باشقا ھېچنەرسە تەقدىم قىلمىغانىكەن. بۇ گۈزەللىك تولىمۇ جىمجىت ۋە جانسىز بولۇپ، ھېلىلا مېنىڭ روھىمدىن ئاجراپ مەڭگۈلۈك يۈتۈپ كېتىدىغاندەك ۋەھىملىك ئىدى. بۇ مەن ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغان بەختنىڭ مىڭدىن بىرىمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق مەن شۈكرى قىلدىم. ھەر قېتىم ئۇنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن شۇنچە ئەركىلىتىپ سۆيسەممۇ، ئۇ ئاستىلا لەۋلىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى... شۇن-

① ۋېنىاس — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى.

داق بولسىمۇ شۇنچە كەڭرى ئالەمدە، شۇنچە سانسىز ئادەملەر ئىچىدە پەقەت بىرلا ئۇ ماڭا خۇشاللىق، بەخت ۋە ھايات لەززىتى ئاتا قىلالايتتى.

ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان سانسىزلىغان يىگىتلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سەزگەندىم، لېكىن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم؛ چۈنكى ئۇ ئەمدى مېنىڭ ئىدى. توي قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەندە ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭتاڭ قالغانىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى، ئالىي مەكتەپتىكى ۋە ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدىكى مەن كۆرگەن ھەممە قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھەر بىر كۈنۈم ھەسرەت بىلەن، كېچىلىرىم ئاچچىق خىياللار بىلەن كىرپىك قاقماي تولغىنىپ چىقىش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. تۇۋا، نېمىشقا بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىمەن؟ ئويلاپ ھەيران قالاتتىم. ئۇ مەن ئىشلەۋاتقان مۇشۇ ئىنستىتۇتقا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەنىدى، بىز بىر فاكۇلتېتتا ئىشلەيتتۇق. تۈنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئاچقان يىغىن مەيدانىدا ئۇچراشقانىدىم.

شۇ كۈنى چوڭ ئىشخانىدا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار جەم بولغانىدى. شىرەلەر بىر-بىرىگە قارىتىلىپ ئىككى رەت قويۇلغانىدى. مېنىڭ يىغىن بىلەن ئانچە ئىپپىم كېلىشمىگەچكە خۇش ياقمىغان ھالدا ئۇدۇل كەلگەنلا بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇم. قارىسام، ماڭا ئۇدۇل ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئايالالار ئىكەن. شۇڭا ئالدىمغا تۈز قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشكە پېتىنالماي يەرگە قاراپ، بېشىمنى سېلىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن ئايالالارنىڭ پايپاق تارتىلغان پاقالچاقلىرىغا بىر-بىرلەپ، ئاستا نەزەر سېلىپ چىقتىم. بىرسىنىڭ پاقالچاقلىرى سېمىز، بىرسىنىڭ ئورۇق، بىرسىنىڭ تومپاي، بىرسىنىڭ مايماقسىراق... ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئايالالارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پاقالچاقلىرىغا بىرەر شەھۋانىي نەزەر بىلەن قارىمىدىم، گويا بىرەر بەدىئىي رەسىمنى كۆرگەندەك، كۆز ئالدىمدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەقسەتسىزلا تاماشا قىلغۇم كېلىپ قالغانىدى. نەزىرىم بىر پاقالچاققا كېلىپ توختىدى، تولغان بۇ پاقالچاقلاردا ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ بىر گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلگەن بۇ پۇتلار گويا ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ گۈلدەك بىر قاراشتىلا باشقا پاقالچاقلاردىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تار يوپكىلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، پايپاقلىرى يېپىۋالمىغان، مەرمەردەك سۈپسۈزۈك، تەرىپلەپ بولغۇسىز گۈزەل يوتىلىرىغا چۈشتى.

يېشىم 24 لەرگە بېرىپ قالغانىدى. گەرچە ئايالالار توغرىسىدا بەزى شەھۋانىي ئىنتىلىشلەردە بولۇپ باققان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەملىك ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى. مۇھەببەت باغلايمەن دەپ ئالاھىدە بىرەر قىزنىڭ كەينىگە كىرىپ باققان ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالالارنىڭ بەدىنىنىڭ بۇنداق گۈزەل ۋە ئاجايىپ ئى-

www.uyghurkitap.com

كەلگىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق يوتىلىرى قارىغان ئادەمنىڭ جىسمىنى بىسەپ بولغۇسىز ئەسەبىي بىر ئىستەك بىلەن ئاجايىپ شېرىن غىدىقلايتتى. گويا ئاشۇ ئىنچىكە كۆك تومۇرلارنىڭ بىر ئۇچى نېمىشقىدۇر يۈرىكىمگە چېتىلىپ، ئۇنىڭ قانلىرىنى شوراپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئازابلىق ھېسسىياتقا چۆمدۇم. ئۇ گويا مېنىڭ نەزىرىمدە سالغىنىمنى كۆرۈپ قالغاندەك ئالمىۋالغان پۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ، يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى قولى بىلەن تارتىپ يوتىسىنى يېپىۋالدى. يۈزلىرىمگە ئىسسىق قان ئۇرغۇدى. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم.

يوملاقراق كەلگەن سۈپسۈزۈك يۈزلەر، قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان لەۋلەر، چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلەرگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر، كەڭ قاپاقلار ئۈستىدىكى ئىنچىكە قەلەم قاشلار، يەلكىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن قوڭدۇزدەك قاپقارا بۇدۇر چاچلار... ئاھ، خۇدا! بۇلار نېمىدېگەن گۈزەل! مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۆزۈممۇ بىلمەستىن ئۇنىڭغا سەۋدايىلەرچە تىكىلىپ قاپتىمەن. ۋۇجۇدۇمغا ئەزەلدىن قان بىلەن تەڭ سىڭىپ كەتكەن تارتىنچاقلىق قەيەرگە كەتتىكىنە؟! مىسلىسىز جەلىپ قىلىش كۈچى ئالدىدا ۋۇجۇدۇم سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. بۇ مېنىڭ بەدەنىنىڭ روھىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشىدىن قۇتۇلۇشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاستاغىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويدى، مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ نېمىشقا تەبەسسۇم قىلغانلىقىنىمۇ سېزىۋالالمايتىمەن. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى بولسا يورۇقلۇققا تەشنا بولۇپ تۇرغان زۇلمەتلىك كامېرغا ئالقانچىلىك تۆشۈكتىن بۆسۈپ كىرگەن گۈزەل قۇياش نۇرىدەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يىراق - يىراقلاردىن ھەسرەت بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدىغان بولدۇم. ئۇ دائىم چىرايلىق موددا كىيىملەر كىيىپ توزدەك ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا يۈرىكىم ئىختىيارسىز قاتتىق دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدۇم ھودۇقۇش ئىچىدە لەرزىگە كېلىپ كېتەتتى. گەرچە يىغىن بىلەن خۇشۇم يوق بولسىمۇ، لېكىن فاكۇلتېت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ئاچىدىغان كۈنىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. يىغىن ئاچىدىغان كۈنى دائىم ئىشخانىغا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋالاتتىم. يىغىندا نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىۋاتقانلىقى ئەسلا خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. پەقەت ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن يىغىن ۋاقتىنىڭ قانداق تېز توشۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالاتتىم. ئىككى يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىرەر ئېغىز بولسىمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا نېمىشىدۇر ھېچقانداق بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىلمايتتى. شۇڭا ھاياتىم مەن ئۈچۈن ئاجايىپ ئەھمىيەتسىز ئىدى. ئۆزۈمنىڭ گومۇشلۇقۇمنى، تارتىنچاقلىقىمنى راسا قاغايتتىم.

كېيىنچە، ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن ئارى-

لىشىپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدىم. ئەركىن تولىمۇ شوخ يىگىت ئىدى. گىتار، تەمبۇر، ناخشا، ئۇسسۇل دېگەننىڭ ھەممىسى قولىدىن كېلەتتى. ئەركىن مەن بىلەن بىر كافېدرادا ئىشلەيتتى. ھەممە قىزلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا، چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ دائىم چاقچاق بىلەن مېنىڭ گومۇشلۇقۇمنى مەسخىرە قىلىپ چىشىمغا تېگەتتى!

— ھەي گومۇش! بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ تۇرە ئورنۇڭدىن، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ! شىرەدىن باش كۆتۈرمەي كەچكىچە بىر نەرسە يازىسەن، قانداق چىدايسەن؟ يا بىرەر قىزغا چاقچاق قىلىشنى بىلمەيسەن، بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇ ـ يا؟

ئادەملەر ئىچىدە پاراڭلاشتىم دېسەم ئەڭ كۆپ پاراڭلىشىدىغان ئادىمىم پەقەت ئەركىن ئىدى. چۈنكى مەن تونۇيدىغان كىشىلەر ئىچىدە پەقەت ئۇلا دائىم مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇم ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ مېنى سۆز قىلىشقا ئۈندەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن نېمە كارىڭ، قانداق بولسام ئۆز ئىختىيارىم» دېگەن سۆزدىن باشقىنى دېمەيتتىم.

دىلبەر مېنىڭ نەزەرىمدە گويا كۆكتىكى ئاي، مەن بولسام يەردىكى قانىتى بوغۇچلانغان ئاجىز بىر قۇشقا ئوخشايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز گۈزەللىكى بىلەن كۆكتە جەۋلان قىلاتتى. مەن بولسام يۇرىكىمگە سىڭىپ كەتكەن تارتىنىش زەنجىرلىرىدە قانىتىم بوغۇچلانغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئىقرار قىلىشقىمۇ مەندە جاسارەت يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئەركىن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. نېمىشقىدۇر خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ چىرىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان باھار ئاپتىپىدەك شاد كۈلكىلەر، شوخلۇقلاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. غازاڭدەك سارغايغان چىرايى ئەسلىدىكىدىن خېلى دەرىجىدە جۈدەپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى. ساقاللىرى خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، كىيىملىرىمۇ رەتسىز، كىر ئىدى. كىيىنىشكە ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭ چاقچاقلىرىمۇ جىمىپ كەتتى، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ياتىقىدىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك دەردلىك ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

تەشنالىق، مەنىسىزلىك بىلەن ئۆتكەن يىللاردىن يۈزنى باشتىن ئۆتكۈزگۈچە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە بەخت بىلەن تولغان بىر كۈننى ياشاش مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ! شۇڭا بەزىدە ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزۈممۇ سەزمەستىن بىردەم تۇرۇپ قالاتتىم. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا سەل ھەيران بولاتتىم. ئۇمۇ ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلامدىكىنا؟ دۇنيادا قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئىگە بولغان ئادەمنى، قانداقمۇ بەختسىز دېگىلى بولسۇن! ئەگەر بىرەر قىز مېنى ئەركىننى ياخشى كۆرگەنىدەك ياخشى كۆرگەن بولسا، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمىسامـمۇ ئۆزۈمنى يەنىلا بەختلىك ھېسابلايتتىم. بەلكىم ئۇ پۈتۈنلەي بەختنىڭ ئىچىگە چۆمۈلۈپ يۈرگەچكە بەخت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدۇ. ئادەت بولۇپ كەتكەن ئىشلارنىڭ مەزىسى بولماي-

دۇ. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئادەم راستىنىلا ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ، بەخت ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ...

— ھە، كېلە، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، نەزەرىم ئۇنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىگە چۈشتى - دە، ئەجەبلەندىم.

ئۇ ماڭا قاراپ ئاستاغىنا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا تولىمۇ مىسكىن، ھەسرەتلىك تۇيۇلدى. ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدىن ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن پەرق قىلالايتتىم.

ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاسىتىسى بەلكىم پەقەت يىغىلا بولمىسا كېرەك. ئەگەر ھەسرەتنى يىغا بىلەن ئىپادىلەپ بولالمىسا، كۈلكە ئارقىلىق — مانا ھازىرقى ئۇنىڭ مۇشۇ كۈلكىسىدەك ئاجايىپ ئېچىنىشلىق كۈلكە ئارقىلىقلا ئەڭ يارقىن ئىپادىلەش مۇمكىن.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابلىق كۈلكىسىنى، دەردلىك كۆزلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ كۈلۈۋاتاتتى... دۇنيادا ئازاب بىلەن كۈلكىدىن ئىبارەت مەڭگۈ قارىمۇ قارشى بولغان بۇنداق ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ گويا چەك - چېگرىسى يوقتەك، بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ چىرايىدا بىردەك ئىپادىلىنىپ چىقىشىنى كۆرۈش تولىمۇ تەس بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مەڭگۈزلىرىدە زىناق پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئۆچمەس، تەبىئىي زىناق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ھەممە يېرى كۈلۈۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق بىر ھەسرەت، گەرچە ئۇ كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، خۇددي ئېتەك بىلەن

قۇياشنى توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك شۇنچە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىردىنىلا شۇنداق دېدى:

— ھەي گۇمۇش!... قاچانغىچە بويتاقلىقنىڭ ئازابىنى تارتىسەن؟ سېنىڭ تويۇڭنى ئوينايمىز دەپ كۆزىمىز تۆت. تويۇڭنى گىتار ۋە ناخشا بىلەن ئۆزۈملا قىزىتىۋېتەتتىم، لېكىن سەن بىرەر قىزغىمۇ ئېغىز ئاچمايسەن.

نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. گاھىدا ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا ئۆرتەنگەن ئادەمدەك، بوغدىيىكى مىدىرلاپ، سۆزى يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قالغىلى تاس قالاتتى، لەۋلىرى سۈس تىترەيتتى.

ئۇنىڭ سۆزى ئۈچۈن، بەلكىم سەل خاپا بولۇشۇم ياكى خىجىل بولۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق مەن ئۇنداق قىلماستىن بەلكى ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ نېمە قىلىشىمنى، ئۇنىڭغا قانداق روھىي ھالەتتە مۇئامىلە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. گويا ئۇ مەن بىلمەيدىغان باشقا بىر تىلدا سۆزلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىلچە ئاڭقىرالمىدىم.

— [illegible]ەپ قىل دەيمەن، — ئۇ يەنە تىترەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ سۈس تىترەۋاتاتتى، — دىلبەر... بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟

مەن داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن گۈپۈلدەيتتى. گويا پۈتۈن جىسمىمدىكى قان ئويۇپ قالغاندەك ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. دىلبەرگە يوشۇرۇن كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈ-

شۇم مەن گۈچلۈك پەقەت مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قېلىشقىلا مۇناسىپ ئىدى. مەن دائىم ئەركىن بىلەن ئۇنى بىللە كىنوخانىغا ياكى باغچىلارغا كېتىپ بارغان هالدا كۆرەتتىم، بۇ چاغلاردا يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى تولىمۇ قەدىرسىز ۋە بىچارە هېس قىلاتتىم، شۇڭا بۇنى ئەركىننىڭ ئالدىدا ئېغىزغا ئېلىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. گويا بۇنى ئاڭلىسا دۇنيادىكى هەممە ئادەم «ۋاي گومۇشەي، هالىڭغا باقساڭچۇ!» دەپ مېنى بىر ئۆمۈر مەسخىرە قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا بۇ مەخپىيەتلىكنى گويا پاك ۋە سادىق قىز ئۆز ئىپپىتىنى جان تىكىپ قوغدىغاندەك قوغداپ كەلگەنىدىم.

— هەي، گەپ قىل، — ئۇ دولامدىن سىلكىشلىدى، — دىلبەرگە كۆڭلۈڭ بارمۇ - يوق؟! ئەگەر بولسا... دەر... هال... تويغا... تەييارلىق قىل...

بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس ئىدى، بۇنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مېنى توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى، ئەمما لەۋلىرى بەزگەككىنىڭكىدەك ئەسەبىيلەرچە تىترەپ، هېچبىر ئاۋۇش چىقماي قالدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

— ئەر... كىن!

ۋارقىرىغان ئاۋازىم تاماكىلارنىڭ ئىسى بىلەن تولغان ياتاق هاۋاسىنىڭ بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى. يۈرىكىم چەكسىز هاياجان ئىچىدە تىپىرلايتتى. هەي ئىست! دۆتلۈكىمنى، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىرىۋەتتىمەن، نېمىشقا دىلبەر، قوشۇلسىلا جان دەپ ماقۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتمايمەن! ئىست، نېمىشقا ساراڭلاردەك ئولتۇرۇپ قالدىم؟ هېچ بولمىغاندا، نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن دەپمۇ سوراپ قويمىغىنىمنى!

ئۇ نېمىشقا شۇنداق دېدىكىنە؟ «تويغا تەييارلىق قىل» — مەن بۇنىڭ چۈشۈمدە ئەمەس ئويغۇمدا ئاڭلىغان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاشۇ ئاۋاز سىڭىپ كەتكەن تاملارغا يېپىلىنغاندەك تىكىلەتتىم.

ئاشۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. يۈرىكىم كۆيۈۋاتاتتى، لېكىن ئاغرىمايتتى. ئەتىيازنىڭ قىزىق ئاپتىپىدا ياتقان ئادەمدەك قاتتىق راهەتلىنىپ، بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. دىلبەرنىڭ كۆز ئالدىمدىكى كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل غايىۋانە سىيماسىنى قۇچاقلايتتىم. ئىسسىپ كېتىپ يوتقاننى ئېچىۋەتتىم، ئاخىرى ئورنىمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىمۇ ئېچىۋەتتىم. دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرگەن سوغۇق شامالمۇ يۈرىكىمگە تەگمىدى. ئەتىسى قاتتىق زۇكامداپ قاپتىمەن.

ئەتىسى بىر سىنىپتا دەرسىم بار ئىدى. ماتېرىياللىرىمنى قولتۇقىمغا قىسىپ ئاستا كېتىۋاتاتتىم. كۆزلىرىم دىلبەرنىڭ سىيماسىنى ئىزدەشتىن باشقا هەممە رولىدىن مەهرۇم بولغانىدى. دىلبەرنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتكىنىدىن هودۇقۇپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئىزنىڭ بىلەن ئۆچرىشىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايدى-

www.uyghurkitap.com

ئاغرىقلىنىشنى سېزىمەي يالغا بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق قايرىلغۇدەك يول يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشقىلى تۇردى. پۇتلىرىم تىترەپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قىلىۋاتاتتىم. ئارىلىقىمىز ئون مېترچە قالغاندا ئۇ دەرھال توختاپ، بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلدى-دە، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. گويا ئۇ مەندىن قاچقاندەك تۇيۇلدى-دە، پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى.

«ئۇھ!» دەپ ئېغىر بىر تىنىدىم. يېنىمدىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا بۇ ئاۋازىمنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى.

كەچتە ئەركىن يەنە ياتىقىمغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆتكەنكى كۈندىكىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ سىرلىق ئىدى. ئۇ ماڭا: «تېخىچە بىرەر ئىش قىلمىدىڭمۇ؟ دەرھال دىلبەرگە ئېغىز ئاچ» دەپ جېكىلىدى.

گويا ياتلا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك خىياللار ئىچىدە تەمتىرەپ يۈردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ بىرەرمىنۇتمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان تۇرسام قانداقمۇ «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن ئاشۇ يۈرەك سۆزىنى ئۇنىڭغا ئېيتالايمەن؟... مەن شۇندىلا بۇ سۆزنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس ۋە قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل سۆزلىرى ئىچىدە ئاشۇ سۆزلا كىشى ھاياتىنى كۆلدۈرەلەيدىغان ۋە خاراب قىلىۋېتەلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم. ئاھ، ئەجەب شېرىن، ئەجەب رەھىمسىز جۈملە-ھە؟!

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتكۈل ھاياتىم ئاشۇ سۆزگىلا باغلىنىپ قالدى. بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدە تىپىرلاپ مېنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە قىينايتتى ۋە ئاجايىپ شېرىن غىدىقلايتتى. ھاياتىم ئاشۇ سۆز دائىرىسىدىنلا چىقىپ كېتەلمەيتتى. يول ماڭغاندىمۇ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئاستا پىچىرلايتتىم:

«ئاھ! دىلبەر، مەن سىزنى سۆيىمەن!»

تىپىرلاپ بىر يەردە تۇرالماي قىلىۋاتاتتىم، كۆزلىرىم كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىلا ئاختۇراتتى. ئۇ بىردىنلا مېنىڭ ھاياتىم، بەختىم، غايەم، ئىستىقبالىمغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ سىيماسى پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت مېنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنيايىمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە گويا دەردلىك ھەم گۈزەل بىر كۈيدەك جاراڭلايتتى. بۇ ھال مېنى قاتتىق چۈچۈتۈۋەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قالسام... ياق!... بۇنى ئويلاشمۇ قورقۇنچلۇق... ئاھ، ئۇ مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى ئىگىلەپ بولدى. بۇرۇن مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت قان ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بىر پارچە گۆش بولغىنىمىدىكىن-تاڭ، گويا ھاياتىم، ھېسسىياتىم، روھىي پائالىيىتىم ئەمدى باشلىنىۋاتقاندەك، گويا ئۇنىڭ مۇھەببىتىلا ماڭا ھەقىقىي ھايات ئاتا قىلغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم.

دىلبەرگە خەت يازماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا خەت يازغاندا گېپىمنى، تولـ

تويى، زىۋگ قاتارلىق دۇنيادىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ مەن ئوقۇغان پوۋېست، رومان، ھېكايىلىرىدىكى يۈرىكىمگە نەقىش بولۇپ كەتكەن، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئاجايىپ گۈزەل لىرىك جۈملىلىرىنى، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەقلىيە سۆزلىرىنى دوراپ يېزىشقا باشلىدىم. بىرەر ئادەمنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ يازدىم. يازغانلىرىم ئۆزۈمگە پەقەتلا يارىماياۋاتاتتى، يازغانلىرىم ئۇنىڭغا گويا جانسىز قەغەز ئۈستىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك قالايمىقان ئەگرى سىزىقلار، بىر يۈرەكنىڭ چىن مۇھەببەتنىڭ ـــ مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ ساداسى ئەمەس، بەلكى قول بىلەن يېزىلغان بىر پارچە ئاددىي خەت بولۇپ تۇيۇلماسمۇ؟! ئۇ بۇنىڭغا قاراپ مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشىنەرمۇ؟!

شىرەنىڭ ئاستى پۇرلەپ تاشلانغان قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئاھ، قەلب دېگەن ئەسلىدە ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىكەن ـ دە!

ئاخىرى مىنىڭ تەستە بىر پارچە خەتنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم. يەنە ئۆزۈمگە يارىماي يىرتىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن قايتا ئوقۇپ باقمىدىم. بولدىلا. قانداق بولسا بولسۇن! مەن خەتنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم.

بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. گويا بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك قاتتىق تىت ـ تىت بولۇپ يۈردۈم. بىراق خەتنى ئۇنىڭغا بېرىشكە زادى جۈرئەت قىلالمىدىم، خەت يانچۇقۇمدا بىر پارچە چوغدەك يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ساقلىنىۋەردى. ئەركىنگە ئەھۋالىمنى ئېيتماقچى بولدۇم، لېكىن ياتىقىنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە رەت بېرىپمۇ كىرىشكە پېتىنالماي قايتىپ كەلدىم. ئاخىرقى بىر قېتىم بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغان بېرىپ تۇرۇشۇمغىلا ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ قالدى.

ـــ ھە، كىرە. سەنمۇ بىرەر ئادەمنى ياتىقىغا ئىزدەپ كېلىدىكەنسەن ـ ھە! ياتاقتا كىرە.

ـــ ياق، بولدى... مەن... مەن دىل... دىلبەر... ـــ ھودۇققىنىمدىن كېكەچلەپ، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم. قوللىرىم بىرنەچچە رەت يانچۇقۇمغا سوزۇلۇپ، قۇرۇق قايتتى.

ئۇنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جۇدەپ ـ سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىدا بىر خىل ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. ئارقىدىنلا بۇ ئىپادە ھېلىقى ئېچىنىشلىق، غەلىتە كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى. ئاندىن ئۇ ئاچچىق ئارىلاش، قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر خىل تەلەپپۇزدا:

ـــ ھەي!... قارىغىنا سېنى، ئىسىت، ئوغۇل بالا بولۇپ قالغىنىڭنى. بىرەر قىزغا گەپ قىلالاش سېنى يەۋەتەمتى؟ نېمانچە يۈرەكسىزلىك قىلىسەن؟ ئېغىز ئاچالمىساڭ خەت يېزىپ ماڭا بەر، تاپشۇرۇپ بېرەي! ـــ دېدى.

بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى مىدىرلاتتىم، بىراق ئاۋازىم چىقماي قالدى. خەتنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن گويا قىپقىزىل قان تېمىپ تۇرغان، توختىماي سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمنى كۆكرىكىمدىن ئېلىپ سۇنغاندەك، ئۇنىڭـ

**ﻫﺎ بەردىم - دە، شارتتىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەتتىم.**

ئەتىسى دىلبەرنى قورقۇنچ، ئىنتىزارلىق بىلەن ئىزدىدىم، سەھەردە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام، ئۇ ئىشخانىسىدا كۆرۈنمىدى. ئەركىنمۇ شۇ كۈنى خىزمەتكە كەلمىدى. ئاڭلىسام، كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ.

كەچتە ئەركىننى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغا باردىم، بالنىتسىغا كىرىشىمگىلا كېسەل كارۋىتىدا ياتقان ئەركىننىڭ يېنىدىكى دىلبەرگە كۆزۈم چۈشتى. كۆچلۈك رەشىك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا قالدىم. ئەركىنگە ئاسما ئوكۇل قويۇلغان بولۇپ، دىلبەر بىر قاچىدىكى تاماقنى قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈۋاتاتتى. جىددىيلىشىپ كەتكىنىمدىن ئەركىندىن ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مۇزدەك بىر دولقۇن مېڭەمنى توڭلىتىۋەتكەندەك ھېس قىلدىم. دىلبەر گويا ئۇۋچىنى كۆرگەن كىيىك بالىسىدەك يوغان كۆزلىرى بىلەن ئالاقزادە ۋە بىچارە ھالدا چۆچۈپ ماڭا لاپپىدە قارىدى، سالام ئورنىدا سۇس كۈلۈمسىرىدى - دە، قولىدىكى قاچىنى دېرىزىدىگە قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ ئەركىندىن ئەھۋال سورىدىم. ھەر قانچە چاندۇرماي دېسەممۇ ئاۋازىم يەنىلا ئاجايىپ قوپال ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا چىقتى.

— ھېچ ئىش يوق. كېسەل بولۇپ قالدىممىكىن دەپ گۇمان قىلىپ كەلسەم، ياتاققا ئالدى. تېخى دىئاگنوز قويۇلۇپ بولمىدى. دوختۇرلار كېسەللىكىمىز ئانچە ئېغىر ئەمەس، دەيدۇ، — دېدى ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئېچىنىشلىق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ سارغايغان چىرايى ئوق تەگكەن ئادەمنىڭكىدەك ئازابلىق قورۇلۇپ كەتتى.

باياتىنقى ئەھۋالنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم «ئەركىن بىلەن دىلبەرنىڭ ئارىسىدا خىزمەتداشلىقتىن باشقا مۇناسىۋەت يوق» دەپ ئىشىنىشكە قىستايتتىم. بىراق گۇمان رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرىكىمگە ھۇجۇم قىلىۋېرىپ، ئەركىننىڭ قەلبىمدىكى ئەسلى ئوبرازىنى بىتچىت قىلىۋېتىۋاتاتتى.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. دىلبەر خېتىمگە جاۋاب بەرمىدى. ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى قەلبىمدىكى ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمنى غالجىرلىق بىلەن تاتىلاپ ھەر بىر كۈنۈم زەھەر يېگەن ئادەمنىڭكىدەك ئازابلىق ئۆتتى. ئاخىرى خېتىمنى ئەركىننىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

ئىنتىزارلىق ئىچىدە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كېتىۋېتىپ دىلبەرنى كۆرۈپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى. ھودۇققىنىمدىن قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھودۇقۇش، ئەندىكىش ۋە تارتىنىش ئىلكىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمنى شىددەتلىك بىر ئوت كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سوغۇق ۋە مىسكىن قاراشلىرىلا مېنىڭ مۇھەببىتىمگە بېرىلىپ بولغان جاۋابتەك بارلىق سەزگۈ-تۇيغۇلىرىمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۆمرۈمدە ئايالارنىڭ ئالدىدا شۇ كۈنكىدەك قاتتىق

ھاياجانلىنىپ باققىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا نىسبەتەن ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئىدى. دىلبەرنى تۇنجى كۆرۈشتىن بۇرۇن بىر كۈنى مەن بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر قىز (ئۇنى ئانچە چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمايتتى، بىراق ئۆزىنىڭ ئەركە ۋە ياسانچۇقلۇقى بىلەن خېلى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى) ئىشخانىدا يالغۇز ئىككىمىزلا قالغاندا ئاستا ئالدىمغا كېلىپ؛

— ئەخمەت! خىزمىتىم يۆتكىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ. سىلەردىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم، — دېدى.

ئالدىراش دەرس تەييارلاۋاتاتتىم، شۇڭا بېشىمنى كۆتۈرمەي سوغۇققىنا:

— چۆرگىلەپ يەنە كەپ قالارسىز، — دېدىم.

— ھا... ھا... ھا... قاراڭا گېپىڭىزنى، سىزمۇ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈشكە خېلى ئۇستا ئىكەنسىز - ھە. سىزگە مۇنۇ ئىزناكنى يادىكار قىلاي، قوبۇل قىلامسىز؟

ئۇ بىكار بولسىلا ماڭا چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇناتتى. جىمغۇرلۇقىمنى مەسخىرە قىلىپ ماڭا ھەر خىل لەقەملەرنى قويۇۋالغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ئاپىقىمنى ئاچمايتتىم.

شىرەدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئۇ قولى بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان كۆكسى ئۈستىگە تاقىۋالغان توز سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر ئىزناكنى كۆرسەتتى. كۆزلىرى بىر قىسىملا چاقناپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە نېمە سوۋغا قىلارمەن؟ — ئىشىمنى توختاتماستىنلا سوراپ قويدۇم.

— بىرەر خاتىرە بۇيۇم سوۋغا قىلمىسىڭىزمۇ ئەسلەپ تۇرىمەن. پەقەت سىزنىڭ مېنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن بۇنى سوۋغا قىلاي دەۋاتىمەن.

ئىشىم بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئاغىز ۋاتىلداپ كاللامنى ئېلىشتۇرۇپ، مېنى ئاۋارە قىلىشىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆكسىدىكى ئىزناكقا قول سوزدۇم، دەل شۇ چاغدا ئەركىن كىرىپ قالدى - دە، ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا قولۇمنىڭ قىزنىڭ كۆكسىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، پېشانەمدىن ئىسسىق تەر چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى قىزنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىپ، ئىشخانىدا پەقەت ئۈي - ئوچاقلىق بولغان يېشى چوڭ ئاياللارلا قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن مەندە ھېچقاچان باشقىچە سېزىم بولۇپ باقمىغانىدى. ھودۇقۇپ تەمتىرەشلىرىم پەقەت دىلبەرنى كۆرگەندىن كېيىنلا يېڭىباشتىن پەيدا بولدى.

دىلبەر مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. چۆچۈپ باشقا ياققا قارىۋالدىم - دە، كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— ئەخ... مەت!...

گويا ھەسرەتلىك يىغا بىلەن ئارىلىشىپ چىققاندەك تىترەك ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ماڭا ئاجايىپ غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، ئورنۇمدا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئەمما

قىمىنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۇنىڭ ھايات- ماماتلىقىمنى بەلگىلەيدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالدىم. گويا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قېلىپ، بەدىنىمدىكى بارلىق قانلار ئويۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— مەڭ ... — ئۇ قولۇمغا بىر پارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ بارا - بارا يىراقلاشتى. قوللىرىم گويا ھېلىلا پارتلاپ مېنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بومبىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك تىترەيتتى. شۇنچە زور، شۇنچە چەكسىز بولغان مۇھەببىتىمگە بېرىلگەن جاۋاب پەقەت ئالقانچىلىكلا بىر پارچە قەغەز ...

ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ يۈزلىرىنى ئىككى قولى بىلەن ئەتكىنىچە كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ نېمە بولغاندۇ، يىغلاۋاتامدۇ - يا ؟! مەن بىر ھازاغىچە قەغەزنى ئېچىپ قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. ئالقانچىلىكلا قەغەزگە يېزىلغان جاۋابتىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ پاجىئەلىك تۈردە مېنىڭ ھاياتىمنى خاراب قىلىۋېتەلەيدىغان قاباھەتلىك سۆزلەرنى يازسىمۇ بىرنەچچە بەت يازسىچۇ !...

قەغەز گويا يېزىپ قويغىنىنى بىرەر يىل بولغاندەك پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. خەتنى ئاستا ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەتنى تۇتقان قوللىرىم تىترەيتتى: «دەرھال بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بىر ئاي ئىچىدە توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈڭ، بولمىسا كېچىكىسىز !»

دالڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ خېتىگە قاراپ تەكلىپىگە قوشۇلـ

ھان ياكى قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. بۇ سۆز گويا «مەن سېنى سۆيمەيمەن !» دېگەن قورقۇنچلۇق سۆزدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ خەتكە يەنە بىر كۆز يۈگۈرتۈم - دە، شادلىقتىن تېرەمگە سىغمايلا قالدىم. ياتاققا بارغۇچە سەكرەپ، تاقلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتىمەن... لېكىن ئەمدى ھېس قىلسام، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قىلچىمۇ قوشۇلمىغانىكەن. چۈنكى مېنىڭ ئۇنىڭدىن تەشنالىق بىلەن تەلەپ قىلغىنىم سۆيگۈ ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن «مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سورىغانىدىم. ھەرگىزمۇ «مەن بىلەن توي قىلامسىز؟» دەپ سورىمىغانىدىم... ئاھ! ھاياتىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىغان ھالىتىنى بىر كۆرسەم ئىدىم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ئۇنى بىرلا سۆيەلمەي ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم... ئاشۇ بىر جۈملە سۆز مۇشۇ چاققىچە ئۇنىڭ ماڭا مۇھەببەت توغرىسىدا قىلغان بىردىنبىر سۆزى ئىكەن. ھەر بىر جۈپ ياش مۇھەببەتلەشكەندە ھەر - بىر كۈننى شېرىن سۆيۈشلەر لەززىتىدىن مەست بولغان ھالدا يېقىملىق پىچىرلىشىشلار ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىغاندۇ. مەشۇقلار ئۆز ئاشىقلىرىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى يالقۇنلۇق ۋە چەكسىز مەنىگە ئىگە بولغان سۆيۈشلەر بىلەن ئىپادە قىلىدىغاندۇ. بىراق، دىلبەر ماڭا پەقەت ئالقانچىلىكلا قەغەز ئۇلىشتى...

www.uyghurkitap.com

دىكى بىر قۇر ئەگرى - بۈگرى ئىنچىكە سىياھ يۇقۇندىلىرى بىلەنلا جاۋاب بەردى. توي كۈنىگىچە — بىزنىڭ قوشۇلۇپ، مەڭگۈلۈك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشىمىز مۇقىملىشىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمغىچىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ قەلبىمنىڭ، ھاياتىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك، بىرەر مىنۇتمۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ، كۆز قاراشلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ، قەلبىمىزنى ئىزھار قىلىشىپ پاراڭلىشىپ باقايلى دېمىدى. ماڭا پەقەت توي تەييارلىقى توغرىسىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدىلا مەجبۇردىي بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ گەپ قىلمىدى.

باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئاتا - ئانىسى ئەسلىدە ئۇنى كىچىكىدىنلا بىر نەۋرە ئاكىسىغا چاي ئىچكۈزۈپ قويۇشقانىكەن. بىراق دىلبەر «ئۇنىڭغا تەككۈچە ئۆلىۋالىمەن!» دەپتۇ. بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى، تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى غەۋغالار بوپتۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن نېمە چاتاقىم، پۈتۈن ئەس - يادىم پەقەت دىلبەرنىڭ ماڭا قاراپ چۈشلۈرۈمدىكىدەك ناز بىلەن ئۇماققىنە بىر كۈلۈشىنى كۆرۈشتە ئىدىم. بىراق بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. توي بولۇشتىن بىر ھەپتە ئاۋۋال ئەركىنىڭ بېيجىڭغا كېسەلنى داۋالاتقىلى ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم.

— كەچۈر دوستۇم، — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بەخت تىلەيمەن. دىلبەرنى ... ئوبدان ... ئاسرىغىن ! سېنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن!...

ئۇ ئاۋازى تىترەپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. قولۇمنى سىقتى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىنمۇ گويا يۈرەكنى ئەزگۈدەك ناخشىلىرىدا بولىدىغان مۇڭ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك سېزىلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە بىلەن ھەسرەت ئۆتكەنكى چاغلاردىكىدىن نەچچە ھەسسە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ھەتتا چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە نامايان بولۇپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئاشۇ ئەسەبىي روھىي ھالەتنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم قالمايتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئېغىر ھەسرەتلا ئەمەس، كۈلكىسىمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى سېرىلدۇرەتتى. چىرايىغا قاراپ خۇدۇمىنى يوقاتقۇدەك بولدۇم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە بۇنداق چوڭقۇر ئەسىرلىق ھېسسىياتقا چۆمۈلگەن چىرايىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان قانداقتۇر سىرلىق بىر خىل ھېسسىياتنى مەجبۇردىي ھەم سۈنئىي ئىپادىلەر ئارقىلىق، ئاجايىپ زور كۈچ سەرپ قىلىپ يوشۇرۇپ تۇراتتى.

مەن دىلبەرگە مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىشىغا ياردەم بەردى دەپ ئەركىندىن تولىمۇ رازى ئىدىم. بىراق نېمىشقىدۇر دائىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ ئىپادىلەر قارا بۇلۇتتەك كۆڭلۈمگە كۆلەڭگە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى «... ھەي، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ... ئۇنداق بولسا

ئۇ نېمىشقا بىزنىڭ تېزرەك توي قىلىشىمىزغا تەلەكداشلىق قىلىپ كېتىدۇ؟» دەپ ئۆزۈمنى بىھۇدە گۇمانلىرىم ئۈچۈن ئەيىبلەپ، ئاشۇ خىياللارنى قەلبىمدىن نېرى قىلاتتىم.

— كېسىلىڭ خېلىلا ئېغىرمۇ؟

— ياق ... — ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىراپلا تۇرغاندەك سېزىلىپ كەتتى. لەۋلىرى ھېلىلا پاڭگىدە يىغلىۋېتىدىغان كىچىك باللارنىڭكىدەك ئۇمچىيىپ كەتتى. بۇ ھالەت شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، دەقىقە ئىچىدىلا يەنە كۈلكىگە ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ كەتتى.

— ھەي ... بۇ كېتىشىڭنىڭ بالدۇرمۇ ئەمەس ... كېيىنمۇ ئەمەس، دەل توي ۋاقتىدا بولغىنىنى قارا، سەن بولمىساڭ، مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دېدىم مەن. تۇۋا خۇدايىم، مېنىڭ ئاۋازىممۇ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش تىترەپ چىقتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي ھالىتى مېنىڭ ھەر بىر سەزگۈلىرىمگە، ھەر بىر ھۈجەيرەمگە سىڭىپ كىرىپ، گويا مېنىڭ پۈتكۈل ھېسسىياتلىرىم چىقىرىپ تاشلىنىپ، ۋۇجۇدۇمدا پەقەتلا ئۇنىڭ ھېسسىياتى رول ئويناۋاتقاندەك، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپ قالغاندەك، گەپ قىلغۇچە جىددىيلىشىپ، گاللىرىم قۇرۇپ كەتكەندى. نېمە بولدۇمكىنا؟ ...

ئاخىر تويۇممۇ بولدى. بەختىتىن مەست ئىدىم. گاھىدا بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭۇمدا بولۇۋاتقىنىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئەتە تويۇم بولىدۇ، دەپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ، توي تەييارلىقىنىڭ پۈتۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، دىلبەرنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل جىسمىنىڭ ماڭا تەۋە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەنىدىم. چۈنكى ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئىدى. توي كۈنى بولغۇچە گويا ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ تاشلىسام ھەممىسى بەربات بولىدىغاندەك ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ھەرىكەتنى بەكمۇ ئاۋايلاپ قىلاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدىم. ئاخىر ئۇ مېنىڭ بولدى، توي كېچىسى ئېسىل بېزەلگەن ئازادە ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. قارىسام، ئۇ يۈزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ، يىغىدىن ئۇنىڭ مۈرىسى توختاۋسىز تىترەيتتى. ھەيرانلىق بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. يۈرىكىم بوغۇزىمغا قاپلىشىپلا تۇراتتى. بىردەم نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بارلىق غەيرىتىمنى جەم قىلىپ، گويا تەگسىلا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىغا قول سوزغاندەك ناھايىتى ئاۋايلاپ، ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ يۈزىدىن ئالدىم-يۇ، مىسلىسىز بىر ھىجراننىڭ بىشارىتىنى كۆرگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىپقىزىل قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم ئوتقا چۈشكەندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى.

— دىل ... دىل ... بەر ... نە ... نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ يېلىنىش بىلەن سورىدىم. دۇدۇقلاپ ئاۋازىم ئېنىق چىقماي قالدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئاستاغىنا گويا ئېگىلىدىغاندەك پىچىرلىدى:

— ھېچ ... نېمە ...

مەن ئۇنى ھودۇقۇش، تارتىنىش، ئاچكۆزلۈك بىلەن ھاسىراپ تۇرۇپ قۇچاقلاپ سۆيدۈم. ئۇچۇچۇپ تۇرغان مىسكىن شەھلا كۆزلىرىنى گويا دەھشەتلىك تىك چوڭقۇر ھاڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالغان ئادەم قورقۇنچتىن يۇمۇۋالغاندەك ئاستىلا يۇمۇۋالدى-دە، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئىختىيارىمغا تاپشۇردى. بۇ بەدەن شېرىن ۋە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇنىڭدا توي كېچىسىگە خاس قىزغىنلىق، جۇشقۇن ھېسسىيات، مۇھەببەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىمغا تاپشۇرغىنى دىلبەر ئەمەس، بەلكى دىلبەرنىڭ خالىغانچە پايدىلىنىشىغا بولىدىغان تېنىلا ئىدى. بۇ تەن خۇددى يۈرىكى سوقۇپ تۇرغان جېنى بار جەسەت ئىدى.

مېنىڭ قەلبىمدە دىلبەر ئۆمرۈمدىكى ئەڭ يېقىن دىلكەشىم، سىرداشىم بولۇپ قالغانىدى. كۆڭلۈمدە يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان يىغىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلىرىمنى قويماي سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۆمرۈمدە بىرەر ئادەم بىلەن ئىچ سىرلىرىمنى ئېيتىشىپ، ھال-مۇڭ بولۇشقىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا «ياۋايى»، «گومۇش» دەپ لەقەملىرىم بار ئىدى، ئەمدى بولسا ماڭا سىرداش تېپىلغانىدى. بىكار بولۇپ قالسىلا مەن ئۇنىڭغا قەلبىمدىكى ھەممە سۆزلىرىمنى تۆكۈپ بېرەتتىم. مەن سۆزلىگەن چاغلاردا ئۇ ئاڭلاۋاتامدۇ، ئاڭلىمايۋاتامدۇ بىلىپ بولمايتتى. ئۇ دائىم كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىمجىتلا ئولتۇراتتى. مەن سۆزلىگەندە گېپىمگە ئارىلىشىپ ياكى قىزىقىپ بولسىمۇ بەزى ئىشلارنى سوراپ قويمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى پەقەتلا بىرەر كىتابنىڭ تەرجىمىسى، بۈگۈن دەرس ئۆتكۈچە ئۇچرىغان بىرەر مەسىلە، بېكىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار، بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋېلىش، كەچتە قانداق تاماق ئېتىش دېگەنلەردىنلا ئىبارەت ئىدى... مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان شۇنچە يېقىنچىلىقلىرىم گويا جانسىز تاشقا قىلىنغان سەجدىدەك ئېتىبارسىز قالاتتى.

كۈنلىرىمىز مانە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر قارا باستى. ئاھ، ھېلىقى كۈنى — ھېلىقى قورقۇنچلۇق، مۇدھىش كۈنى ئىشخانىدا ئولتۇرسام بېشىمنىڭ سەل چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا رۇخسەت سوراپ ئۆيگە قايتتىم. ئەركىننىڭ بىرەر-ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنى ئاشۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئۇلار ئۆيدە بىرەرسى كۆرمىسۇن دەپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپمۇ دېمەي شۇنچە بىمالال ھالدا... بولدىلا، بۇ گەپنى تىلغا ئېلىپ يۈرىكىمنى پۇچۇلاشنى خالىمايمەن.

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم!

ئاپئاق قار، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش، كۆپكۆك ئاسمان، توپ-توپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان قىز-ئوغۇل ستۇدېنتلار... دۇنيا تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەن ۋەھشىي قاتىللىقتىن قىلچە خەۋەرسىزدەك شۇنچە جۇشقۇن، شۇنچە گۈزەل!...

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار نارازى بولغاندەك ئاچچىق غىچىرلاۋاتىدۇ.

مەن پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، خۇددى

يوقاتقان ھالدا، ئەركىنلىكنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جايىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. نەگە بېرىشىمنى، نەدە تۇرۇشۇمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەتىگەن ئۆيدىن چىققان پېتى، خىزمەتكىمۇ بارمىدىم، سەھەردە دىلبەر دېرىزىسىدىن خەۋەرسىز ھالدا كۈندىكىدەك ئالدىمغا بىر قاچا ئىسسىق ئاش ئېلىپ كېلىۋىدى، ئاشنى بىر ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتىم. بۇ مېنىڭ دىلبەرگە قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ قوپاللىقىم ئىدى. بۇ قوپاللىق ھەرگىزمۇ ئايالىمغا بولغان نەپرەتتىن ئەمەس. مەن ئۇنى يەنىلا ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق قىلىشىم پەقەت ھاياتقا بولغان نەپرەت ئىدى. چۈنكى ئاش مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇزارتىدۇ... دىلبەر كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن ئاستا ئېڭىشىپ يەردىكى قاچىنى ئالدى. مەن پەلتۇيۇمنى يېپىنچاقلاپ ئۈن-تىنسىز چىقىپ كەتتىم. نېمىشقا تاماق يەيمەن؟ نېمىشقا خىزمەت قىلىمەن؟ نېمىشقا ياشايمەن؟!!! ئازاب، دەرد تارتىش ئۈچۈنلىما؟!

سەھەردە يېنىپ چىققان پېتى گويا ئەرۋاھلاردەك تېخىچە ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن. كۆز ئالدىمدا پەقەتلا تۈنۈگۈنكى قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش دەھشەتلىك مەنزىرە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. لەۋلىرىمدە توختىماي شىۋىرلايتتىم: مەن قاتىل... ئۇنى... بىر تىرىك ئادەمنى... ئۆلتۈرۈۋەتتىم...

— شۇيە قاراڭ، ئاۋۇ ئادەم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ساراڭ ئوخشايدۇ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتىدۇ!

— ها... ها... ها...

ئەنە بىرنەچچە ئۆسمۈر ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتى...

ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئويلاپ ھەيرانلىقتىن خۇددى ھوشۇمنى يوقاتقاندىم. كۆرۈنمەس بىر ئۆتكۈر پىچاق ھامان بوينۇمغا تىرىلىپ تۇرغاندەك مېنى دائىم سۈر بېسىپ تۇرىدۇ. تۈنۈگۈن كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم، نەچچە قېتىم قارا بېسىپ، پۈتۈن بەدىنىم مۇزدەك تەرگە چۆمۈلگىنىچە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ ئۆينىڭ قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭ چۈشۈمدە يۈرىكىمگە نەشتەردەك قادالغان قاراشلىرىنى، كۆزلىرىنى ۋە ھېلىقى كىشىنى چۆچۈتىدىغان رەھىمسىز كۈلكىلىرىنى قورقۇنچ بىلەن ئەسكە ئالاتتىم.

مەن ئۇ ئەمدى مەڭگۈلۈك يىراقلىقتا، ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق-تولىمۇ يىراق دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، ئۇ ھامان خىيال ئاسمىنىمدا قاپقارا بۇلۇتتەك ئېگىپ، ھاياتىمغا سۈرلۈك كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قىساس خەنجىرى ئۆلۈم بىلەن ھايات ئارىسىدىكى بۇزۇلماس پەردىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مېنىڭ بوينۇمغا تىرىلىپ تۇرۇپتۇ... ماڭا زادى نېمىشقا بۇنداق تۇيۇلىدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى ئىگىلىۋېلىپ، مېنى ۋەيران قىلدىغۇ، مېنىڭ يۈرىكىمنى رەشك ئوتىدا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۆرتىدىغۇ!؟ مەن ئايالىمدىن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلدىم، مەن تۈگەشتىم. مېنىڭ

روھىم ھالاك بولۇپ، ھايات ياشاۋاتقىنى مېنىڭ ئەھمىيەتسىز جىسمىمىدۇ! ئەجىبا، يەنىلا نېمىشقا ئۇنىڭ قىساس خەنجىرى مېنىڭ بوينۇمغا تىرىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ؟! نېمىشقا ئۆزۈمنى قىساسكار ئەمەس، قاتىل ھېس قىلىمەن؟! يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىمەن؟! ئۇنىڭ دوستلارچە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەسلەيمۇ؟!...

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، بىراق ئۆلتۈرۈۋەتكىنىملا مېنىڭ ھەممە قىساسىمنى ئېلىپ بولغىنىم ئەمەس. لەنەت ـ نەپرىتىمنى ئەشەددىي ۋە ۋەھشىي زەھەر قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈۋېتەلمىدىم. ئۇ بولسا مېنىڭ يۈرىكىمدە مەڭگۈلۈك يارا قالدۇرۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېنىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆلدى!

شۇ كۈنى زەھەر يەۋالغاندەك ئازاب بىلەن تىپىرلاپ ئۆتكۈزدۈم. ھېچ ئادەم بىلەن بىرەر ئېغىز گەپلىشىشنى خالىمايتتىم. ئىشخانىغا بارغۇچە يولدا ئۇچراپ ئاستا باش لىڭشىتىپ، ماڭا تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلغان تونۇشلار، خىزمەتداشلار ياكى مەن دەرس ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارغا سالاممۇ قىلماي، ھەتتا ھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ مېھرىبان كىشىمدىن كەلمىگەن ۋاپا، دوستلۇق، مۇھەببەتنى يەنە كىملەردىن تەلەپ قىلىمەن؟! ماڭا مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە تەسەللى ئاتا قىلالمىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ نېمە قىلىمەن؟!

شۇ كۈنى مېنىڭ دەرسىم يوق ئىدى. ئىشخانىدا سەھەردە بېرىپ ئولتۇرغان شىرەدە كەچ سائەت ئون ئىككىگىچە باش كۆتۈرمەي ئولتۇردۇم. نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، قوللىرىم تېلىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتاتتى. بەلكىم ئالدىمغا ئېچىپ قويۇلغان ئاۋۇ خەنزۇچە ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىۋاتقان بولسام كېرەك. يازغانلىرىم مەن تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەردە بار سۆزلەرمۇ، يوق سۆزلەرمۇ، ئۇقمايتتىم. قاتتىق بېسىپ يازغاچقا قەلەم سۇنۇپ كەتتى، سۇنغان جايدىن تۆكۈلگەن سىياھ ئاق قەغەز ئۈستىگە يېيىلدى، ئۇ قەغەزلەرنى پۈرلەپ تاشلىۋېتىپ، ماي قەلەمنى ئېلىپ باشقا قەغەزلەرگە يېزىشقا باشلىدىم. جان ـ جەھلىم بىلەن چىڭ تۇتۇپ يازغاچقا ئۇمۇ سۇنۇپ كەتتى. باشقا قەلەملەرنىمۇ ئىشلىتىپ بولۇپ ئاخىر تارتمامدىن قېرىنداشنى ئالدىم، بىرەر ـ يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئۇنى ئون نەچچە رەت ئۇچلاپ تۈگەتتىم. قېرىنداش ئۇچلىغىچە قولۇمغا پىچاق تېگىپ بىرنەچچە يەر تىلىنىپ كەتتى... ئۆزۈم يالغۇز تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇردۇم. ئەسەبىيلەرچە ھەرىكەتتىن قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئاخىر قولۇم قەلەم تۇتالماس بولغاندا يېزىشنى توختاتتىم. قەغەزدىن ئۈزۈلمىگەچكە كۆزلىرىممۇ قادىلىپ قاتتىق ئاغرىيتتى. ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ «ئەخمەت، نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سوراپ قويمىدى. ھەتتا دىلبەرمۇ «شۇنچە كېچىگىچە نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدۇ؟» دەپ بولسىمۇ كېلىپ قويمىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ دۇنيادا قانچىلىك دەرىجىدە يالغۇز،

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك دەرىجىدە غېرىب ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم... سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا (مېنىڭ پەرىزىمچە، ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئىشخانىغا ئەركىن كىرىپ كەلدى، ئۇ گويا بېشى كېسىۋېتىلىپ قويۇپ بېرىلگەن خورازغا ئوخشايتتى. بىرلا قاراشتا ساڭگىلاپ چۈشكەن بېشى تېنىدە يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتۈن بىر كۈن ئاق قەغەزگە تىكىلىپ ئولتۇرغاچقىمۇ كۆزلىرىمۇ ئاسانلىقچە بىر نەرسىنى پەرق قىلالماس بولۇپ تورلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئېگىز، ئورۇقراق بەستى ئالدىمدىكى شىرەگە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇ قولىدىكى ئىچىپ ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى شىرە ئۈستىگە جاڭگىدە قويۇپ بىردىنلا بويۇنۇمغا گىرە سالدى:

— ئەخمەت! ... دوستۇم...

ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەست كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى يۇقىرى تارتىلىپ، قاپىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. پېشانىسىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، كۆزلىرى ئۈستىدە قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىرنەچچە يەردە يىرتىلغان بولسا كېرەك، كىيىملىرى توپا ئىدى. بۇ ئۇنىڭ بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتكەن بەدىنىنى تېخىمۇ ئورۇق ۋە غېرىب قىلىپ كۆرسىتەتتى. كېسەل تۇرۇپ بۇنچە ھاراق ئىچىپ نېمە كەلدىكىنا ئۇنىڭغا؟...

ئۇنىڭ ئالا-جوقا سۆزلىرى يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلدى. ھەر بىر ھۆججەيرەمدە چەكسىز ئۆچمەنلىك ئەۋج ئۇرۇپ قايىندى، تومۇرلىرىمدىكى ھەر بىر تامچە قان غەزەپ-نەپرەت تەپتىدە قايناپ، شىددەت بىلەن نامايىش قىلىشقا باشلىدى. غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھۇ، ئىپلاس قاراقچى! ھۇ، غالجىر ئىت! سەن مېنىڭ ئائىلەمنى تارتىۋېلىپ مېنى ۋەيران قىلدىڭ!...

شۇ چاغدا دەھشەتلىك ھاياجانلار قاينىمىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ، كۆزلىرىمگە قان تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ — پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ مەست ئادەمنىڭ چىرايىدىكى تولىمۇ ئىنچىكە، تولىمۇ خىرە بولغان بىر ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدىم. يوغان كۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قاپىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قارىچۇقلىرىنى بارلىق كۈچىنى يىغىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ يىلان چاققاندەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزلىرىدىن بايقىۋالدىم. ئۇ گويا پۈتۈن كائىناتتىكى ھاۋانىڭ ھەممىسىنى سۈمۈرۈۋالىدىغاندەك قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ ھاۋا سۈمۈردى-دە، قاتتىق بىر «ئۇھ» تارتىپ شىرە ئاستىغا ئۆلۈكتەك يىقىلدى.

ئىشخانىنى بىر دەم جىمجىتلىق باستى. شۇندىلا چىشلىرىم بىر-بىرىنى ئۇۋۇۋەتكۈدەك كىرىشىپ كەتكەچكە ئىككى ياڭىقىمنىڭ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى، مېڭەمنىڭ ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ لوقۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئەركىننىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ئەمدى مەستلىكتىن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇنى — ئاشۇ ئەشەددىي

www.uyghurkitap.com

مي رەقىبىمنى، يۇدۇپ، يوۆتەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەنمۇ ئەمدى؟ مەن ئۇنىڭغا بىردەم نەپرەت بىلەن قاراپ تۇردۇم ـ دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ سوغۇق شامال ھۇۋلاپ كىرىشكە باشلىغانىدى. ئىممشقىدۇر بىردىنلا يەنە كەينىمگە ياندىم. ئىشخانا بەكمۇ سوۋۇپ كەتكەنىدى. كېچىچە ئۇ بۇ يەردە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى ئويلاپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن ئىلاجىسىز ئېگىشىپ ئۇنى يۆلىدىم. ئۇنى يۆلەپ مۇشۇ ئۆلۈم مەيدانىغا قاراپ ئاياغ باستىم.

سىرتتا چەكسىز قاراڭغۇلۇق دۇنيانى قارا كېپەندەك ئوراپ تۇراتتى، ئاچچىق شامال ئادەمنى نەشتەردەك چاقاتتى، قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ ئىچى جىمجىتقىنا بولۇپ، ماڭا ھېلىلا ھەممە ئەتراپ پارتلاپ كۇمپەيكۇم بولىدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتاق بىناسى تەرەپكە بارىدىغان چوڭ يول بويىدىكى ئېگىز ـ ئېگىز تېرەكلەر قاراڭغۇلۇق قوينىدا گويا قاتىللىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەمدەك بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

قەلبىمنى ئاچچىق بىر ئەلەم چۇلغىۋالغاچقا، ئۇ بارغانسېرى تاغدەك ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۆزۈمنىڭ مېنى شۇ قەدەر ئاياغ ـ ئاستى قىلغان ئەبلەخنى يەنە يۆلەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆز غورۇرۇمنى ئۆزۈم يەرگە ئۇرغانلىقىمدىن قاتتىق سەسكەندىم. ۋۇجۇدۇمدا ئۆچمەنلىك ئوتى قايتىدىن ئەسەبىيلەرچە لاۋۇلداشقا باشلىدى. كۆڭلۈمدە «مەن ئالدىم ئۆلتۈرمەيمەنمۇ؟» دېيىشكە ئورۇنلاپ باقتىم. پەقەت كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئاياللىمنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقان مەنزىرىسى ۋە ئاياللىمنىڭ جاندىن ئۆتكەن سۆزدەك سوغۇق قاراشلىرى (بۇرۇن بۇ قاراشلار مېنى بۇنداق ئازابلاپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئويلىغانسېرى ئاشۇ قاراشلار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، يۈرىكىمگە سانجىلىپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى) گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى تېگىپ تۇرغان مۈرىلىرىم نىجاسەت بىلەن بۇلغانغاندەك قورۇنۇپ كەتتى. ۋەھشىي ئۆچمەنلىك نېرۋىلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. ئۇنى يۆلەپ كېتىۋاتقان قوللىرىمنىڭ ئۇنى قويۇۋېتەلمىگەنلىكىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي، يول بويىدىكى تەكشى قىرقىلغان پاكار ئارچىلار تۈۋىدە بىر ھازا تۇرۇپتىمەن. پەقەتلا مېڭەمنىڭ ۋاڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ مۇزلاپ قېتىپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇسىنىلا سېزىمەن، ئۇنىدىن باشقا ھېچنەرسىنى سەزمەيتتىم.

مەن ئادەم قېنىنى بىلەن قولۇمنى بۇلغاشنى خالىمىدىم. ئۇ مېھرى ـ مۇھەببەت، ئۆچمەنلىك، رەھىمدىللىك، ۋەھشىيلىك دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ بولمىغان، جانسىز، ھېسسىياتسىز تەبىئەتنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۇنى تاشلاپ قويدۇم، ئۇ ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا قار ئۈستىدە يېتىپ قالدى. ئۇنى تىرىك ھالدا دەھشەتلىك سوغۇقنىڭ رەھىمسىز قوللىرىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتىم. ئىككى كۈن ئاۋۋاللا، ئەگەر ئۇنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كەلسە مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم ئۆز جېنىمدىن كېچىشكىمۇ

تەييار بولغىيدىم، لېكىن بۇ نۆۋەت ئۆلى ئۆزۈم ئۆلتۈردۈم. بۇلى ھېچكىشى ئۇقمايدۇ...

بىرنەچچە رەت كەينىمگە يېنىپ باققان بىرلاسامۇ ياۋۇز قەلبىم قىلچەمۇ ئېرىمەدى...

كېچىچە قاتتىق ئارا باسقاچقا لەۋلىرىم قورقاق بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر ئويغاق تۇرۇۋېمۇ بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىمەن. ھازىرقى خىياللىرىم چۈشۈمدىمۇ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق. سەھەر چىققان پېتى چۈشكىچە ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈپتىمەن.

ئاستا ئايلىنىپ يېرىپ، يول بويىدىكى ئۇزۇن، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئوق تەگكەن ئادەمدەك ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

— ئەخمەت! — بىر ئازدىن كېيىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز يېنىمدىلا ئىدى. بەلكىم بىرەيلەن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاندۇ. كىم بولسا بولمامدۇ، نېمە كارىم. ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئالاقەم بار ئىدى؟ دۇنيادا مېنىڭ زادى كىشىم بار؟!

مەن ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماي ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ قولىنى دولامغا بوشلا قويدى. گويا قولۇمغا ئەرۋاھنىڭ قولى تەگكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم. بىراق ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم. بەرىبىر، ھەممىسى بەرىبىر، ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلۇپتۇق، ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بۇ جانغا دوست، دۈشمەن دېگەننىڭ نېمە كېرىكى؟

ئاۋاز يېنىمدا ئەمەس، بەلكى مېڭەمنىڭ ئىچىدە قايسىدۇر بىر يېرىدە ياڭراۋاتقاندەك بولدى:

— ھەي، بۇ شۇنداق جاھان ئىكەن... ئاشۇ ئەركىنىنى كىممۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ، ئىست بىچارە! كېلىنىڭ ئازابىغا چىدىماي ھاراق ئىچىپ ئاخىرى توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ... ئۇ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بوپتىكەن... ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ-ھە!... ئۇ ئائىلىسىدە يالغۇز ئوغۇل ئىكەن... ھەممە دەرد ئاتا-ئانىسىغا بولىدۇ-دە...

چۆچۈپ يانغا قارىدىم، يېنىمدا مېنىڭ خىزمەتدىشىم ئېغىر تىنغىنىچە غەمكىن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بەلكىم كۆزلىرىم ساراڭلارنىڭكىدەك چەكچىيىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قارايلا چۆچۈگەن ھالدا سورىدى:

— ئەخمەت، نېمە بولدىڭىز؟!

مەن گەپ-سۆزسىز باشقا ياققا قاراۋالدىم.

— بۈگۈن ئىشخانىغا بارمىدىڭىز، مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ. سىزگە بىر تەھرىر بۆلۈمىدىن خەت كەپتىكەن، ئۆتكەچ بېرىپ قوياي، دەپ مەن ئالغانىدىم، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ، خەتنى ئالمىدىم، بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدىم. ئۇ سەل خىجىل بولۇپ خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. خەتنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ تاشلىدىم:

«ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس! ماڭا ھېچبىر ئادەم، ھېچبىر خەت كېرەك ئەمەس! ھاياتمۇ كېرەك ئەمەس!»
مەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك شۇنداق دېدىم. شۇ تاپتا نەزەرىمدە، ھايات ماڭا يۈكلەنگەن يۈك ئىدى، ئۇ بەكمۇ ئېغىر، بەكمۇ ئېغىر!

بىراق ئۇنى تاشلىۋېتىش تېخىمۇ تەس!

مېڭەم گادىرماچ خىياللاردىن قوچۇ-لۇپ كەتكەنىدى. ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق خىيال قىلغانسېرى دۇنيا، ھا-يات گويا بىر چۈشتەك، ياكى بىر قۇرۇق خىيالدەك، گاھىدا مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلۇپ، خىياللىرىم چىگىشلىشىپ، بىمە-نىلىشىپ، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقۇدەك بولاتتىم.

ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدە ئايالىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلە-رىگە تازا بىر سىنچىلاپ قاراپ بېقىپ، بۇ كۆزلەردىكى سىرنى بىر يېشىپ بېقىش ئارزۇسى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. مەندە نېمىشقا بۇنداق ئوينىڭ پەيدا بولۇپ قال-غانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم...مېنى كۆرۈش بى-لەنلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتى-رىپ كەتتى، لەۋلىرى سىزىس تىترىدى. ھاپىلا - شاپىلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ماڭا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى دېگەنىدەك قىلدى، بىراق مەن ھېچنەرسىنى ئاڭلىمى-دىم. چۈنكى بارلىق سەزگۈلىرىمنى مەر-كەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇر-غان زەئىپ كۆزلىرىگە تىكىلگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولغاچقا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقانداق ئەزالىرىغا قاراش مېنىڭ تاما-مەن ئىختىيارىم ئىدى. بىراق مۇشۇچاققى-چە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ باقماپتىمەن. نېمىشقىدۇر بۇنداق قاراشقا جۈرئەت قى-لالمايتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ سىر-لىق، تولىمۇ تىلسىملىق دۇنيا ئىدى. لەپ-پىدە قارىسامىلا دائىم ئۇ كۆزلىرىنى مەن-دىن ئېلىپ قاچاتتى.

بۈگۈن ھەممە قۇدرىتىمنى يىغىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان ئاشۇ كۆزلەرگە تىكىلدىم. ئاھ، تېپىتىنىق، سۈپسۈزۈك، مۆلدۈرلەپ تۇرغان، بولاقتەك شەھلا كۆزلەر!.. ۋۇجۇ-دۇم تىترەپ كەتتى. ئاھ، ئاشۇ كۆزلەر راستىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىمىدۇ؟! ئاھ، خۇدا، ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ بىر جۈپ ئاشۇنداق پاك، گۈزەل شەھلا كۆزلەرنى ئاتا قىلغان-سەن؟ بىرەر پەرىشتىنىڭ كۆزلىرىنى ئاز-غىنىپ ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئالماشتۇ-رىۋەتتىڭمۇ - يا؟!

ئۇ چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى ۋە قوپۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەت-تى. بىردىنلا نەزەرىم شىرەدىكى كونۋېرت-لارغا چۈشتى.

بىر قاراپلا ئەركىنىنىڭ پوچۇركىسى-نى تونۇۋالدىم، ئاشۇ خەتلەر گويا ئەر-كىنىنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدەك



تۈيۈلۈپ مېنى قاتتىق سۇر باستى. تىپىنىم شۇركەندى. ماڭسەمۇ ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى پارچە خەت كەلگەندى. مەن سەل ئالدىراش بولغاچقا پەقەت بىرلا قېتىم جاۋاب يازالىغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئايالىمغا ئايرىم خەت يازىدىغانلىقىنى بىلمەي كەلگەنىكەنمەن. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئايالىمغا يىگىرمە نەچچە پارچە خەت كەپتۇ. مەن كونۋېرتلارغا قارىدىم، ھەممىسىدىكى خەتلەر بىر-بىرىدىن قېلىن ئىدى. ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە ئايان بولدى. مەن خەتتىن بىرىنى ئېلىپ ئوقۇدۇم:

«سىڭلىم دىلبەر، ياق سۆيۈملۈك دىلبەر! مەن سىزنى شۇنداق دەپ ئاتاي، چۈنكى سىز مەن ئۈچۈن سىڭلىمغا ئوخشاش مېھرىبان، ئەزىز، سۆيۈملۈك!...»

خەت ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. دېمەك ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى «سۆيۈملۈك دىلبەر» دەپ ئاتاۋاتاتتى. خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم:

«مېنىڭ دىلبىرىم، ياخشىمۇسىز؟

يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئاھ، ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇنداق خەتلەرنى يازماڭ! مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ لەختە-لەختە قان بولىۋاتقىنى، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئېيىنى خۇشال-خۇرام ۋە ئارمانسىز ھالدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىشىم، كۆزلىرىمنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان ھالدا ھەسرەتلىك يۇمۇلىشىنى كۆرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن پەقەتلا سىزنىڭ شاد تەبەسسۇمىڭىز، بەختلىك كۈلكىڭىز كېرەك. پەقەت شۇندىلا مېنىڭ مىسكىن يۈرىكىم ئاز-تولا تەسەللىگە ئىگە بولالايدۇ. بىلەمسىز؟ خەتلىرىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى رەھىمسىز تۇردە پارە-پارە قىلىۋەتتى. سىزنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىڭىز ھامان كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى يەتكۈچە قىيىنىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق خەت يازماڭ، مەن راستىنلا چىدىيالمايمەن!

دىلبەر، رەھىمسىز ئەجەل مۇدھىش قارا قولىنى سوزۇپ ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىراق مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بەختسىز ھېس قىلغىنىم يوق. مەن يەنىلا بەختلىك. چۈنكى مەن ئۆزۈم ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسەمگە — سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم. شۇڭا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بەختىڭىز — مېنىڭ بەختىم. شۇنداق بولغاچقىلا مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى چىن ۋە پاك مۇھەببەت دېيەلەيمەن!

ھېلىمۇ مەن داۋاملىق سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن. ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگىچىمۇ ئۆيلەنمىگىنى بىلەن، ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان ئادەم ئىكەن. بىراق ئاتا-ئانىڭىز بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا سىزگە چىشىنى بىلەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن سىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن بىرمۇنچە كىشىلەر كېچىلىرى يولۇمنى توسۇپ مېنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا سىزنىڭ ئاشۇنداقلارنىڭ ئىپلاس قوللىرىغا چۈشۈپ،

ئاياغ - ئاستى بولۇپ ئالدىنىپ قالماسلىـ
قىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئەخمەت بىلەن تېز-
رەك توي قىلىشقا ئالدىراتتىم. سىلەرنىڭ
خۇشال - خۇرام توي قىلىشىڭلارنى كۆزۈمـ
نىڭ ئوچۇقىدا كۆرۈۋېلىش مەن ئۈچۈن
بەخت ئىدى.

دىلبەر، مۇھەببەت پەقەت جىنسىي
ھەۋەس، توي قىلىش ئۈچۈنلىما؟! ياق!
بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بەدەننىڭ فىزىئولو-
گىيىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەقەززاسى ئەمەس،
بەلكى ئىككى روھنىڭ ئىككى قەلبنىڭ تەقەززا-
سى ئۈستىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن. شۇڭا ئۇ ماد-
دا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاچكۆز شەھۋانىي
ئىنتىلىشتىن گۈزەل ۋە يۈكسەك! شۇڭا
مەن بىزنىڭ توي قىلالماسلىقىمىزنى چوڭ
بەختسىزلىك دەپ ھېسابلاپ كەتمەيمەن.
مېنى پەقەت چىن دىلىڭىز بىلەن ئاخىر-
غىچە سۆيسىڭىزلا بولىدى. بەدەن قانچە-
لىك گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ
ھامان ئاخىرى چىرىپ، تۇپىغا ئايلىنىپ
تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكى بولسا ئاشۇ
بەدەن بىلەن بىرگە چىرىيدىغان، يوقىلى-
دىغان گۈزەللىك. قەلب گۈزەللىكى بولسا
مەڭگۈلۈك مۇقەددەس گۈزەللىك. سىزنىڭ
ماڭا تەقدىم قىلغىنىڭىز مانا مۇشۇ يۈكسەك
گۈزەللىك. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى بەختلىك
ھېسابلايمەن! سىز پاك مۇھەببىتىڭىز بى-
لەن مېنىڭ ھاياتىمنى نۇرلاندۇردىڭىز.
شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مەڭگۈ رەھمەت
ئېيتىمەن. مەن پەقەت مۇشۇنىلا ھەقىقىي
ۋىسال دەپ ھېسابلايمەن.

يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كۆز
يۇمۇشۇم مۇمكىن. ئاھ، بىرنەچچە ئاي، بۇبىر-
نەچچە ئاي سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتسىز ئۆتكەن
نەچچە ئون يىلدىنمۇ ئەلا ۋە مەنىلىك! مېنىڭ
بۇ بىرنەچچە ئايدا ئېرىشىدىغانلىرىمغا ئور-
غۇنلىغان كىشىلەر يۈز يىل ياشاپمۇ ئېرى-
شەلمەي ئالەمدىن ئۆتۈشى مۇمكىن. شۇڭا
مەن ئۆزۈمنى مۇرادىمغا يەتكۈچە ياشىغان-
دەك ھېس قىلىمەن.

دىلبەر، بىلەمسىز، ئەخمەت تولىمۇ
ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىت. ئۇ چو-
قۇم سىزنى مەندەكلا چوڭقۇر مۇھەببەت
بىلەن مەڭگۈ سۆيەلەيدۇ ۋە سىزنىڭ بەخ-
تىڭىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قى-
لالايدۇ. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن. ھايات
يولىدا ھەمراھسىز قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن
مەن سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدۇم.
ئۇ چوقۇم مەڭگۈلۈك سادىق ھەمراھ بو-
لالايدۇ، سىزنى بەختلىك قىلالايدۇ. بەل-
كىم كېيىنچە سىزمۇ ئۇنى چۈشىنىپ، ياخ-
شى كۆرۈپ قالارسىز. مەن سىزنىڭ ئۇ-
نىڭغا ياخشى كۆيۈنۈپ ماڭا سادىق بولغان-
دەك سادىق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاھ، دىلبەر...! ۋەھشىي كېسەل مې-
نى ئۆلۈمگە قاراپ سۆرىمەكتە. رەھىمسىز
ئەجەل ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە... مەن
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىزدىن يەنە بىر ئۆ-
تۈنۈپ قالاي، يۇرتۇمغا قايتىپ سىز بى-
لەن كۆرۈشكەندە مەن سىزنى چوقۇم كۆز-
لىرىڭىزدە خۇشال كۈلكە چاقناپ تۇرغان
ھالدا كۆرەي. سىزنىڭ ئىللىق كۈلكىڭىز
ئاشۇ مۇدھىش كۈلكىنى يېڭىپ، ماڭا ئۇ-
نى ئۇنتۇلدۇرسۇن! كۆزۈم يۇمۇلۇش ئال-
دىدىمۇ مەن سىزگە ۋە ئەخمەتكە ئاستا
پىچىرلاپ بەخت تىلەي. باشقىلار مېنى
بىرەر مۇقەددەس ئايەتنى يادلاۋاتقان
ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن!

سىزنى مەڭگۈ سۆيۈپ:

ئەركىن.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يېچىلىڭ

خەتنى ئوقۇپ قاتتىق چۆچۈپ، گويا قىش كۈنى ئۆندەرەپ ئۆيدىن چىقىپ، مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم.

مۇقاۋىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن قېلىن بىر خاتىرە دەپتەر شىرەدە تۇراتتى، ئۈستىگە قەلەممۇ قويۇپ قويۇلغانىدى. خاتىرىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان سىرلار يۈرەكتە جىمجىت ساقلىنىۋەرسە گويا تەننىڭ ئىچىدە سۇنۇپ قالغان تىكەننىڭ يېرىمىدەك يىرىڭ يىغىپ، جاراھەت كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ، ئاخىر يۈرەك بىلەن بىللە تۈگىشىدۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ سىر قىلىپ ساقلايدىغىنى كۆپىنچە ئەڭ ئازابلىق ياكى ئەڭ خۇشاللىق كۈنلىرىدىكى ئەسلىمىلەر بولۇشى مۇمكىن. باشقا كۈنلەر ئۇنتۇلىدۇ. بەلكىم بىر كىم سىزگە ئۆمرىڭىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتسىز كۈنلىرىڭىزدىكى ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسە ئاشۇ ئىشلارنى راستىنلا ئۆزىڭىز قىلغانلىقىڭىزنىمۇ ئەسلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئىشلارنى قىلغان چاغلىرىڭىز ياشىمىغان كۈنلىرىڭىزگە باراۋەر. سىز سىر قىلىپ ساقلاۋاتقان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرلا سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ جەۋھىرى.

مەن بۇ خاتىرەمگە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى — ئەڭ خۇشال كۈنلەرنى ۋە ئەڭ پاجىئەلىك كۈنلەرنى خاتىرىلەيمەن... ئۇ كۈنلەرنىڭ سىر بولۇپلا قېلىشىنى ئويلىسام... ئاھ، قانداق چىدارمەن؟!...»

«1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆزۈم قانچىلىگەن كېچىلەر ئۇيقۇسىز تەلپۈنگەن، قانچىلىك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمىغان ئاشۇ سىرلىق ۋە ھارارەتلىك لەۋلەرنىڭ جىسمىمغا تېگىشىدىن پۈتۈن بەدىنىم ئوت ئېلىپ، شېرىن تىترەشلەر...ھودۇقۇش، تارتىنىشلار ئىلكىدە ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنى مەسخۇش ئۆتكۈزدۈم. ئاھ، ئەركىن!...»

ئاخىرىنى داۋاملىق ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالماي، تاقەتسىزلىك بىلەن بەتلەرنى ئۆرۈپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

ئاھ، بۈگۈن قانداق بىر كۈن؟!... مەن مۇشۇ دەھشەتلىك بىر كۈننىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىن ئۆچۈپ كېتىشىنى، بۇ بىر كۈننىڭ پەقەت بىر قورقۇنچلۇق خىيالىي چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە؟!...بۈگۈن ھەر كۈنكىگە ئوخشاشلا ئادەتتىكى بىر كۈن ئىدى...يەر... ئاسمان...تاغلار...بىنالار...يوللار...ئورمانلىق...كۆمۈش نۇرىنى چېچىپ تۇرغان ئاي...ئاھ، مانا بۇ رېئاللىق ئىدى. ھەر كۈنكىدىن قىلچە پەرقسىز بۇ مەنزىرىلەر شۇ قەدەر دەھشەتلىك، شۇ قەدەر رەھىمسىز، ئۇ رېئاللىقنى ئۆتكۈر خەنجەر قىلىپ يۈرىكىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن تىلماقتا...ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ، ئويغىنىپ كېتىشىمنى تىلەپ، ئەتراپقا يېلىنىپ قاراشلىرىم بىكار ئىدى.

مەن بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرى ياش ھالدا كۆرۈشكەنىدىم. ئۇنىڭ دائىم كۈلكە بىلەن ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرىنى ئۆمرۈمدە ياش ئېقىۋاتقان ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن

بىر ھازا لىكلىپ قاراپ قالدىم، ئاندىن بوش ئاۋازدا سورىدىم.

— ئەركىن، نېمە بولدىڭىز؟...

ئۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغان زەئىپ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تىرىشاتتى - يۇ، لەۋلىرى تىترەپ، بىردىنلا كىچىك باللارنىڭكىدەك ئۇمىچىيىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ پىچىرلىدى:

دىل...بەر...بۇندىن كېيىن مېنى... بىز ئايرىلىپ كېتەيلى...

مەن ھەيرانلىق بىلەن داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. گويا كىلىمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەنجەرنى كۆرگەندەك، كۆڭلۈم دەھشەتلىك بىر خەۋەرنى تۇيۇپ، ۋۇجۇدۇم لىترەپ كەتتى.

— نېمىشقا؟!

— بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن تەكلىپىمگە قوشۇ...لۇڭ...دىلبەر،... مەن بىلەن توي قىلغىنىڭىز بىر جەسەت بىلەن...توي قىلغىنىڭىزغا...باراۋەر. مەن كېسىلىمنى تەكشۈرتتىم...كېسىلىم...

ئۇ ئاۋازى بوغۇلۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. مۇدھىش بىر خىيال ۋۇجۇدۇمنى جۇغۇلدىتىپ، لەرزىگە سېلىۋەتتى. قاباھەتلىك بىر چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ، ئۇنىڭ ئازابتىن گاھ قارىيىپ، گاھ تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا تىكىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى بىر ئۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، بىر مەيدان ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەمدەك ئېغىزلىرى كەز باغلاپ، لەۋلىرى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەنىدى.

— ئاھ! — مەن ئاچچىق ئىڭراپ تاشلىدىم. بىر تال خەنجەر يۈرىكىمگە بۆسۈپلا كىرىپ كەتكەندەك بىرىلا ئاچچىق تولغىنىپ قېتىپ قالدىم.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ گويا قېچىپ كېتىشىمدىن قورققاندەك بىردىنلا ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلىۋالدى. پۇتلىرىمدا جان قالماي ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى يۈزلىرىمدە يۈگۈرۈپ، مۇزدەك قېتىپ قالغان جىسمىمنى تىترىتىپ ئۆتتى. ئۇ گويا مېنى تۇنجى قېتىم سۆيۈۋاتقاندەك شۇنچە ئاچكۆز، شۇنچە ئەسەبىي ھالدا سۆيەتتىكى، ئۇنىڭ لەۋلىرى لېۋىمگە ئەمەس گويا يۈرىكىمگە تېگىۋاتقان بىر پارچە چوغدەك يۈرىكىمنى داغلىۋەتتى. بىر ھازاغىچە خۇدۇمنى يوقاتتىم، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى، گاللىرىم ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قۇرۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىمدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى:

— يا...ق...ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان باغرىغا ئۆلۈكتەك ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە يېتىپ قالدىم. دەھشەتلىك ھاياجان قايناملىرىدا مېڭەم، تەپەككۇرۇم چېچىلىپ، ھېچنەرسىنى خىيال قىلالماي قالدىم. پەقەت ئاللىنېمىلەرنىدۇ خىيالىمغا كەلتۈرۈشۈم، ئاللىنېمىلەر ئۈچۈندۇر ئازابلىق ئۆرتىنىپ قانغۇچە كۆز ياش تۆكۈشۈم كېرەكلىكىنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم. لەۋلىرىمدە نېمىدۇر بىر نەرسىنى پىچىرلايتتىم...

ئۇنىڭ ئاشۇ لەۋلىرى، ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرى، گۈزەل ناخشا ئاۋازى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىمنىڭ ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنتىغا ئاجرالماس بولۇپ

سىڭىپ كەتكەن تۇرسا، ئۆلىگەن ئايرىلـ
غان ھاياتنى قانداق تەسۋۋۇر قىلاي؟!

مەن ئېسىمنى يىغىپ ئاستا شىۋىر-
لىدىم:

— ئەركىن، مۇشۇ كەڭرى ئالەمدە
ماڭا گۈزەل ھېسسىيات، مۇھەببەت ۋە
ھايات لەززىتى ئاتا قىلالايدىغان بىردىنـ
بىر تىرىك ئادىمىم پەقەتلا سىز! باشقا
بارلىق كىشىلەر ھەممىسى تىرىك يۈرسىمۇ
ياكى ھەممىسى ئۆلسىمۇ مەن ئۈچۈن
بەرىبىر... ئاھ، چۈشەنسىڭىز ئىدى... ئىش
قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بولغان
ئالاقەم پەقەت ئاۋۇ دەرەخلەر، ئاۋۇ تاش-
لار... بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخ-
شاش ئۆلۈك، ھېسسىياتسىز مۇناسىۋەت.
سىزسىز دۇنيا مەن ئۈچۈن بىر قەبرە
بولۇپ قالدۇ. ئاھ، مەن ئاشۇ مۇدھىش
قەبرە ئىچىدە قانداق ياشايمەن؟!

— دىلبەر، سۆزۈمگە قوشۇلۇڭ...
كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز!... مەن
سىزنى ئاچكۆز نەپسانىيىتىم ئۈچۈن بەختسىز
قىلىشنى خالىمايمەن! پەقەت سىزنى چىن
دىلىمدىن سۆيگەچكە... يۈرۈك كېتەيلى،—
ئۇنىڭ چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇق، ئازاب
بىراقلا كۈچلۈك بىر قەتئىيلىككە ئۆز-
گەردى.

ئۇ مېنى قويۇپ بېرىپ، ئىتتىك
كەينىگە بۇرۇلدى - دە، خىلۋەت ئۆستەڭ
بويىدىكى تاللىق ئارىسىدا پەيدا بولغان
چىغىر يولدا، ئۆلۈمدەك ۋەھشىي ۋە سو-
غۇق (بۇرۇن بىز ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق
ۋە ئىللىق ئىدى) ئاي نۇرىدا چۆمۈلگىنـ
چە ھەلسەتىشىپ، سەندىرەكلەپ مېڭىشقا
باشلىدى...»

خاتىرىسىدىكى ئىبارىلەر ماڭا بىر-
بىرىمىن دەمشەتلىكرەك تۇيۇلۇشقا باشلىـ
دى. ئارىسىدىن ھېلىلا مېنى بەربات قىلـ
ۋېتىدىغان بىر نەرسە چىقىپ قالىدىغاندەك
قورقۇنىچ بىلەن كۆزلىرىم ئالاق - جالاق
بولۇپ، بەتلەر يۈزىدە ئۈچۈشقا باشلىدى.
بىرنەچچە بەتنى تېز - تېز ئۆرۈۋەتتىم...
ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان بەربات بولۇپ بولـ
غانىدىم.

«1987 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 -
كۈنى.

بۈگۈن مېنىڭ تويۇم... تويىنىڭ بۇنداق
ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام...
ئەرلەرگە... ئۇنچە تەلپۈنۈپ قانچىلىگەن
كېچىلەر ئۇيقۇسىز ھالدا مۇشۇ كۈننى
زارىقىپ كۈتمىگەن بولار ئىدىم... بۇ توي
ئەمەس، ماتەم.

— سىزنى قارىتىپ قويۇپ، قانداقمۇ
باشقىلار بىلەن توي قىلىشقا چىدالايمەن؟—
دېدىم بىرنەچچە ھەپتە بۇرۇن ئەركىن بىلەن
خالىيدا ئۇچرىشىپ، — كېيىنرەك قىلسامۇ
ياكى قىلمىسامۇ بولىدۇ!

— ياق، مەن كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا
سىزنىڭ بەختلىك ھالدا توي قىلغانلىقـ
ىڭىزنى كۆرسەملا ئارمىنىم قالمايدۇ،—
دېدى ئۇ ئازاب بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ئاھ، ئۆزى خالىمايدىغان بىر كىشىگە
سۇنۇلغان تەبەسسۇملارنى ئاتا قىلىش...
سۇنۇلغان ھالدا مۇھەببەت ياساپ چىقىشـ
تىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ - ھە!

شۇ تاپ كۆز ياشلىرىم خاتىرە بەتلىـ
رىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئارقامغا قارىمىسامـ
مۇ ئەخمەتنىڭ ئارقامدا جىمجىتقىنا،
بىچارىلەرچە مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي
قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ئۇنىڭ
ئاشۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئاچكۆز، بىراق

تارتىنچاق بىچارە كۆزلىرى مەندىن ــ ئۇت
دېگىزدىن سۇ تەلەپ قىلغاندەك ــ مۇھەب-
بەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئەركىنىنىڭ
ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى
كۆرۈپلا ئۇنى تاشلاپ، مەن بىلەن توي
قىلىشقا قوشۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ
قالماسلىقى ئۈچۈن ئەركىن ئىككىمىز ئارى-
سىدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇت-
تۇم... كېيىنچە بۇنى... بەلكىم بىز قېرى-
غاندا ياق... ھە، دۇنيا خىيالىمىزغا كى-
رىپ چىقمايدىغان، ئاسان ھاياجانلانمايدى-
غان بولۇپ قالغاندا... مەنمۇ بۇ ئازابلارنى
ئۇنتۇتقاندا سۆزلەپ بېرەرمەن...

ئەخمەت ياۋاش، ساددا يىگىت
ئىكەن. ئەركىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ-
غا سادىق بولۇشۇم كېرەك.»

كۆزۈم قايسى كۈنكى ۋەقە يېزىلغان
بەتلەرگە چۈشتى:

«... ئۇنى كۆرۈپ، قۇچىقىغا قانداق
قىلىپ ئۆزۈمنى ئاتقانلىقىمنى سېزەلمەي
قالدىم. ئىللىق ۋە قاغجىرىغان، تەشنا لەۋ-
لىرىمىز بىر - بىرىگە جۈپلەشكەندىلا بىردىنلا
مېڭەمنى دەھشەتلىك بىر خىيال چۇل-
غىۋالدى. چۆچۈپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا
ئۇرۇندۇم. ئاھ، مەن... مەن ئېرى بار ئايال
تۇرۇپ... ئاھ، بۇ قىلغانلىرىم نېمە شەر-
مەندىچىلىك؟! بار كۈچۈمنى يىغىپ
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتىم. ئۆزۈمنى
قانچە ئۇنىڭدىن تارتىشقا ئۇرۇنغانسېرى
لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تېخىمۇ چاپلى-
شىپ، مەڭگۈ ئاجرالماس بولۇپ كېتىدى-
غاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھاياجاندىن
پۈتۈن بەدىنىم تىترەيتتى. مېنى چىن
دىلىدىن سۆيىدىغان، مەن ئۈچۈن جان
بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان ئەخمەتنىڭ
مۇڭلۇق، ساددا، بىچارە كۆزلىرىنى ئىزلەپ
ئەتراپلارغا چەكچىيىپ قارايتتىم. ئۇنىڭ
قويىنىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى
بولاتتىم، بىراق گويا بەدىنىم ئۆزۈمنىڭ
ئەمەستەك، ماڭا قىلچە بويسۇنماستىن
ئەسەبىيلەرچە بىر ياۋايى ئىستەك دەستى-
دىن ئەركىنگە تېخىمۇ چاپلىشىپ كېتىۋا-
تاتتى. ئەخمەتنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمى-
دىن كەتمەي مېنى قىينايتتى.

گويا كۆزى ئېتىكلىك ھالدا چوڭقۇر
ھاڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالغان ئادەم كۆ-
زىنى ئېچىپ بىردىنلا چۆچۈپ كەينىگە
شوخشىغاندەك ئەركىن مېنى قويۇۋېتىپ
چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، لەۋلىرى تىت-
رەپ، يۈزلىرى لىپىلداپ تارتىشىپ كەتتى.

ــ دىلبەر... بىز... ئاھ... بۇ نېمە
ئىش؟!... بۇنداق قىلساق ئەخمەتكە قان-
داق يۈز كېلىمىز؟!... قاراڭ، ئىشكمۇ
ئوچۇق تۇرسا...ــ دېدى ئۇ ئەتراپقا چۆ-
چۈپ قاراپ.

ــ ئەركىن، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ
رەزىل تېنىملا ئەخمەتكە مەنسۇپ. بىراق
بۇ ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىق بول-
مايدۇ. بۇ ئىشقا... بۇ تەن بىلەن مۇنا-
سىۋەتسىز... بۇ مېنىڭ روھىمنىڭ سىرتقى
بەدىنىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى... بۇ روھ-
نىڭ سۆيۈشى. مېنىڭ روھىمغا پەقەت
سىزلا ئىگە... ھازىرمۇ مەن لەۋلىرىم
ئارقىلىق سىزگە لەۋلىرىمنى ئەمەس...
تەشنا روھىمنى تەقدىم قىلدىم...

گېلىمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغان-
دەك سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم.
كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى...»

خاتىرىنى يەرگە قويدۇم... ھەممە
ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى. ئەركىنگە

بولغان ئۆچمەنلىكىمنى ساقلاپ قالالمىدىم. مەن ئەركىننى ئۆلدى دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ھەقىقىي ئۆلگۈچى مەن ئىكەنمەن. مېنىڭ ئۆلۈشۈم پەقەت مۇشۇ خاتىرە دەپتەر بىلەن خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا باشلانغان ئەمەس، بەلكى مەن تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا ھالاك بولغانىكەنمەن. دىلبەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ ئۆلۈكىنىڭكىدەك مەنىسىز ۋە غۇربەتلىك قەلبىمگە ھەقىقىي ھايات ئاتا قىلدى دەپ ھېس قىلىپتىمەن. مەن مەنىلىك ھەقىقىي ھاياتنى ئۇنىڭ قەلبىدىن، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىزلىگەنىدىم. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمەپتىمەن. ئۇنىڭ قەلبىدە مەن ئەسلا ياشاپ باقماپتىمەن. مانا، بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ھالاكەت ئىدى. مەن بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىپتىمەن.

مەن يۈگۈرۈپ دىلبەر بار ئۆيگە كىردىم-دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. لەۋلىرىم قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك ئاۋازىم ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقتى:

— دىلبەر!... جېنىم دىلبەر! ئەركىن ئۆلمىدى. ئۇ مەن ھاياتىمنى بېغىشلاپمۇ ئېرىشەلمىگەن سېنىڭ قەلبىڭدە ياشاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ مەندىن بەختلىك. بىراق مەنچۇ؟! مەن تىرىك تۇرۇپمۇ ھېچكىشىنىڭ قەلبىدە ياشىيالمىدىم. ئاھ، كىممۇ مېنى ئويلاپ قويىدۇ؟! كىممۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ؟! كىممۇ مېنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان، قەلبى يالقۇنلۇق سۆيگۈ ۋە ئىنتىلىشلەر بىلەن تولغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىدۇ؟!!!... مەن ساڭا شۇنچە ئاشىق، بىراق ساڭا زادى نېمە ئاتا قىلالىدىم؟! دىلبەر ئەخمەت ئۆلدى. سەن ئۇنى ئۆلدى دەپ ھېسابلا. مەن ئەركىن بولاي. مەن سېنى ئەركىننىڭ ئورنىدا ئەركىندەك ھەقىقىي پاك مۇھەببەت بىلەن مەڭگۈ سۆيەي!

قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ئەتراپتا گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلماقتا. قاتىللىقىم خەلقى-ئالەمگە يۈرىكىمنى يېرىپ چىقىپ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئاۋۋال ئەركىننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قانغۇچە يىغلىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن... چۈشۈۋاتقان قارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈۋاتقاندەك كۆكسۈمدە مۇزدەك بىر سوغۇقلۇق، بىر زۇلمەت ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا.

ئابابەكرى تۇيغۇن



# كۈي تۆكىدۇ قىشلاقلار

ئابابەكرى ئەمەت (تۇيغۇن) 1965 - يىلى 11 - ئايدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قوشمە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1985 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن. هازىر يېڭىسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1983 - يىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىگە كىرگەنىدى. هازىرغىچە «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 150 كە يېقىن شېئىر، هېكايە ۋە نەسىرلىرى ئېلان قىلىندى.

## سەۋدالىق لىرىكىسى

1

مەن چۆككەندە نىگاھلىرىڭغا،
قىلدى ئۇ پاك قەلبىڭنى ئايان.
نېمىشقىدۇر قالدىڭ ئەندىكىپ،
ئورنىۋالدى خىيالىي تۇمان.

دىللىرىڭنى باسقانەك تەشۋىش،
چىرايىڭدا غۇۋا مەنزىرە.
كۆردۈم يەنە قىزىق ئىنتىلىش
كۆزۈڭدىكى قورقۇنچ ئىچرە.

ئاھ، بۇ ئالەم سىرلىق شۇ قەدەر،
كەل، باقايلى بوشلۇققا ئۇزاق.
ئاۋۋالقىدەك كۆك ئەمەس زەڭگەر،
پۈركىمەكتە قارلارنى ئاپئاق.

ئولتۇرايلى بولۇپ يانمۇ يان،
ئۈستىمىزدە بۇلۇتلار توپ - توپ.
خىياللارغا مىنگىشىپ بۇ ئان،
بىز يىراققا كېتەيلى ئۇچۇپ.

2

يىراقتىكى ئورماندىن مۇڭلۇق،
ئىللىق شامال بەرمەكتە سادا.
ئاھ، بىزدىكى ئارمانىنى تولۇق
كۈيلىمەكتە بۇ شامال گويا.

تىڭشا ئۇنى سەنمۇ، ئامرىقىم،
ئاچار شۇندا ئارزۇلار چېچەك.
سۆزلىمەكتە بىزگە تەبىئەت
كەلگۈسىمىز ھەققىدە چۆچەك.

ئەي ئاق بۇلۇت، كىرسىز ساددا دىل،
خىيالىمدا سەنلا بار ھامان.
بولالايمەن بەختىڭگە كېپىل،
كۆرۈنسەمۇ گاھى مالىمان.

3

مەن سەھرانىڭ ئاددىي كۆلىدىن —
تېرىپ كەلدىم بىر دەستە ئەمەن.
ئۇنىڭ مەززىلىك، خۇشپۇراق ھىدىن
كۆيلىرىڭگە ئاتىسەن جەزمەن.

ئۇ ئۆگەتتى ماڭا ئۆزگىچە
ئاچچىق - چۈچۈك تۇقۇشنى قوشاق.
شۇنى ساڭا سوۋغا قىلغىچە،
چۆكۈپ قالدىم خىيالغا ئۇزاق...

سەن بۇ گۈلنى باققانمۇ كۆرۈپ،
بۇ ماڭىلا ئوخشايدۇ قوپال.
تاشلارسەنمۇ ئۇنى سۇندۇرۇپ،
يا قولۇمدىن ئالامسەن دەرھال؟

4

تۇڭلۇكىمنىڭ بېشىدا بىر قۇش
بۇ دەم ماڭا قارار سەنكىرىپ.
تۇرۇپ «چىسرت - چىسرت» سايرايدۇ
بىھوش
ۋە چۆچۈيدۇ گاھى ئەيمىنىپ.

ئاشۇ مۇڭلۇق كىچىككىنە جان،
يوق قېشىدا جۆرىسى، بىراق.
بولۇۋالغان بەلكىم سەرگەردان،
(شۇنداق قىلغان ئەلەم ۋە پىراق.)

مەن شۇنىڭغا قارايمەن ئۇزاق،
ئەگەر ئۇنىڭ تىلى بولسا دەپ.
شۇ توغرىدا ياراتسام قوشاق،
ئۇ دەردىنى بەرسىكەن سۆزلەپ!

5

مەن ئىشقىڭدا كۆيگەندە شۇنداق،
مىسرالىرىم كەتتى بۇلدۇقلاپ.
تىنىقىمدا بىر ياڭراق قوشاق
جاراڭلايتتى سىينى ئۇلۇغلاپ.

قۇم ئېرىقنى قۇچاقلاپ يېتىپ،
بەزمە قىلدىم قۇشلار كۈيىنى.
يۇلتۇز چىققان چاغدا كۈن پېتىپ،
كۆك يۈزىدىن ئىزدەيمەن سىينى.

## ئۈن - تىنسىز ئېقىن...

زەڭگەر كۈنلۈك، زەڭگەر رەڭ ياپراق،
زەڭگەر سامان، زەڭگەر مەجنۇنتال.
مىنۇۋېلىپ تاللارغا شامال
ۋادىلارنى كېزەر بىمالال.
ساقىلىنى زەڭگەر قىياقلار
بىر - بىرىگە ياتىدۇ ئۇلاپ.
يالىڭاياق كۆزەتچى ئۇندا،
قوپال، غەمكىن كېزەر «قۇۋ...قۇۋ...»لاپ.
ئۇزۇك - ئۇزۇك ئۇنىڭ ناخشىسى،
سىڭىپ كېتەر زەڭگەر تۇمانغا.
بوش ۋە ئاجىز قۇشلارنىڭ كۈيى
ھۆكۈم سۈرەر قويۇق ئورمانغا.
يالىڭاياق كېزەر كۆزەتچى،
كىيىمى چاك، كىرىكىدە كىر.

ئۇزاپ بارار ئۇن - تىنسىز ئېقىن،
قىياقلاردا قىلماي ھېچ تەخىر!...

## سىڭلىمغا

ئاھ، ئەجەب قىزچاقسەن ساددا ۋە ئۇماق!
چاقنايدۇ تاڭدىكى زەردەك نىگاھىڭ.
غۇبارسىز كۆز ئېقىڭ كۈمۈشتەك ئاپئاق،
تەبەسسۇم، كۈلكەڭگە بايدۇر چىرايىڭ.

يەلپۈنەر زەر لېنتا چېكە چېچىڭدا،
قىسىلغان، ئاھ، كاككۈك گۈلى چېكەڭگە.
ئاھۇنىڭ بىر كىچىك پۈشتىدەك گويا،
سەكرەيتتىڭ قىيغىتىپ تىنماي چىمەندە.

بەختىڭنى ئەقدىردىن تىلەپ ھەر دائىم،
ھۆجرىدا دۇئاگۈي بولدى ئانىجان.
ۋەلېكىن مەن سېنى يوقلىماي كەتتىم،
ئىشقىمنىڭ چۆلىدە يۈرگەچكە سەرسان.

بۈگۈن كەچ چۈشۈمدە بولدۇڭ نامايان،
سوغ-سۇق ھېس - تۇيغۇدىن قۇتقازدىڭ،
ھەي - ھەي!
بالىلىق شادلىقىم بوپقالدى ئايان،
بىكارچى ئەخمەققە پۈتۈلگەندەك مەي.

كىيلەر ئىچ ئاغرىتقۇم بىتەلەي سىڭىل،
بوپقالدىم باغرى تاش ساراڭ قوشاقۋاز.
مېھرىڭگە بولالماي قالدىم مەن كېپىل،
ۋە بەختىڭ ھەققىدە كۈيمۇدۇم ئاز - پاز.

* *

ئاھ، ئەجەب قىزچاقتىڭ ساددا ۋە ئۇماق!
ئاكىلىق مېھرىمگە قانمىدىڭ بىراق.
سۆزلىسۇن ئەقدىرىم ھەققىدە چۆچەك
ئاكاڭنى ئۆستۈرگەن شۇ قەدىم تۇپراق.

## سەن كەتتىڭ

سەن كەتتىڭ، ئۈزۈتىپ چىقالمىدىم يار،
ئالالماي قالدىم ھەم دېرىكىڭنى ھېچ.
ئۇنۇمگە ئۇن قېتىپ چەكمەكتە دىل تار،
بىز كەزگەن قەدىمىي قىشلاقتىكى كەچ.
ئاي ئۈزەر تۇمانلىق ئاسماندا مۇڭلۇق،
بۇ مەجرۇھ قەلبىمگە بەرمەكتە ئاگاھ.
شۇ تاپتا ھەممىنى ئەيلەيمەن تولۇق
ۋە كۆيگە قاتىمەن ئۆزۈمنىمۇ گاھ.
ئۆتمەكتە بۇ كۈنلەر چۈشتەك گادىرماچ،
سىيمايىڭ چاقنايدۇ غۇۋا مانانىدا.
باشلايدۇ بۇ يەرگە خىياللار بەگباش
ۋە ئۆچكەن تىلەكلەر چاقنار تۇماندا.
سەن كەتتىڭ، ئۈزۈتىپ چىقالمىدىم يار،
ئالالماي قالدىم ھەم دېرىكىڭنى ھېچ.
قالغىنى بىز ئۆچۈن بولۇپ يادىكار
قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ قىشلاقتىكى كەچ.
ئەگەردە بىر چاغلار يەتسە قەدىمىڭ،
يوقلارسەن شۇ تونۇش ئورمان ئىچىنى.
شۇ چاغدا بوش ئەگسە خىيال كەپتىرىڭ،
سەيلە ئەتسۇن ئۇنتۇلماس ئاپئاق كېچىنى.

## سۇدىكى ناخشا

سۇتتەك سۈزۈك ئاق كېچە،
بۇ دەم قۇشلار بىناۋا.
ئۇلار كۆكتە يۇلتۇزنىڭ
چاقنىشىغا مۇپتىلا.
سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە
پىشىلىماقتا تولۇنئاي.
قوغلاپ ئاينى بىر قولۋاق
ئۈزۈپ بارار توختىماي.
تۇتىماق بولۇپ ئاي پەرى
سۇغا قولىن ئۇزاتتى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن تۇتۇپ ئالغىنى
يەنىلا ئۆز سىقىمى.
تىندى ئېغىر ئۇ مەجنۇن،
يەنە سۇغا قاردى.
يېقىنغىنا بىر يەردە
ئاي نۇرلىنىپ پارلىدى.
ئۇ قولىنى سوزۇپ شاد
يەنە ئايغا ئۇزاتتى.
نېمە بولدى تۇتقىنى،
ئاي سۇدىلا تۇراتتى.

ئېغىر تىنىپ ئۇرۇپ ئاھ!
پۇچىلاندى يۇرىكى.
تويۇقسىزلا چايقىلىپ،
ئۆكتۇرۇلدى قولۇىقى.

* *

ئۇزەر سۇدا كۆچىنىپ،
ئايمۇ ئۇزەر ئالدىدا.
سۆيۇپ ئالدى ئاينى ئاي،
ناخشا پۇتتى سۇدىلا...

داۋۇتجان سەئىدىن

## ئەقىدەڭگە تاڭ قالسۇن ئالەم

### سېنىلا كۆيلەپ

ئۆتەر كۈنلەر يىلدەك تويۇلۇپ،
كۈنىنى ساناپ نەچچە ئاداشتىم.
خەتلەر پۇتۇپ ھارمىدى قەلەم،
قىسسەلەرگە يېڭى بەت ئاچتىم.

ئاتىۋالدىم سېنى «تاش يۇرەك»
سېغىنغانچە ئاھلىرىم ئۆرلەپ.
كۆز يېشىمدا بويالدى بەتلەر،
پۇتتى ئۇنۇم سېنىلا كۆيلەپ.

### سەن ئۇخلارسەن بەلكى خىرامان

كەلگەنىمكىن تاڭ ئاتماس كېچە،
مەن ياتىمەن ھالسىز تولغىنىپ.
چۇشلىرىمدە ماڭا ھەمراھ سەن،
يېگانىمەن باقسام ئويغىنىپ.

خىياللىرىم ئەيىبكىدەسەن.
قاچۇرىسەن ئۇيقۇمنى ھامان.
بۇ تونۇردا مەنلا چۇچۇلا،
سەن ئۇخلارسەن بەلكى خىرامان.

### مەن يىغلىسام سېنىڭ كۈلگىنىڭ...

تۇن دېغىنى يۇيۇپ نۇرۇڭدا،
دېرىزەمدىن پىنھان مارىدىڭ.
يۇزلىرىڭنى يېقىپ ئەينەككە،
زەر چېچىڭنى يېنىك تارىدىڭ.

چاچراپ تۇردۇم ئورنۇمدىن شۇدەم
باققان كەبى بەختىم — نۇر ـ قۇياش.
ئۇزۇپ سۇتتەك نۇر دېڭىزىدا،
كۆزنەكلەرنى ئاچتىم ئالدىراش.

غايىب بولدۇڭ ئالدىمدىن شۇئان،
چىقىۋاپسەن ساما قەھرىگە.
مەن يىغلىسام سېنىڭ كۈلگىنىڭ
ياراشمىدى ۋاپا ئەھلىگە.

## كۈت

ئۈزۈلمىسۇن ئۈمىد يىپلىرىڭ،
تۈننى تاڭغا ئۇلاپ مېنى كۈت.
تاشلىنارمەن كۆكسۈڭگە بىر كۈن،
قونىغان كەبى چوققىغا بۈركۈت.

مەن بارارمەن (ئۆمۈرلۈك چوقۇم)
بارالمىدىم يېنىڭغا كۈندە.
بارسام ئېلىپ بارارمەن شادلىق،
مەيلى كۈندۈز ۋە ياكى تۈندە.

بوي ئەگمىگىن ھىجران ئالدىدا،
يۈرىكىمگە ئەبەدىي چىن پۈت.
ئەقىدەڭگە تاڭ قالسۇن ئالەم،
كۈتكىن مېنى، ئۆمۈر بويى كۈت!

## مەكتۇبلىرىم سەپكە تىزىلدى

تىزىلمىغان سۆيگۈ ئۇنچىسى
پەقەت بىرلا ساڭا تىزىلدى.
يېزىلمىغان مەكتۇپلار ئاخىر
داستان بولۇپ سەپكە تىزىلدى.

ئۇچۇپ كەتتى قالات چىقىرىپ
قوللىرىڭغا يەتكەندۇر، بەلكىم.
يۈرىكىمدىن ئوخچىغان ھېسلار
سېنى تاۋاپ ئەتكەندۇر، بەلكىم.

يەتسە يەتسۇن، بەلكى تېز يەتسۇن،
يەتمەي ئازاب چەكمىسۇن ھەرگىز.
مەكتۇپلىرىم قېلىپ جاۋابسىز،
مېنى خاراب ئەتمىسۇن ھەرگىز.

## سوۋغا قىلاي قۇياشنى ساڭا

قىرانلىقنىڭ جەۋلانى بىلەن
شېرىن چۈشتەك ئۆتتى بۇ يىللار،
يۈرەكلەرنىڭ چېكىپ تارىنى،
قول تۇتۇشتى نازۇك، پاك دىللار.

سوزدى چاڭگال ئاخىر بۇ ھىجران،
قالالمىدىڭ سەنمۇ مەن بىلەن.
شۇنداق ئىكەن دۇنيا قىسمىتى،
كېتەلمىدىم مەنمۇ سەن بىلەن.

ئۇنتۇلمىسۇن قۇتلۇق سۈرەتلەر،
پاك سۆيگۈمگە بولسۇن ئاي گۇۋاھ.
سوۋغا قىلاي قۇياشنى ساڭا،
مېنىڭ ئۈچۈن بولسۇن ئۇ ھەمراھ.

**ماخمۇت مۇھەممەت**

## ئىسىمسىز گۈللەر

ئۇن توققۇزغا كىرگەن چېغىمدا،
سەن ئېچىلدىڭ كۆڭۈل بېغىمدا.
يۈرىكىمنىڭ رەناسى بولدۇڭ،
دىلبەرلەرنىڭ بەرناسى بولدۇڭ.
قۇلىقىمدا دەريا شاۋقۇنى،
كۆكرىكىمدە كۆكسۈڭ دولقۇنى...
پەقەت كۈلدۈڭ ئاز ھەمەل، لەيلى،
كېيىن تاشلاپ يوقالدىڭ... مەيلى.

كىم ئويلاپتۇ ھىجران كۈنىنى،
قانداق ئۇنتاي بۇنىڭ مۇڭىنى؟!

* *

ماڭغىنىمدا ھەر كۈن كوچاڭدىن،
دەرۋازاڭغا قاراپ ئۆتىمەن.
بوسۇغىدا كۆرۈنسەڭ، دىلبەر،

شادلىقىمدىن ياپراپ ئۆتىمەن.
كۆرۈنمەسمەڭ، سەكپارە بولۇپ،
دېرىزەڭنى ماراپ ئۆتىمەن.
تەبەسسۇمدىن قىلساڭ ئىلتىپات،
بۇلبۇل بولۇپ سايراپ ئۆتىمەن.
ئېيتقىن جېنىم، ئىشقىي ئوتۇڭدا
قاچانغىچە خاراب ئۆتىمەن؟!

* *

يۇر، گۈزىلىم، چىقايلى باغقا،
كەچ تاڭدىكى شېرىن ئۇيقۇدىن.
كۈيدۇرگۈچى ھېسلارغا تولۇپ،
زوقلىنايلى سەھەر كۆركىدىن.
تۇر، گۈزىلىم، ئۇيقۇچان ئوماق،
دېمە ئەتە كېزەيلى باغنى.
بار ئەتىمۇ ئەلۋەتتە گۈل، باغ،
تاپالماسمەن بىراق بۇ چاغنى.
ئەتە ھەرگىز تۇرماس بۈگۈنكى
بۇ شېرىن تاڭ، بۇ گۈزەل سەھەر.
ئۆتكەن پەيتەر، كەلمەس تا ئەبەت،
بۇ مەنتىقنى ئۇنۇتما، دىلبەر.
يۇر، گۈزىلىم، چىقايلى باغقا،
بۇ تاڭ بىزگە بىلمەڭ غەنىمەت.
مۇھەببەتلىك ئۆمۈر يولىدا،
تاڭ ۋاقتىدۇر ئەڭ گۈزەل، قىممەت.

* *

قەلبىڭ گۈزەل، قىلىقىڭ گۈزەل،
جامالىڭنىڭ يوقتۇر تەڭدىشى.
جان ئالىدۇ قىيغاش قاشلىرىڭ، 1
كۆزلىرىڭنىڭ ئاتەش، يېنىشى.
سەن تەۋرىنىپ يۈرگەن چېغىڭدا،
يوشۇرىدۇ گۈللەر مەڭزىنى.
قىزىرىدۇ پەرەڭدىن بەتتەر
قۇياش ھەر تاڭ كۆرگەندە سېنى.
باغلار ئارا يۈرسەڭ شەپىسىز،
توختاپ قالار تىنىقتىن بۇلبۇل.
كۆز يۈتۈلەر ياپراقلارغىمۇ،
ساڭا بېقىپ ئەيلىشەر غۇلغۇل.
ئۆزۈڭ گۈزەل، ئۇقمايسەن بۇنى،
بىراق خوپتۇر ئۇقمىغىنىڭمۇ.
ئەكسى ھالدا جۇدا مەن ياردىن،
ئۇقۇپ قالساڭ تۈگەشكىنىم شۇ.

* *

خاتىرەمدە باردۇر بىر سۈرەت،
قاچان ئاچسام كۈلەر بىر گۈزەل.
كۆزى ماڭا تىكىلەر پەقەت،
يۈرىكىمدە ئۇيغىتىپ غەزەل.
تىكىلىمەن سۈرەتكە غەمكىن،
خاتىرىلەر يېپى چۇۋۇلار.
گۈزەل كۈلۈپ باقىدۇ تەمكىن،
بۇ ھال ماڭا غەلەت تۇيۇلار.
سۈرەت، سۈرەت، باقما مۇنچىلا،
ئىشەنمەيمەن، كۈلگىنىڭ يالغان.
سېنى ساقلاپ، ئىسسىت، شۇنچىلا...
ئەمدى يار دەپ ئۆلگىنىڭ يالغان!

تۇرسۇنجان ھاشىمى

يۈرىكىم

بۇ مېنىڭ يۈرىكىم يالقۇنلۇق يۈرەك،
سىلىق قۇياش تەپتىمۇ قىلىدۇ ئازلىق.
بۇ مېنىڭ يۈرىكىم دولقۇنلۇق يۈرەك،
كۆكسۈممۇ ئۇنىڭغا قىلىدۇ تارلىق.
بۇ مېنىڭ يۈرىكىم چوغلانغان يۈرەك
ئۈمىد ۋە تىلەكنىڭ يالقۇنلىرىدا.
ئىقبالىم زىشتىسى چېكىلگەن ئاڭا،
ئىشقىم بار شىددەتلىك دولقۇنلىرىدا.
بۇ مېنىڭ يۈرىكىم نۇر دەرياسىدۇر،
چۈنكى ئۇ ئانا سۈت مېھرىگە قانغان.

ئالغاچقا قەدىردان ئانىدىن تەلىم،
شۇ ئانا ۋەتەنگە مېھرى باغلانغان.

بۇ مېنىڭ يۈرىكىم ئەۋلاد يۈرىكى،
دىلىمغا مىڭ دەريا سۆيگۈ ياراتقان.
بۇ مېنىڭ يۈرىكىم ئەجداد يۈرىكى،
ئالەمگە ئاتەشلىك ئىستەك تاراتقان.

## ✓ چۆلدە

چىلان رەڭلىك قۇم چۆل باغرىدا
ھۆكۈم سۈرەر پىژغىرىم ئاپتاپ.
تاشلار ياتار قىزىرىپ چوغ كەبى،
گەۋدىسىنى قۇياشقا قاقلاپ.

يىراقتىكى ئۇپۇق لېۋىدە،
قۇرۇپ قاپتۇ بىر ئەزىم دەريا.
ساھىلىنى بېسىپ غېرىبلىق،
قاقشال دەرەخ تۇرىدۇ تەنھا.

قاقشال دەرەخ تۇرىدۇ تەنھا،
قاقشال ئۇنىڭ غول - ياپراقلىرى.
تۇرار ئەنە دەريانى يادلاپ،
قۇشلار چاڭگا سالغان شاخلىرى.

چاڭقاق ھېسلار ئۇسسۇلۇق ئىزدەپ،
قارىچۇقۇمنى كەتتى يېپتەكلەپ.
ۋاھ ئەجەبا، ئاشۇ چۆل ئىچرە،
بىر توپ يۇلغۇن قاپتۇ چېچەكلەپ.

قاسىم سىدىق

## لەببەيچىلەر

بەك بەلەن ئەھلى ھۈنەر لەببەيچىلەر،
تاشتىمۇ تەرسە ئۈنەر لەببەيچىلەر.
بەس، ئۇلارنى خار قىلىش ھەددىڭ ئەمەس،
ھەر نەپەستە مۆتىۋەر لەببەيچىلەر.

مەيلى بەگۇ، مەيلى ئامبال ئۇچرىسۇن،
مەيلى بىر سەھرايى داڭگال ئۇچرىسۇن،
مەيلى ئابدال، مەيلى رەمبال ئۇچرىسۇن،
نەپلا چىقسا پۈكۈلەر لەببەيچىلەر.

بولمىغاندەك گالغا ئاشلىقسىز جاھان،
بولمىغاي مەڭگۈگە باشلىقسىز جاھان،
ئالسىمۇ باشلىقلىرى يۈز ئىمتىھان،
يۈز ئەمەس مىڭنى بىلەر لەببەيچىلەر.

قاغىنى ئاپئاق دېسە ئاپئاق دېگەن،
ئوغرىنى بۇ ساق دېسە بۇ ساق دېگەن،
بۇ، ئورا پەشتاق، دېسە، پەشتاق دېگەن،
تۇتىدەك سايراپ كېلەر لەببەيچىلەر.

قانچە «شاھ»لارنى چۈشۈردى «تەختى»دىن،
قانچىلەرنى ئايرىدى قۇت - بەختىدىن،
باج ئالار ھەر كۈندە مىڭ ھاڭۋاقتىدىن،
بارچە ئالەمگە زەرەر لەببەيچىلەر.

ئالدىنىپ قالما ھەمىشە ... خوش ... دېسە،
بولما گول گەپنى مۇلايىم - بوش دېسە،
كەلمىسۇن تەس ئەتلا «پوش-پوش» دېسە،
بول چېچەن،
بەكمۇ چېۋەر لەببەيچىلەر.

www.uyghurkitap.com

# ئۈمىت ئۇنتۇلمىدۇ

قاھار جېلىل

(ھېكايە)

ئۇ چەت ئەلدىن كەپتۇ.

بۇ خەۋەر باشتا مېنى بىردىنلا قىزىقتۇردى. ھەدېگەندىلا كۆز ئالدىمدا غۇلجا شەھىرىنىڭ خىلۋەت، تېرەكلىك كوچىلىرىدىكى رومانتىك ئاخشاملار نامايان بولدى. گويا ئۇنىڭ بىلەن قولتۇقلىشىپ ئاستا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، دەرەخ دالدىسىدىكى ئاشۇ قەدىردان ئورۇندۇقتا يانداشىپ ئولتۇرغاندەك بولدۇم. ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان تۇيغۇلار يېڭىباشتىن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىدى. ئەمما بىر ئازدىن كېيىن ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئاخىر، تۆت بالىغا ئاتا بولغان ئادەممەن، نەۋرىلىرىمنىڭ ئالدى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى ياشلىقتىكى رومانتىك ۋەسۋەسىلەرگە ھەۋەسلىنىش نە ھاجەت!؟

بېشىمنى سىلكىۋېتىپ، يەنە قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم. ئەتە چوڭ يىغىن، مەن نۇتۇق سۆزلىشىم كېرەك، سۆز تېكىستىنى كەچكىچە قولدىن چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرەر ئىشقا قاتتىق بېرىلگەن چاغلىرىمدا باشقا ھەرقانداق غەيرىي خىياللارنى مېڭەمگە يېقىن يولاتمايدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق بولار دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، «ئۇ كەپتۇ» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز خىيالىمغا قۇلۇقتەك تۇيۇلۇپ، پىكرىمنى چېچىۋەتتى. لېكىن ھەرقانداق خەۋەر تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇنىڭ قىممىتى ئاستا - ئاستا خىرەلىشىدۇ. ئاخىرى مەنمۇ يەنە بېسىقىمغا چۈشتۇم - دە، نۇتۇق تېكىستىنى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىپ تۈگەتتىم.

كەچتە ئۆيگە كەلسەم، ئايالىمنىڭ روھىي ھالىتىدە ئازراق ئۆزگىرىش باردەك كۆرۈندى.

— ھېلىقى … — دېدى ئۇ ئالدىمغا

«تارىم بوستانى» غا تۇرۇل قىلىنغان ئەسەر

تاماق قويۇۋېتىپ.

سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. بىراق ئۇ قاچىغا لازا، ئاچچىقسۇ قۇيغان بولۇۋېلىپ ئىندىمىدى.

— نېمە «ھېلىقى»؟

ئايالىم قولاشمىغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

— كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ باشقىلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە نەۋاق.

ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ كېچىكىپ كەلگەن تالاي چاغلىرىم بولغان، لېكىن ئۇ سوراپمۇ قويمايتتى. بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم. بىراق ئۇنىڭ تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنلىكى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

كۆمۈلۈپ قالغان بۇلاق سۈيى كۈنلەردىن بىر كۈنى زېمىن ئۈستىگە چىقماقچى بولسا، ئاۋۋال بىر نەچچە قېتىم «بۇلدۇق، بۇلدۇق» قىلىپ يومىلاق كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە سەن ئۇنى بەزىدە «سىزدىندى سۇلارنىڭ ئۆرلىشىمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالىسەن، ئەمما ئۇ ئاخىرى ئۇخچۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، ئەسلى ھالىتىنى بىردىنلا نامايان قىلىدۇ. ئايالىممۇ شۇ تاپتا ئاشۇ بۇلاققا ئوخشىدى.

— كونا قەدىردانىڭىز چەت ئەلدىن كەپتىغۇ!؟

ھە، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە. ئايالىم ھېلىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەمما مەن بۇنداق «كۈلۈمسىرەش» ئىچىگە ئاللىقانداق بىسەرەمجانلىق، ئاچچىقلىنىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەنىلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىنمۇ يۇقىرىقى ھالەتلەرنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ھەي ئاياللار، ئاياللار. سىلەردىنمۇ مۇشكۇل تېپىشماق بارمىكىن جاھاندا؟! بەزىدە ئۆزۈڭلارغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزگەن نى ئازاب، نى مۇشكۇللۇقلارنى ئۈن ـ تىنسىز سۈمۈرۈۋېتەلەيسىلەر ۋە بەزىدە مانا ھازىرقىدەك ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ۋە سىلەرگە ھېچبىر زىيىنى تەگمەيدىغان كىچىككىنە ئىشلارمۇ كۆڭلۈڭلارنى پەرىشان قىلىپ قويىدۇ.

مەن ئېچىنغان ھالدا ئايالىمغا قارىدىم. 35 يىل بىر ئائىلىدە ئىناق ياشاپ كەلدۇق. بىللە قايغۇرۇپ، بىللە شادلاندۇق، ئىززەت ـ ھۆرمەت، ساداقەت ۋە كۆيۈمچانلىق تۇيغۇلىرى قەلبىمىزدە ھەمىشە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ پاك تۇيغۇلارغا شەك كەلتۈرۈش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئەمەسمۇ!؟

ئۇنىڭغا زادى يالغان سۆزلەپ باققان ئەمەسمەن. شۇڭا «ھېلىقى» نىڭ كەلگەنلىكىدىن مېنىڭمۇ خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

ئايالىم يەنە بايىقىدەك كۈلۈمسىرىدى.

— مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقتى. شۇنچە ئادەم ئاڭلىغان يەردە سىز خەۋەرسىز قالاتتىڭىزمۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ كەلمەكچى بولغانلىقىدىن ... ئۇ كېلىشتىن ئىلگىرىلا خەۋەر تاپقان بولغىيدىڭىز؟... خۇشال بولغانسىز؟

ئۇنىڭغا سەل رەنجىگەن قىياپەتتە قاراپ قويدۇ ـ مۇ، گەپ قىلمىدىم. نېمىنى دېيەلەيتتىم، ئاخىر؟ ئايالىممۇ مېنى جاۋاب بېرىشكە قىستىماي ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىدارىدىن قايتقاندا قورسىقىم بەكلا
ئاچقانىدى، بىراق ھازىر ئالدىمىدىكى
ئاشنى تۈزۈكرەكمۇ يېيەلمىدىم. ئۇرۇنسىز
تەنە - تاپىلار ۋە ئۇ قوزغىغان رەنجىش
تۇيغۇلىرى قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويۇپتۇ.
قوشنام چاقىردى. ئىككىمىز كۈندىـ
كى ئادىتىمىز بويىچە كوچا بويلاپ كەچـ
لىك سەيلىگە چىقتۇق.
قايتىپ كەلسەم، ئايالىم ئۇخلاپ قاپـ
تۇ. مەنمۇ ئورۇنغا كىرىپ ياتتىم. تېزرەك
ئۇخلىۋالسام دېگەن ئۈمىدىم بىكار بولۇپ
چىقتى. ئۇڭدا يېتىپ باقتىم، بولمىدى،
ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ باقتىم، يەنە
بولمىدى. ئاخىرى بۇنىڭدىن 40 يىل بۇـ
رۇنقى ئىشلار ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالـ
دىمدا جانلاندى.

* *

1948 - يىلى يۇرتىمىزدىكى بىر
تۈركۈم ياشلار غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ
باردۇق. بەزىلەر مىللىي ئارمىيە تەركىبىـ
گە ئۆتۈپ ئەسكەر بولدى، بەزىلىرىمىز
ھەر خىل ئىدارە ۋە كەسپىي تارماقلارغا
ئورۇنلاشتۇق. بىزنىڭ ئىدارە خىزمەتچىلىـ
رى ئىچىدە بويىغا يەتكەن قىزلار خېلى كۆپ
ئىدى ۋە ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك بولـ
غاچقا ئائىلىلىرىدە يېتىپ قوپاتتى. بىز بىرـ
قانچە «ياقا يۇرتلۇق» بويتاق يىگىتلەر
ئىدارىنىڭ كوللېكتىپ ياتىقىدا ياتاتتۇق.
يىگىتلىك چاغلار ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ ئۇرـ
كەشلىگەن چاغلىرى ئىكەن. كۈندۈزى خىزـ
مەت قىلاتتۇق، كەچقۇرۇنلۇقى تاماقتىمىزـ
نى چالا - بۇلا يەپلا كوچىغا يۈگۈرۈلۈپ
چىقاتتۇق. يا كىنو كۆرەتتۇق، يا قاۋاقـ
خانىلارغا شۈڭغۇيتتۇق ۋە ئەتىسى ئۆلۈكـ
تەك ئۇخلاپ كېتەتتۇق. ئەتىگەندە قىزلار

دېرىزە تۈۋىگە توپلىشىپ، كۈلۈشۈپ، ۋارـ
قىرىشىپ ئويغىتاتتى. ھەتتا بەزى شوخـ
راقلىرى ياتىقىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ يۈـ
زىمىزگە مۇزدەك سۇ چاچاتتى. قىش كۈنلىـ
رى يومىلاقلانغان قارلارنى پېشانىمىزگە
تىزىپ قوياتتى. سوغۇقتىن شۈركىنىپ
ئويغىناتتۇق. چاچلىرىمىز پاخپايغان، قاپاقـ
لىرىمىز ئىششىغان بولغاچقا، قىزلارنىڭ ئالـ
دىدا تولىمۇ ئۇيىلاتتۇق، لېكىن كۆزىمىزـ
نى ئاچقان ھامان قارشى جىنسلارنىڭ
كۈلۈپ تۇرغان بەرنا چىرايلىرى بىلەن
ئۇچرىشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ، ئەبتاۋۇر يەنە
كۆڭلىمىزدە ئاجايىپ بىر خىل سۆيۈنۈش
جۇش ئۇراتتى.
ئاجايىپ شوخ قىزلار ئىدى ئۇلار!
قاپاق تۈرۈشلەر، قاتتىق - يىرىك سۆزلەر،
قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىشلەر ئۇلارغا
تامامەن يات ئىدى. باغرى تاش دېيىلگەن
ئادەملەرمۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۆپپىدە
ئېچىلىپ تۇرغان گۈلزارلىققا دۇچ كەلـ
گەندە، بەزىدە گۈللەرنى چەيلەش، تۇرماق،
ئۇلارنى ئالدىراپ - تېنەپ ئۈزۈشتىنمۇ ئۆزىنى
تارتىدۇ. چۈنكى تەبىئەتنىڭ ئاشۇ رەڭدار ۋە
مۇلايىم گۈزەللىكى ئىنسان بالىسىنىڭ قەلـ
بىنى ئېرىتىش، ئەسىر قىلىش ئىقتىدارىغا
ئىگە. نەزەرىمىزدە، ئاشۇ قىزلارمۇ بىزنىڭ
«گۈلزارلىقىمىز» دا ئېچىلغان خۇش پۇراق
گۈللەر ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە
نېمىشقىدۇر ئەيمىنەتتۇق. باشلىقلىرىمىزنىڭ
تەنقىدلىرى كۆپىنچە ئۇ قۇلىقىمىزدىن كىـ
رىپ، بۇ قۇلىقىمىزدىن چىقىپ كېتەتتى - يۇ،
لېكىن قىزلارنىڭ تەبەسسۇم ئارىلاشقان
ئانچىكى جىمىلەشلىرى يۈرىكىمىزنى ئانارـ
دەك قىزارتىۋېتەتتى.
بىر قېتىم ئىدارىمىزدە تانسا كېچىلىـ

كى ئۆتكۈزۈلدى. بىز «ياقا يۇرتلۇق»لار تانسا ئويناشنى بىلمەيتتۇق، لېكىن قىزلار بىزنى سۆرەشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۈشۈشتى. بىز راسا تەرگە چۆمۈلدۇق. قىزلارنىڭ مايلانغان توپلەيلىرى دەسسىلىپ رەسۋا بولۇپ كەتتى. بىز ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ھەر بىر دەسسىۋالغان چېغىمىزدا ئۇلار «ۋاي!» دەپ توۋلىۋېتەتتى-يۇ، ئارقىدىن يەنە قاقاقلاپ كۈلەتتى. بىز بولساق ئىزاغا ئۆلگۈدەك بولاتتۇق.

بۇرۇن تانسا دېگەن خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقماپتىكەن، ئەمدى بىردىنلا مەيلىمىزنى تارتىۋالدى. قاچانكى بوش ۋاقتىمىز چىقسا، ياتاقتا ئورۇندۇق ياكى ياستۇقلارنى «قىز» قىلىپ، گاھ «تاڭگو»، گاھ «رومبا»غا دەسسەيدىغان، گاھ «ۋالس»قا پىرقىرايدىغان بولۇۋالدۇق. قىزلار بىزنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقىمىزنى ئالاھىدە ماختاشتى. شۇندىن كېيىن ئائىلىلەردە پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان تانسا كېچىلىكلىرىگىمۇ قاتنىشىدىغان بولدۇق.

كىشىلەر ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ زادى قاچان باشلانغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرمەك تەس دېيىشىدىكەن. غۇلجىغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇرتۇمدا ئوقۇغۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا بويىغا يەتكەن قىزلارغا زوقلىنىپ قارىغان، ھەتتا بەزىلىرى توغرىسىدا ئاخشاملىرى ئوي-خىياللارغا بېرىلگەن چاغلىرىممۇ بولغان. بىراق بەزىلىرىنى شۇ ھامانلا ئۇنتۇپ كېتەتتىم، بەزىلىرىنى بولسا، بىرقانچە قېتىم كۆرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئىسسىقلىقىم قايتىپ قالاتتى. بىراق غۇلجىغا كېلىپ «تانسا مەستانىسى»غا ئايلانغان شۇ كۈنلەردە ئەھۋال باشقىچە بولۇپ كەتتى.

مەن قەمەر ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيتتىم. ئۇ شۇ چاغلاردا 17 - 18 ياشلاردا بار ئىدى. ئىككى مەڭزى سۈزۈك ئالمىدا، خۇما كۆزلىرى بۇلاققا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىلا ھەۋەس بىلەن قارىغىنىمنى تەن ئالىمەن. بىراق مەن يېڭىلا كەلگەن «ياقا يۇرتلۇق»، بۇ شەھەرگە نىسبەتەن خۇددى يېتىم بالىغا ئوخشايمەن. «تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا» دېگەن گەپ بار. مەن ئۇچۇن يەرلىك قىزلارغا زوقلىنىشنى كىم قويۇپتۇ. يەنە تېخى ئۇ بەلكىم باي ئائىلىنىڭ قىزىدۇ، كىم بىلىدۇ؟ مەن بولسام، بىر نامرات يىگىت. يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزاتقىنىم تۈزۈك بولار...

مەن ئەنە شۇنداق ئويلارنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭغا بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىشقا ئۆزۈمنى زورلاپ يۈردۈم. قەمەرمۇ باشقا دوستلىرىغا ئوخشاشلا شوخ ۋە ئوچۇق-يورۇق قىز بولۇپ، تونۇشقان كۈندىن باشلاپلا ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئاتا-ئانام، يۇرتۇم توغرىسىدا تىنىماي سورايتتى. بۇ توغرىدا گەپ ئېچىلسىلا تولىمۇ يايراپ كېتەتتىم، ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارغىچە قالدۇرماي سۆزلەشكە تىرىشاتتىم، قەمەرمۇ ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتى. كېيىن ئۇ مېنىڭ تەلەپپۇزۇمدىكى پەرقلەرنى تۇتۇۋېلىپ چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئەمما مەن ئۇنى بىر خىل يېقىنلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ قىلچە رەنجىمىدىم ۋە ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى رۇسچە ئىبارىلەرنى مەسخىرە قىلىپ يۈردۈم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بار-

ھالىبرى يېقىنلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشىنىڭ زادى قاچاندىن باشلانغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ھە دېسىلا ئۇنى ئويلايدىغان، كۆرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزگەن چېغىمدا، ئىختىيارىمنىڭ ئۆزۈمدە بولماي، باشتىكى ئۆزۈمگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ نەلەرگىدۇ غايىپ بولغانلىقى ئايان بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا بۇرۇنلا كېلەتتىم ۋە قەمەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. ئۇ ھېمىشەمدىكىدەك كۈلۈپ ـ يايراپ كىرىپ كېلەتتى. مەن بولسام قىلىۋاتقان ئىشىمنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالاتتىم. ئەمما ئۇمۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا، كۆزۈمنى دەرھال ئېلىپ قاچاتتىم. تانسىلاردا ئەلۋەتتە بىللە بولاتتۇق ۋە باشتىن ـ ئاخىر شۇنىڭ بىلەنلا ئوينىغۇم كېلەتتى. ناۋادا باشقا بىر چاققان يىگىت ئۇنى ئېلىپ كەتكۈدەك بولسا، ھەسەتتىن ئۆرتىنەتتىم. تالاي قېتىم ئۇنىڭغا قەلبىمنى ئىزھار قىلىشنى ئويلىدىمۇ، بىراق كۆڭلىمچە پۇرسەت بولمىدى. پۇرسەت كەلگەن چاغلاردا جۈرئەتسىزلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. «ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇنداق خىيال بولمىسىچۇ، ئۇ چاغدا ئاشۇ قىزغىن تەبەسسۇملىرى، خۇش خۇي مۇئامىلىلىرىدىن مەھرۇم قىلسا، بۇ يۇرت ماڭا ھارام بولمامدۇ!؟ ...»

ياشلىقتىكى مۇھەببەت تۇيغۇسى مەلۇم مەزگىلدە، باشقا بارچە تۇيغۇلارنى بېسىپ چۈشىدىكەن. بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز كىنوغا كىردىم. نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم پەرىشانىدى. بىر چاس تۆگمىچە چىداپ ئولتۇردۇم ـ دە، چىراغ يېقىلغان ھامان چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەمما شۇ ھامان يەنە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى مەندىن ئىككى قاتار ئالدىدا قەمەر يەنە ئىككى قىز بىلەن ئولتۇراتتى.

— بۇرادەر، ئولتۇرسىڭىزچۇ! — كىمدۇ بىرى پېشىمدىن تارتتى.

ئولتۇردۇم، ئەمدى بايىقى پەرىشانلىقىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، كۆڭلۈمدە بىر دەريا شادلىق مەۋج ئۇراتتى.

كىنو تۈگىدى. چىراغ يېقىلىش بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىزلارغا قارىدىم. ئۇلارمۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېنى كۆرۈشتى. قەمەر بىلەن ئىككىمىز گويا ئۇزۇندىن بۇيان ئايرىلىپ كېتىپ، تويۇقسىز ئۇچراشقاندەك بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. مۇھەببەت مەسىلىسىدە ياش قىزلار تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار چىرايلاردىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىپادىلەردىن، سۆزلەردىكى ئانچىكىم بىشارەتلەردىن ئالەمچە مەزمۇنلارنى بىلىۋېلىشقا ماھىر.

زالدىن چىققان چېغىمىزدا قەمەرنىڭ دوستلىرى نەگىدۇ غايىپ بولۇشۇپتۇ. قەمەر بولسا، گويا ئۇلارنى ئىزدىگەندەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويدى ـ يۇ، لېكىن يېنىمدىن بىر قەدەممۇ سىلجىمىدى.

— ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ ...

— قىزلار نەگە كەتكەندۇ؟ ... سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن!؟

بۇ ئەلۋەتتە رازىلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— يوق، سىز ئۈچۈن ئاۋارە بولسام خۇشال بولىمەن.

بۇ مېنىڭ ئۆز ھېسلىرىم توغرىسىدا قەمەرگە ئېيتقان تۇنجى جۈرئەتلىك

www.uyghurkitap.com

سۆزۈم ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ھايا ۋە ئۇماقلىققا تولغان تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئىككىمىز ئاستا مېڭىپ كەتتۇق. ئاشۇ بىرىم سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تولىمۇ قىيىن روھىي ھالەتلەر ۋە تۇنجى قېتىملىق سۆيگۈ ئىزھار قىلىشلارنى ئەينى بويىچە تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. ئىشقىلىپ، شۇ ئاخشىمى ئاۋۋال مەن، ئاندىن قەمەر قەلبىمىزنى ئاشكارا قىلىشتۇق. ئەمما ھەر ئىككىلىمىزلا ناھايىتى ئاز سۆزلەشتۇق، كۆزلىرىمىز بولسا، ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى بايان قىلدى.

شۇندىن باشلاپ ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ ئاخشام بىللە بولاتتۇق. كۆپرەك كەچلىك سەيلىگە چىقاتتۇق. غۇلجىلىقلار مۇنداق سەيلىلەرنى «سۇۋىدانىيە» دەپ ئاتىشىدىكەن. بەزىدە كىنوغا كىرسەكمۇ تولىسى كىنو تۈگىمەستىلا چىقىپ كېتىپ يەنە «سۇۋىدانىيە» قىلاتتۇق. ئاھ، ئۇ چاغلاردىكى نوۋىگورد ① كوچىسىدىكى خىلۋەت ئاخشاملار نېمە دېگەن سۆيۈملۈك ئىدى - ھە! كوچا دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن مىڭلىغان شولىلار بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. سالقىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. بىر پارچە غەم - تەشۋىش دېگەنلەرنى تامام ئۇنتۇپ، پەقەت شادلىق ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە غەرق بولغان ھالدا ئاستا ماڭاتتۇق. ئاندىن ئېگىز دەرەخلەرنىڭ داldىسىغا، تامغا يۆلەپ ئورنىتىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتۇق. پاراڭلىرىمىز تۈگىمەيتتى. ئەلۋەتتە مۇنداق پاراڭلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشلىق، مۇھەببەت ۋە كەلگۈسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا بولاتتى. بەزىدە مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق ئىپتىراسلىرىغا غەرق بولاتتۇق. ۋۇجۇدىمىز خۇددى جاھانغا پېتىشالا كۆز ئاچقان كەپتەر باچكىلىرىدەك تىترىنىشىپ، لەۋلىرىمىزدىن تارقىغان ھارارەتتە گويا سىمابتەك ئېرىپ، بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى...

بىر كۈنى مېنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتۇم توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدۇق:

— ئەسكەرلىرىمىز ئۇ جايلارنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن بىزمۇ شۇ يەرلەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىمىز، — دېدى قەمەر ھاياجانلانغان ھالدا.

«قەمەر مېنىڭ يۇرتۇمنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.»

— ئاتا - ئاناڭ رۇخسەت قىلمىسىچۇ؟

— رۇخسەت قىلىدۇ، — ئىشەنچە بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۇ جايلارمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ يۇرتىمىز. مانا سىزمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەۋاتىسىزغۇ، يا بۇ يەرنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ھېسابلىمامسىز؟

تېخىچە ئۆزۈمنى «ياقا يۇرتلۇق» دەپ بۇ يۇرتتىن ياتسىراپ يۈرگۈنۈم ئۈچۈن بەكمۇ خىجىل بولدۇم.

— بۇمۇ ئۆز يۇرتۇم، ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان ھەممە يەر ئۆز يۇرتىمىز. مۇشۇ جايدا قېرىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن!

قەمەر ماڭا يەنە بىر قېتىم ئاشۇ ئۇماق تەبەسسۇمىنى ئىنئام قىلدى.

ياشلىق چاغلار دېگەن قىزىق بولىدىكەن:

— ئېيتقىنا، مېنى نېمە ئۈچۈن

① نوۋىگورد — غۇلجىدىكى بىر كوچىنىڭ نامى.

ياشنى كۆرمىدۇق؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى ئۇنىڭدىن.

راستىمنى ئېيتسام، بۇ مەسىلە مېنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. چۈنكى غۇلجىلىق يىگىتلەردىن بىرمۇنچىسىنىڭ قەمەرنىڭ كەينىدە ئەگىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلارمۇ ناھايىتى شوخ، كېلىشكەن بالىلار ئىدى. ھالبۇكى قەمەر مېنى تاللىغانىدى.

— ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە ھايالىق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى قەمەر چاچلىرىنى ئوينىپ تۇرۇپ. — مۇنداق كىشىگە ئۆزۈڭنى بېغىشلىساڭ مەڭگۈ داغدا قالمايسەن!

ئۇنىڭ مېنى چىندىن چۈشەنگىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەنتەنىلىك ۋەدىلەرنى بېرىشكە باشلىۋىدىم، لېكىن ئۇ قولى بىلەن ئاغزىمنى تۇسۇۋېلىپ:

— ھاجەتسىز، — دېدى.

قەمەر مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشپۇراق، ئەڭ كۆركەم گۈل ئىدى. بىراق ئۇنىڭ يېنىدىن خوخا - يانتاقلارنىڭمۇ ئۈنۈپ چىقىشىنى زادى ئويلىمىغانىكەنمەن.

بىر كۈنى ئىككىمىز كىنوغا كىردۇق. فىلىم ھەر ئىككىمىزنى بەك جەلپ قىلغاچقا ئاخىرىغىچە كۆرۈپتىمىز. كۇلۇبتىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغان چېغىمىزدا ئارقىمىزغا ئۈچ ئادەمنىڭ ئەگىشىۋالغىنىنى سەزدۇق. قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ، يان كوچىغا بۇرۇلدۇق، لېكىن ئەگەشكۈچىلەردىن يەنىلا قۇتۇلالمىدۇق. ئۇلار 10 - 12 قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، بەزىدە ئىسقىرىتىپ، بەزىدە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ئېلىشتى ۋە بەزىدە بىزگە تەھدىت سالىدىغان گەپلەرنى قىلىشاتتى. قەمەر قورقۇشقا باشلىدى. مۇھەببەت ئادەمگە كۈچ بېغىشلايدۇ، دېگەنلىرى راست ئىكەن، شۇ تاپتا ھېلىقى ئۇلار ئۈچ كىشى ئىكەن، ئون كىشى بولغاندىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغاندەك سېزەتتىم ئۆزۈمنى. بىراق قەمەر قولۇمغا يېپىشىپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— خۇش بولۇپ كېتەي، ئۇلار بىلەن ئېيتىشماڭ، — دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

ئىدارىمىز يېقىنلا يەردە ئىدى. بىزەڭ يىگىتلەردىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ ئىدارىگە يېتىپ كەلدۇق. قاراۋۇل ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان كىشى ئىدى.

— قەمەرنى ئىككىمىز ھارۋا بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ئۇ ۋە ھەش - پەش دېگۈچە خادىلىك ھارۋىنى قاتتى. قاراۋۇلنىڭ ئىدارىنى تاشلاپ كېتىشىگە بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتىم - دە، يۈگەننى قولۇمغا ئالدىم.

— ماقۇل، مېڭىۋېرىڭلار بالىلىرىم، ئۇ لالىلار بۇ كوچىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈۋەرسە، ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، — دېدى ئۇ بىزنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ. ئاتقا بىر قامچا سېلىۋىدىم، شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىقى تەقىپ قىلغۇچىلار 20 قەدەمچە نېرىدىكى دەرەخ دالدىسىدا تاماكا چېكىشىپ تۇرۇشقانىكەن، بىزنى توسۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي ۋارقىراشقان پېتى قېپقالدى. بىراق قايتىپ كەلگەن چېغىمدا ئەگىدۇ يوقىلىپتۇ.

ئىدارىمىزنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆرەلمەيدىغانلار چىقىپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ماڭا «سەممىي نەسىھەت» قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتى. ئەمما «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بارغۇ. مەن ئۇنداق نەسىھەتلەرگىمۇ، قاتتىق - يىرىك ئاگاھلاندۇرۇشلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. ئۇلار يەنە چېقىمچىلىق ۋاسىتىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئىدارە رەھبەرلىكى ئالدىغىچە بارغانىكەن، ئۇ يەردىمۇ بۇرنىغا يەپتۇ.

بىراق ئۇلار يەنىلا تىنجىمىدى. بىر كۈنى ئىدارىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىن بىرى مېنى چەتكە تارتىپ «سەممىي نەسىھەت» قىلدى:

— ئۇكام، ئەخمەق بولماڭ، قەمەر دېگەن مۇشۇ يۇرتتىكى ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. سىز بولسىڭىز ياقا يۇرتلۇق. بىز بۇ يۇرتلۇقلار ئەزەلدىن باشقا يۇرتلۇقلار بىلەن قىز ئېلىپ، قىز بېرىشكەن ئەمەس. ئاۋارە بولغىنىڭىز قالىدۇ. شۇڭا مېنىڭ مەسلىھەتىم، قەمەردىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ. خۇدا خالىسا، سىزنىڭمۇ ئۆز يۇرتىڭىزدىن بىرەر قىز چىقىپ قالار.

ئىدارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئۇ ئايالنى ئارقىسىدىن «داستىخانچى» دەپ مازاق قىلىشاتتى. چۈنكى ئۇ ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقىرىدىغان ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا داستىخان كۆتۈرۈپ ئەلچىلىك قىلىش بىلەن نام چىقارغانىكەن. مەن ئۇنىڭ ھېلىقى «مەسلىھەتى» ئۈچۈن شاكىراپ بىلەن يۇغۇرۇلغان تەشەككۈرۈمنى بايان قىلىۋىدىم، ئۇ، مەقسىتىمنى چۈشىنىپ ئەدەت سالدى:

— ئەمىسە، گەپىڭىز ئۇچىغا چىقىپتۇ. — دەپ ئېيتىپ قوياي: قەمەرنىڭ بۇرۇنلا چاي ئىچۈرۈپ قويغان ئىگىسى بار. ئۇ ئۇنداق - مۇنداق كىشى ئەمەس. ھوش - كاللىڭىزنى بىلىپ يۈرمىسىڭىز، كېيىن پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز. بۇنى بىلىپ قويۇڭ - ھە!

— قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىمەپتۇ، دېيىشىدۇ، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — مەنمۇ ئېيتىپ قوياي: قەمەر ئۆزىگە - ئۆزى خوجايىن. ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن ئادەم مانا مەن. قېنى، تالاشقۇچىلار چىقسا، كۆرەرمىز!

شۇ كۈنى ئاخشىمى كىمدۇ بىرى ياتىقىمغا بىر پارچە خەت تاشلاپ قويۇپتۇ. ئېچىپ ئوقۇدۇم: «سەن كەلگىندى نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن!؟ سېنى يۇرتىمىزغا سىغدۇرغىنىمىز ئاز كەلگەندەك، يەنە قىزلىرىمىزنى ئوۋلىغۇڭ كەپ قالدىمۇ؟ بىلىپ قويغىن، بىز بار يەردە ساڭا قىزلىرىمىزنىڭ بىر تال چېچىمۇ تەگمەيدۇ. سىڭگەن نېنىڭغا شۈكۈر قىلمايدىكەنسەن، بۇرنۇڭدىن بۇلاق ئاچىمىز!...»

ئادەم بىرەر قارشىلىقتا دۈچ كەلسە، تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كەتسە كېرەك. كىشىلەر مېنى ئەزەلدىن ياۋاش يىگىت، دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ، شۇكەمگىچە ئادەم تۇگۇل چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرگەن ئەمەسمەن. بىراق بۇ قېتىم ھېلىقىدەك تەھدىتلەر بولۇۋەرگەنسېرى ئۆزۈمدە بىر خىل تاقابىل تۇرۇش كۈچى پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. دوستلىرىمۇ ماڭا مەدەت بېرىشتى.

بۇلۇت پەيدا بولىدىكەن، يامغۇر ياغماي قالمايدۇ.

بىر كۈنى كەچتە قەمەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، قايتىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمنى بىر يىگىت توستى.

— سەرەڭگەڭ بارمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ هاراق پۇراپ تۇراتتى.

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دېدىم - دە، ئۇنىڭدىن داجىپ، ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— ئالدىرىما! — ئۇ شۇنداق دەپلا كۆكرىكىمگە بىر مۇشت ئۇردى.

ئۇنىڭ قەستەن جېدەل چىقارماقچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. قېنىم قاينىغان بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم.

— بۇرادەر، مەن سىزنى تونۇمايمەن!...

— بۇنىمۇ تونارسەن!؟ — ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈۋېتىپ ئېڭىكىمگە قاتتىق بىر مۇشت ئاتتى. ئىككى قەدەم يانغا دەلدۈگۈندۇم. ئۇ يەنە كاللا قويماقچى بولۇپ ئېتىلدى. شارتتىلا يانغا بۇرۇلۇۋىدىم، پۇتۇمغا پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلدى. شۇ تاپتا ئۇنى راسا دەسسەپ - چەيلىسەممۇ، گۇناهكار هېسابلانمايتتىم، بىراق ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق مۇشتىنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ يولۇمغا مېڭىۋەرمەكچى بولۇۋىدىم، ئۈلگۈرەلمىدىم. يەنە ئىككى - ئۈچ يىگىت خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى - دە، ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇپ كەتتى. پەقەت ئىككى - ئۈچ مۇشتىلا قايتۇرالىدىم. ئۇلار مېنى يىقىتىپ، دەسسەشكە باشلىدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ — شۇ سۆز بىلەن تەڭ مېنى ئۇرۇۋاتقانلار خۇددى خامانىدىن توغلانغان قوشقاچلاردەك دەررۇ كۆزدىن يوقالدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا يېنىمدا ئۈچ كىشى پەيدا بولدى. مەن ئاغرىققا چىداپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— هوي دەيۈزلەر، مۇنداقمۇ نامەرتلىك قىلغان بارمۇ؟! — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى مېنى يۆلەپ، ئاندىن باشقا ئىككىسىگە بۇيرۇدى، — سولۇر، لۇسىر، نېمە قارىشىپ تۇرۇشىسەن؟ بۇ بالىنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ ئۇ نامەردلەر. كېلىڭلار، كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىڭلار.

بىرەيلەن مېنى هاپاش قىلماقچى بولۇپ، ئالدىمغا ئۆتۈۋىدى، لېكىن، مەن ئامال قىلىپ، ئۆزۈم مېڭىش ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ئىككىيلەن مېنى يۆلىدى. ئۇلار ئاتا - بالىلار بولۇپ، ئۆيى شۇ ئەتراپتىكەن. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن 55 ياشلاردىن ئاشقان موماي ئەهۋالىمنى كۆرۈپ بىردىنلا دات سالدى:

— ۋاي كىم بۇ؟ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويۇلۇپ كېتىپتىغۇ بۇ بالىنىڭ!؟ — ئاندىن ئۇ ئىككى ئوغلىغا ۋارقىرىدى، — سەن هارامزادىلەرنىڭ قىلغان ئىشىمۇ بۇ!؟

— قاغىدەك قاقىلداۋەرمەي، سۇ كەلتۈرگىنە! — دەپ ئۇنىڭ چالۋاقاشلىرىنى باستى ئېرى.

پۈتۈن بەدىنىم خۇددى پىچاقتا تىلىپ تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. شۇنداقتىمۇ يۈزۈمدىكى قانلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا تەمشەلدىم.

— ئالدىرىما! — ئۆي ئىگىسى بوۋاي مۇرەسسەسى ئاۋايلاپ بېسىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئارقا ئەرمىيەگە ئىككى ياستۇق يۆلىدى، — ئەمدى ئېيتقىنا، ئۆزۈڭ

كىم بولسەن، بالام؟ بۇ غالجىر ئىتلارغا نېمە يامانلىق قىلىۋىدىڭ؟

ئىسمىمنى، ئىدارەمنى ئېيتىپ بەردىم، ئەمما بۈگۈنكى جېدەلنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى توغرىسىدا گۇمان قىلغانلىرىمنى ئېيتىپ بەرگۈم كەلمىدى.

— قارىغاندا، بۇ شەھەرگە مۇساپىر ئوخشايسەن، سۆزۈڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. مەيلى قەيەرلىك بولما، مۇسۇلمان بالىسى ئىكەنسەن. ئۇ نامەردلەرنىڭ قايسى ئارپىسىنى خام ئورغانلىقىڭنى دېگۈڭ كەلمىدى، مەيلى، ئەمما بىر مۇساپىر بالىسىنى شۇنچىلىكمۇ ئۇرۇۋەتكەن بارمۇ؟ ھۇ، دەيۈزلەر!

— ھەتتىگىنەي، دەررۇ قېچىپ كېتىشتى ئۇ ناكەسلەر، — دېدى.

بوۋاينىڭ كىچىك ئوغلى لۇۋىر ئىسىملىك يىگىت، — بولمىسا ...

بوۋاي ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ھەممەڭ تىلىمۇ، دىنىمۇ بىر مۇسۇلمان باللىرى تۇرۇقلۇق غالجىر ئىتتەك بىر-بىرىڭنى چىشلىشەتتىڭ؟ — ئاندىن ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ، يۇمشاق تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئارىمىزدا سۇرىتى ئادەم بولغىنى بىلەن قىلىقى غالجىر ئىتتىنمۇ ئۆتەر ئاشۇنداق يارىماسلارمۇ بار. خەير، بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئوغلۇم! بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەھۋالىڭ ئېغىرراق تۇرىدۇ، بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونۇپ، تونۇشۇپ قالدۇق، بىزنى ئاتا-ئاناڭ ئورنىدا كۆر، مەنمۇ سېنى ئوغۇللىرىم قاتارىدا ساناي، بولامدۇ؟

بايا شۇنچىلىك قاتتىق تاياق يېگەن چېغىمدىمۇ بالۇۋۇش ياكى كۆز يېشى قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. بىراق بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمنى مايدەك ئېرىتىۋەتتى. كۆز ياشلىرىمنى مىڭ تەستە تۇتۇپ قالدىم. ھاياجانلانغىنىمدىن:

— رەھمەت ئاتا! — دېگەن سۆز بوغۇزۇمدىن ئارانلا چىقتى.

ئاڭغىچە موماي ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ، ھەسەل، سېرىق ماي ۋە نان-توغاچ بىلەن چاي كەلتۈردى. ئارقىدىنلا يەنە بىر تاۋاقتا پىشۇرۇلغان توخۇم ئېلىپ كەلدى. گېلىمدىن بىرەر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۆزۈمنى زورلاپ دېگۈدەك ئاز-تولا بىر نەرسە يېدىم. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قانچە تۇتقىنىغا قارىماي، رەھمەت ئېيتىپ قايتماقچى بولدۇم. بوۋاي سەل رەنجىگەندەك بولدى-يۇ، لېكىن يەنىلا رايىمغا باردى.

— قېنى، هارۋىنى قات! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ چوڭ ئوغلى سونۇرغا، — ئىككىڭلار بۇ ئىنىڭلارنى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىڭلار.

موماي ئۇنۇمىغىنىمغا قارىماي، ھېلىقى توخۇملارنى يانچۇقلىرىمغا قاچىلىدى. يەنە تېخى بىر شىشە قاچىدا ھەسەل بەردى.

— بىچارە مۇساپىر بالام، ناۋادا ئاپاڭ مۇشۇ ئەھۋالىڭنى كۆرگۈدەك بولسا، يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرىدى، ئىلاھىم، سېنى ئۇرغان ئاشۇ دەيۈزلەر قان قۇسۇپ ئۆلەر! — دېدى ئۇ كۆز يېشى قىلغان ھالدا.

ئەتىسى يۈز-كۆزۈم ئىششىپ، كۆ-

كىرىپ كېتىپتۇ، ئىشقا چىقالمىدىم. رەھبەرلەر كىرىپ ھال سورىدى، ھەتتا ساقچىلارمۇ كەپتۇ. ھادىسىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ قىلىشقا بولمايتتى، قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. مېنى ئۇرغۇچىلارنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تەقىپ قىلىپ يۈرگەنلەر ئىكەنلىكى ماڭا ئايانىدى، كۆرسەملا تونۇۋالاتتىم. بىراق ساقچىلار قانچىلىك كوچىلاپ سوراشسىمۇ:

— قاراڭغۇدا ئۇلارنى زادى پەرق قىلالمىدىم، كۆرسەممۇ تونۇيالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

بىچارە قەمەر تېخىمۇ بەك ئازابلاندى. ئۇ ياتقىمغا كىرىپ يېنىمدا سائەتلەپ ئولتۇراتتى، ئىسەدەپ ياش تۆكەتتى. بۇ ئىشقا ئۆزىنى سەۋەبچى ھېسابلاپ مەندىن قايتا-قايتا ئەپۇ سورايتتى. مەن بولسام كۈلۈشكە، چاقچاق قىلىشقا تىرىشاتتىم، تەسەللى بېرەتتىم.

تۆت-بەش كۈندىن كېيىن ساقىيىپ ئىشقا چۈشتۈم. بەزى دوستلىرىم ئەمدى توي قىلىشقا مەسلىھەت بېرىشتى.

دېمىسىمۇ، قەمەرنىڭ ئائىلىسىگە ئاللىقاچان ئەلچى كىرگۈزۈشۈم لازىم ئىدى. بىراق نېمەم بىلەن توي قىلىمەن؟ ماڭا ئىشىم كۈندىلىك خىراجىتىمدىن ئاشمايتتى. ئاتا-ئانام گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايوندا بولغاچقا، خەت-ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈلگەنىدى. قەمەرنىڭ ئائىلىسى خېلى ھاللىق كىشىلەر ئىكەن. مۇشۇنداق بىر بەرنا قىزنى ماڭا ئوخشاش تىكەنسىدەك يالغۇز بىر يىگىتكە دۇئا قىلغۇزغانسىدەك تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ شۇڭا ئەلچى كىرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالماي يۈرگەنىدىم.

**بىراق ھېلىقى غەۋغادىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىزنى سىرتتىكىلەرمۇ بىلىپ قېلىشتى.** قەمەر بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە «سەۋدانىيە» قىلىپ يۈرۈۋېرىشكە ئەمدى بولمايتتى. ئاخىرى دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلار بار نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن «ئەلچىلەر ئۆمىكى» تەشكىللەپ، قەمەرنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتتىم. ئەسلەپ باقسام، تاكى ھازىرغىچە شۇ كۈنكىدەك ساراسىمىگە چۈشكەن چاغلىرىم بولماپتۇ. ئەلچىلەرنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالدىم. قانچە قېتىم ئولتۇرغىنىم، قانچە قېتىم كارىۋىتىمغا سوزۇلۇپ ياتقان ھالدا شېرىن خىياللارغا بېرىلگىنىم ۋە قانچە قېتىم كوچىغا چىقىپ، خەۋەرچىلىرىمنىڭ يولىغا تەلمۈرگىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا دەرۋازىدا ئەلچىلەر كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىنلا تونۇمنىڭ قانداق پىچىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

دېگەندەك قەمەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ھەتتا ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشنىمۇ خالىماپتۇ.

— بىز بولغۇسى قۇدىلىرىمىز بىلەن يۈرۈنلا كېلىشىپ قويغان، — دەپتۇ دادىسى گەپنى چورت كېسىپ، — لەۋزىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ. سىلەر سايە قىلغان يىگىت ئاۋارە بولمىسۇن.

قەمەرنىڭ ئانىسى بولسا:

— قەمەرنى بىز نەدىكى بىر ياقا يۇرتلۇق يېتىمەككە بېرەرمىز دەپ چوڭ قىلمىغان. ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئادەت شۇ: بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئۆز يۇرتلۇقلار-

غىلا ياتلىق بولىدۇ، — دەپتۇ.

يەنە شۇ «ياقا يۇرتلۇق!» مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەت تۇپرىقىغا سىڭگەن قانلار ئىچىدە ئاشۇ «ياقا يۇرتلۇق» لارنىڭ ئاققۇزغانلىرى ئازمۇ؟! مەيلى قوشۇنىدا، مەيلى ئارقا سەپتىكى ئىدارىلەردە بولسۇن، غۇلجىلىق يىگىتلەر، قىزلار بىزنى بىر مەرتىۋىمۇ «ياقا يۇرتلۇق» دەپ ئاتىغىنى، چەتكە قاققىنى يوقتۇ. تېخى ئۇلار ئولتۇرۇشلاردا تۆرنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەتتى، ئاكوپلاردا ئائىلىلىرىدىن كەلگەن سوۋغاتلارنى ئالدى بىلەن بىزگە ئۈلەشتۈردى. غۇلجىنىڭ خۇش ھاۋالىق كوچىلىرىدا يۈرگەن چېغىمىزدا ئۆزىمىزنى خۇددى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىمىزدە يۈرگەندەك ئەركىن، ئازادە ھېس قىلدۇق. لېكىن مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرىدە نېمە ئۈچۈن مۇنداق چەك قويۇلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر مىللەت كىشىلىرى تۇرۇپ «ئۆز يۇرت» ۋە «ياقا يۇرت» دەپ ئايرىيمىز؟ تارىخىمىزنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، بۇ جەھەتتىكى قانلىق ساۋاقلار ئاز تېپىلامدۇ؟... مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۆۋەن ھېسابلاشقا بولمايدىغانلىقى بىرمۇنچە كىشىلەرگە ئايان. ھازىرمۇ ئەسلەيدىغان، ئەتىۋارلايدىغانلىرىمىز ئىچىدە ھەتتا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرمۇ خېلى كۆپ. بىراق ئويلاپ كۆرسەم، ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان مەنىۋى مىراسلار ئىچىدە ئاچار نەرسىلەرمۇ خېلى تېپىلىدىكەن. تارىختىن بېرى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا كەلتۈرگەن بەختسىزلىكلىرى ئاز بولماپتىكەن. ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەۋلادلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ساۋاقى ئالغانلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر تېخى ئۇ نەرسىلەرنى مىللىي ئەنئەنىۋى مىراسلار ئىچىدىكى بىر ئەڭگۈشتەر دەپ بىلىشىدۇ...

كېچىدە ئوي-خىياللار ئېڭەمنى قوچۇۋەتتى، يۈرىكىم ئازابتىن پۇچۇلاندى. ئەتىسى قەمەرنى ئۇچرىتىپ قالدىم. قارىسام، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. كېچىچە مەندىنمۇ بەكرەك ئازابلانغان بولسا كېرەك، بىچارە. لېكىن ئۇ يەنىلا مەن بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتى. پۇرسەت تېپىپ مۇڭداشتۇق، قايغۇرۇشتۇق. ھەر ئىككىمىزلا ئىرادىمىزدىن كەچمىگەندۇق، لېكىن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق يول تۇتۇشنى بىلەلمەي بېشىمىز قاتتى. ئاخىر باشلىقلىرىمىز بۇرۇنمۇ بىزگە تەرەپتار بولغان، يەنە مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرەر، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىدارە رەھبەرلىكىگە مۇراجىئەت قىلماقچى بولدۇق.

بىراق بۇ ئىشتىنمۇ نەتىجە چىقمىدى. باشلىقلىرىمىزمۇ، مۇناسىۋەتلىك جامائەت تەشكىلاتلىرىمۇ قەمەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ.

مانا يىللاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى چىرماپ كەلگەن مەنىۋى ئاسارەت بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. ئىنقىلابىمىز كومىنداڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن نەچچە ئون مىڭلاپ قوشۇنىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىۋەتكەنىدى. بىراق ئۇ بەخش ئەتكەن مەنىۋى ئەركىنلىك تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدىغۇ، ئاخىر!

مىللىتىمىزدە «قىز ئېلىپ قېچىش»
مۇ ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتـ
قان بىر خىل ئـادەت. گەرچـە ئۇ ئاتاـ
ئانا بولـغـۇچـىلارغا بەزى كـۆڭـۈلسىزـ
لىكـلـەرنى ئېـلىپ كەلسـىمۇ، ئەمـما ئاـ
قىۋىتى بەرىبىر ياخشىلىق بىلەن تامام
بولاتتى. شۇڭا مەنمۇ ئاخىر مۇشۇ ئادەتـ
كە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم،
بىراق قەمەر بۇ ئىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى.

— ياق، ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى بار. بۇ
ئىشنى ھەرگىز مۇكۆتۈرەلمەيدۇ، ئۆلۈپ كېتىـ
دۇ، — دېدى ئۇ باش چايقاپ، — يەنە تېخى
كېيىن ئەلە - مەلىنىڭ يۈزىگە قانداق
قارايمەن؟ ئۇنداق قىلسام، بۇ يۇرتنى
مەڭگۈ تەرك ئەتسەم بولىدۇ. ياق، بۇ
ئىش بولمايدۇ. باشقىچە يول تۇتايلى.

— ئەمىسە، سىزنىڭچە نېمە قىلىـ
مىز؟ — دېدىم مەن سەل رەنجىگەن تەـ
لەپپۇزدا.

قىز بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى.

— راستىمنى ئېيتسام، قانداق قىـ
لىشقا ئەقلىم يەتمەي قالدى.

مەن سەل تېرىكتىم.

— يا ئۆزۈڭ بىرەر مۇۋاپىق يول تاپالـ
مىساڭ، ياكى مەن كۆرسەتكەن يولغا
مېڭىشقا كۆنمىسەڭ. سېنى خاتا چۈشىنىپ
قالمىغاندىمەن، قەمەر؟

— مېنى مۇنداق قىينىماڭ، ئۇنىڭسىزـ
مۇ چېكىۋاتقان ئازابىم ئاز ئەمەس، — قەـ
مەر ماڭا شۇنداق يالۋۇرغان، يېلىنغان
ھالدا قارىدىكى، يۈرىكىم سۇ بولۇپ كېتەي
دېدى، — سىز ئوغۇل بالا بولغىنىڭىز ئۈـ
چۈن بىلمەيسىز، قىز بالا دېگەن راستىنلا
خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى ئىكەن، — ئۇ سەل

تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويـ
دى، — ئاتا - ئانام مېنى تېخى ھېلىقى
«ئۇنىڭشۇپ قويغان» كىشىگە دەرھال بېرىـ
مىز دەۋاتقىنى يوققۇ. ئاڭغىچە يەنە ۋاقىت
بار، يەنە ئويلىشايلى. مەن ئاپامغا
يېلىنىپ يالۋۇراي، بەلكىم كۆڭلى يۇمـ
شاپ، نىيىتىدىن يېنىپمۇ قالار. خاتىرجەم
بولۇڭكى، سىزگە بەرگەن ۋەدەمگە قەتئىي
ۋاپا قىلىمەن.

ھەر ھالدا كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم
بولغاندەك بولدى. بىراق شۇندىن كېيىن
«سىۋىدانىيە» گىمۇ خالىغاندا چىقالمايدىـ
غان بولدۇق. قەمەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىـ
دارىمىزدىكى ھېلىقى «داستىخانچى» باشـ
لىق ئىككى ئايال بىلەن كېلىشىم تۈزۈۋاپـ
تۇ. ئۇلار ئىشقا كېلىشتىمۇ، كېتىشتىمۇ،
ھەتتا ئىش ۋاقتىدىمۇ قەمەرگە سايىدەك
ئەگىشىۋالىدىغان بولۇۋېلىشتى، ئامال قانچە،
ئىككىمىز تولا چاغلاردا پەقەت كۆز بېقىشـ
لار ئارقىلىقلا كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىـ
دىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. مەن
قەمەرنىڭ ئۇناشتۇرۇپ قويۇلغان «يىگىـ
تى»نىڭ كىملىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىلـ
دىم. ئۇ ئەسلى بىر ھاللىق سودىگەرنىڭ
ئوغلى بولۇپ، ھازىر مىللىي ئارمىيە ئارـ
قا سەپ تەمىنات قىسمىدا تۆۋەن دەرىجىـ
لىك ئوفىتسېر ئىكەن. بۇ ھال مېنىڭ
ئۈمىدىمنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈردى.

شۇ ئارىدا ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ
ئۆزگىرىش بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىـ
يىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن باشقا
يەتتە ۋىلايەتمۇ تىنچلىق بىلەن ئازاد
بولدى. بۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرى تېخىمۇ
زور تەنتەنىگە چۆمۈلگەنىدى. كىشىلەر
كۈندە دېگۈدەك ئالدىنقى سەپتىن قايتقان

www.uyghurkitap.com

ھالىلىرىنى، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىنى، يارۇ - بۇرادەرلىرىنى كۈتۈۋېلىشاتتى. قەھرىمانلارنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىشاتتى. ھېلىقى ئوفىتسېرمۇ قەھرىمان سۈپىتىدە ئالقىشلاندى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئىقتىسادىي ساھەدىكى قايسى بىر ئىدارىگە ئورۇنلاشتى.

دەل شۇ مەزگىلدە مېنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى. ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە بۇ شەھەرگە ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەمەرنىڭ مۇھەببىتى مېنى ئۇيەردىن بىرقەدەممۇ سىلجىماسلىققا ئۈندەيتتى. شۇڭا تەشكىلگە داۋاملىق مۇشۇ يەردە ئىشلەش ئارزۇيۇمنى بىلدۈردۈم.

—ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغانلارنىڭ ئىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىۋاسىتە تۇتقان، — دېدى باشلىقىمىز ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سىزنى ئېلىپ قېلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. كادىرلار بۆلۈمى رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئاللىقاچان ئۈرۈمچىگە يوللىۋەتتى. ئارقىغا سوزماي يولغا چىق!

ئۇ چاغلاردا مەمۇرىي ئورگانلارمۇ يېرىم ھەربىي تۈزۈمدە ئىش بېجىرەتتى. بولۇپمۇ بۇيرۇققا مۇئامىلە قىلىشتا ھەرقانداق تەكەللۇپلارغا يول قويۇلمايتتى. قانداق قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم. ئاۋۋال «مۇشۇ شەھەردىلا قالىدىغان ئىش بولسا، خىزمەتتىن بوشانسامۇ مەيلىمىكىن؟» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم. بىراق مەن بىر مۇساپىر يىگىت، خىزمەتتىن بوشانسام، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىمەن؟ ھېلىمۇ كادىر دېگەن ئاتىقىم بار تۇرۇقلۇق قەمەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۈيئوغۇللۇققا يارىماۋاتىمەن. ئۇ چاغدا كۈرسۈم

تېخىمۇ چۈشۈپ كەتمەسمۇ...

بۇ خەۋەرنى قەمەرمۇ ئاڭلاپتۇ. ئۇ نازارەتچىلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، مەن بىلەن بىر خالىي يەردە ئۇچراشتى. يىغلىدى، قاقشىدى.

—ئۈرۈمچىگە بىللە كېتەيلى، — دېدىم مەن ئاخىر مۇشۇ ئامالنى تاپقانلىقىمدىن كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ، — ئائىلەڭدە ئولتۇرساڭمۇ بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن.

قەمەر خېلىغىچە جىم بولۇپ كەتتى.

—ئائىلىمىزدە يەككە - يېگانە بالا ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ، — ئاكام جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتمىگەن بولسىغۇ، بىر نورى ئىدى. شۇ تاپتا ئاتا - ئانامنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇلار بۇ دەردنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئاپام ...

مەن قەمەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەمەس، ھەتتائاتا - ئانىلىرىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان بىر خىل بۇرۇختۇملۇقتىن رەنجىدىم.

ئەزەلدىن كىشىلەر يا ئۇ ئىش، يا بۇ ئىش ۋەجىدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قۇربان قىلىپ كېلىشتى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم ئادەملەر ئازاب چېكەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلا قايغۇرۇپ بېقىشمىدى. ئەكسىچە، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشى زۆرۈردەك، ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئامەتتىن ھوزۇرلىنىپ يۈرۈۋېرىشتى، تولا چاغلاردا تېخى ئازابلانغۇچىلارنى ئەخمەقلىقتە ئەيىبلەشتى. ئويلاپ كۆرسەم،

بۇمۇ ئىنسان بالىسىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىگە پالتا چاپىدىغان بىر خىل مەنىۋى يۇك ئىكەن." ئاخىر، سىياسىي، ئىجتىمائىي ياقتىن ئازادلىققا ئېرىشكەن بىر قىز تۇرمۇش مۇساپىسىدە ئۆزى تاللىغان يولنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشەنگىنى ھالدا يەنە يۈرەكلىك قەدەم تاشلىيالمىسا، ئەكسىچە، يەنە بىرۋولارنىڭ خاھىشى ئۈچۈن ئۆزىگە قىلچە تونۇش بولمىغان ئۆزگە يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولسا، كىم بىلىدۇ، ئۇ يول ئوڭغۇل - دوڭغۇلمۇ؟ تىكەن - چاتقاللار ئالدىنى توسامدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ چىقسا، ئاتا - ئانىسى زورلاپ تاڭغان ئۇ خىل تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئازابتىن ئۆزگە نېمە بېرەلەيدۇ؟ ۋا دەرىخا، بىروۋنىڭ قاناتى تېپىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىرسىنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدىغان مۇنداق ئادالەتسىز مۇناسىۋەتكە قاچانمۇ بەرھەم بېرىلەر؟!

مەن ئاخىر ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. مېڭىشتىن ئىلگىرى قەمەر بىلەن مۇنداق كېلىشتۇق. ئالدى بىلەن مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ يېڭى ئىدارەمگە ئورۇنلىشىدىغان بولدۇم، قەمەر ئاتا - ئانىسىغا يەنە يالۋۇرىدىغان بولدى. ناۋادا ئۇلار كۆنمىسە، مەن دەرھال غۇلجىغا كېلىپ چىرايلىقچە توي قىلىپ، يا شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان، ياكى ئۈرۈمچىگە بىللە كېتىدىغان بولدۇق.

مەن يۆتكەلگەن ئىدارە يېڭى قۇرۇلغان ئورگانىكەن. ئىش كۆپ. ئادەم ئاز بولغاچقا كېچىلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇشتۇمتۇت جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروۋكىغا ئەۋەتىلدىم. ئۇچاغلاردا قاتناش نەدىمۇ ھازىرقىدەك راۋان بولسۇن، تېخى نۇرغۇن جايلاردا ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ياكى ئېشەككە مىنىپ سەپەر قىلىشقا توغرا كەلدى. ئالاھەزەل يېرىم يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىدە چېغىمدا قەمەرگە ئىككى قېتىم خەت يازغانىدىم. كاماندىروپكىغا چىققاندىن كېيىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۈچ ئايغىچە خەت يازماپتىمەن. كېيىن خوتەننىڭ كىرىيە ناھىيىسىدىن خەت يازدىم، ئەپسۇسكى، بۇ خېتىم قىزنىڭ قولىغا تولىمۇ كېچىكىپ تېگىپتۇ.

ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئاغىنىلىرىمدىن قەمەرنىڭ بىر ئاي ئىلگىرى ھېلىقى «ئۇناشقان» يىگىتى بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئامەت دېگەن ھەمىشەملا مەلۇم ئادەملەرگىلا مەنسۇپ ئوخشايدۇ. ئۇ يىگىت بۇرۇنمۇ ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بايۋەچچىسى ئىكەن. ئىنقىلاب مەزگىلىدە قوشۇنغا قايناشقان بولسىمۇ، ئارقا سەپتىكى شتابتا قېلىپ، مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدىنىمۇ پۇراپ باقماي غەلىبىگە ئۇلاشتى. تېخى كىشىلەر ئاغزىدا «قەھرىمان» دەپ تەرىپلەندى. مانا، تۇرمۇش ئىشىدىمۇ كۆپلىگەن ياش يىگىتلەردە بولىدىغان غەم - تەشۋىشلەردىن تامام خالىي بولغان ھالدا بىردىنلا شۇنداق گۈزەل بەرنا قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. مەنچۇ؟ ماڭا قالغىنى پەقەتلا نۆۋدىگورد كوچىسىنىڭ خىلۋەت ئاخشاملىرىدىكى رومانتىكىغا تولغان ئەسلىمىلەر ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ بېرىدىغان چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىلا بولدى، خالاس...

* *

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. يەنە باشقا تونۇشلارمۇ قەمەرنىڭ تۇغقان

يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قەمەرمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئەھۋالىمنى خېلى تەپسىلىي سوراشتۇرۇپتۇ. ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى زوقلىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭ رايىغا ئاخىرغىچە قارشى تۇرالمىغان ئاجىزلىقىنىمۇ يوشۇرماپتۇ. ئىشقىلىپ، مەندىن قىلچىمۇ ئاغرىنمايدىكەن. گەرچە ئۇ ئېرى بىلەن ئۆتكۈزگەن 30 نەچچە يىللىق تۇرمۇشى توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ سەزگۈر ئاڭلىغۇچىلىرىمىز ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلالمىغىنىدىن ھېلىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بايقىۋېلىشىپتۇ. ئۇلار يەنە شۇنىمۇ سېزىشىپتىكى، قەمەرنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى، مۇڭداشقۇسى بار ئىكەن.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، يەنە ئاغرىنىپ يۈرۈشۈڭنىڭ ئورنى يوق، — دېيىشتى ئۇلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ، — شۇنچە ئۇزۇن يەردىن، چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان ئۇ. كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراپ قويغۇنۇڭنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق.

مەنمۇ قەمەردىن بۇرۇنمۇ ئاغرىنمىغان. توي قىلىۋالغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە قاتتىق ئازابلانغىنىممۇ راست. بىراق ئەيىبىنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭغىلا قويۇشقا بولامتىمۇ؟ مەنمۇ نەچچە ئايلاپ خەت يېزىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرسام ... كېيىن تۇغقانلارنىڭ سالاسى بىلەن بىزگە خېلى يېقىن تۇغقان كېلىدىغان ھازىرقى ئايالىم بىلەن توي قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ۋە قىزغىن سۆيگۈسى، چەكسىز ۋاپادارلىق ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن قەلبىمدىكى ھىجرانلىق مۇھەببەتتىن قالغان جاراھەتنى داۋالاپ، چوڭقۇر ھۆرمىتىمگە سازاۋەر بولغانىدى. مانا ھازىر نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالدۇق.

كىم بىلىدۇ، تېخى نەۋرىلىرىمىز بېغىشقىمۇ مۇيەسسەر بولارمىز.

شۇ ئۇزاق يىللار ئىچىدە قەمەرنى ئۇنتۇپلا كەتتىم دېسەم، يالغان بولار. ئۇ تېخى ۋەتەندە چېغىدا غۇلجىغا بېرىپ كەلگەن تونۇش - بىلىشلەر قەمەر توغرىسىدا بەزى پاراڭلارنى قىلىپ قوياتتى ۋە مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى ئەسكە ئالاتتىم. كېيىن ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن تەبىئىيكى ئۇنىڭ توغرىسىدىكى پاراڭلار ئاستا - ئاستا يوقالدى. مەنمۇ ئۇنى تامام ئۇنتۇشقا ئۆزۈمنى زورلاپ يۈردۈم. بىراق شېرىن ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەر خۇددى يىراق ئۇپۇقتا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقىلىپ تۇرىدىغان تونۇش بەلگىلەرگە ئوخشاش بەزى - بەزىدە خىياللىرىمنى بەنت قىلىشنى داۋام قىلىۋەردى.

مۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈمدە خۇشاللىق، پۇشايمان، ئېچىنىش ۋە نېمىكىدۇر غەزەپلىنىش تۇيغۇلىرى جۇش ئۇرۇپ، بىسەرەمجانلىق قاينىمىغا چۆكۈپ كېتەتتىم. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئەسلىمىلەر بارغانسېرى خىرەلىشىپ ھەتتا بىرمۇنچە تەپسىلاتلار ئۇنتۇلۇشقىمۇ يۈزلەنگەنىدى. بىراق، ئۇ بۇ شەھەردە پەيدا بولۇۋىدى، يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىتتىلىپ قالاي دەپ قالغان بۇلاقنىڭ كۆزى بىردىنلا ئېچىلغاندەك، ئاشۇ كونا ئەسلىمىلەر يەنە كۆز ئالدىمدا يېڭىباشتىن جانلاندى. مۇشۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ بەزىلەر ئېيتقان «كونا سامانلىققا ئوت تۇتاشقان» لىقمۇ؟ راستىمنى ئېيتسام، ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. «شۇنداق» دەي دېسەم، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ياشاۋاتقان ئادەممەن، راھەت - پاراغەت، جاپا - مۇشەققەتلەرنى تەڭ تارتىشىپ، بىللە قېرىغان مېھرىۋان ئايا-

لىم، ئايرىم ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغان
بالىلىرىم بار. يۈرەكنى ئۆرتەپ، ئادەمنى
تىنىم تاپقۇزمايدىغان سۆيگۈ ھېسلىرى
ياشلىق دەۋرىگىلا خاس نەرسە بولسا كېـ
رەك. ھازىر قەلبىمدىن ئۇنداق بەگباش
تۇيغۇلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. «ياق» دەي
دېسەم، ئەمىسە، قەمەر بىلەن نېمىشقا
كۆرۈشمەن؟ ئۇنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىـ
قىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدىمۇ - يا؟ ئۇنداقـ
تا، بۇ بىر خىل ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپادىـ
لىنىشى بولۇپ قالامدۇ؟! ئېھتىمال،
شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. تولا چاغلاردا
ۋۇجۇدىمىزدىكى ھەسەتخورلۇقنى ئۆزىمىز
ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. ئەمما خام
سۈت ئەمگەن ئادەم بالىلىرىنىڭ قايسى
بىرى ئازراق بولسىمۇ ھەسەتتىن خالىي
بولالايتتىكەن؟ ئاشۇ چاغدا قەمەرنى ئوڭايلا
ئىگىلىۋالغان ھېلىقى بايۋەچچىـ
نىڭ ئادىتىگە ھەسەت قىلغانىدىم. كېيىن
مەنمۇ ھەرھالدا ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ
ھۇزۇر - ھالاۋىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.
قېنى، ئۇ ئامەتلىك يىگىت قەمەرگە قانچىـ
لىك بەخت بېرەلىدىكىن؟...

ياق، مۇددىئايىمنىڭ ھەممىسى شۇـ
لار ئەمەس ئىكەن. قەمەر بىر چاغلاردا
ماڭا ئەڭ قىزغىن مۇھەببەت لەززىتى
بەخش ئەتكەن، مۇرادىمىزغا يېتەلىشكە
كۆزىمىز يەتمىگەندە تەڭ ئازابلانغان قىز
ئىدى. بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن
شۇ ئۇزاق يىللار ئىچىدە ئۇنى كۆڭلۈمدىن
تامامەن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قىلغان جېمىـ
كى ئۇرۇنۇشلىرىم كۈتكەندەك نەتىجە
بەرمىدى. ھازىر يەنە بىردىنلا قەلبىمدە
ۋەسۋەسە قوزغالدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟
يا مەن بىر بويتاق كىشى ۋە ياكى ئائىـ
لىۋى بەختتىن مەھرۇم بولغان تەلەيسىز
بەندە بولمىسام! ئىككى ئائىلىنى بۇزۇپ،
يېڭى بىر ئائىلە بەرپا قىلىشنى ئويلاپمۇ
كۆرگىنىم يوق. زىنھار يوق! شۇنداق تۇـ
رۇقلۇق، ئەمىسە، بۇ ۋەسۋەسىلەر زادى نەدىن
پەيدا بولىدى؟ ...

ئاخىرى ئۆزۈمچە قانائەتلەنگۈدەك
جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. ئەسلىدە ئىشقى
مۇھەببەتمۇ، ئائىلە قۇرۇشمۇ پەقەت ئىنـ
سانغىلا بەخشەندە قىلىنغان نەرسىلەر ئىدى.
ئەمما تارىختىن بېرى ئاشىق - مەشۇقلارـ
نىڭ ھەقىقىي ئائىلىۋى بەختكە مۇيەسسەر
بولالىغانلىرى ھامان بەك ئازچىلىقنى
تەشكىل قىلىپ كەلدى. كۆپچىلىك كىشىـ
لەر ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى
نەرسىنى ئومۇملۇق ھالدا بىرلەشتۈرۈش
ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئەلۋەتتە،
ئۇلارمۇ ئائىلە قۇرۇشتى. ئەمما بۇ «بىنا»
نى بەزىلىرى بۇزۇۋېتىپ، يىغلاپ تۇرۇشـ
تى، بەزىلىرى بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە
لىڭشىتىپ يۈرۈۋېرىشتى. ئۇلار ئىچىدە
يەنە ئاكىسىز ھالدا قانائەتلىنىپ، ياكى
پۇشايمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئائىلە
«بىنا» سىنى «تىنچ» ھالدا ساقلاپ كەلـ
گەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، دەرۋازىسىغا
«5 تە ياخشى ئائىلە» دېگەن شەرەپ
تاختىسىنى ئاسقانلارمۇ كۆپ تېپىلىدۇ. مۇنـ
داق «ياخشى» لىقنىڭ ئاساسى بولغان ۋاپاـ
دارلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ئىززەت -
ھۆرمەت تۇيغۇلىرى ئەر - خوـ
تۇنلار ئارىسىدىكى ئېسىل پەزىلەتلەر
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن ئىشق -
مۇھەببەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا نوقۇل ھالدا
تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولامدۇ؟ ئالـ
دىنقىلىرى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر
ئوتتۇرىسىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىـ
سىدا، دوست - بۇرادەرلەر ۋە سەپداشلار
ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولىدىغۇ، ئاخىرى.
شۇنداقلا ئۇ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇـ
شىمۇ مۇمكىن. بىراق ئىشق - مۇھەببەت
پەقەت ئاشىق - مەشۇقلەرگىلا خاس نەرسە
بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ شۇ پېتىچە قېلىۋەرسە

كېرەك. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىگىلىگەن ئورنىنى ھېچنەرسە تولۇق ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا قادىر ئەمەس ئىكەن. ناۋادا بارچە ئائىلە «بىنا» لىرى ھەقىقىي ئىشق، مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسىدى، تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ بەختلىك بولغان بولاردى. ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ئەگرى - توقايلىق ۋە خىلمۇ - خىللىقتىن خالىي بولالمايدىكەن...

بىراق، قەمەرنى يوقلاپ بېرىشقا نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالماي بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئايالىممۇ كۈندە دېگۈدەك يا ئۇنى، يا بۇنى باھانە قىلىپ، ئىشخانامغا تېلېفون بېرىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. ئۇ كۆرسەتكەن سەۋەبلەر ئەرزىمەس بىر ئىشلار ئىدى. باشتا چۈشەنەلمەي، ھەيران بولغانىدىم، كېيىن ئويلاپ قارىسام، ئۇنىڭ تەشۋىشى باشقىكەن. ھەي، بىچارە جورام! نېمىشقا مۇنداق بىھۇدە تەشۋىش چېكىدىغانسەن؟! سېنىڭ ئېرىڭ ياشلىق چاغلىرىدىمۇ ساداقەتسىزلىكنىڭ ئەگرى يولىغا قەدەم باسقان ئەمەس، ئەمدى مۇشۇ كۈنلەرگە كەلگەندە خۇدىنى يوقىتىپ قويارمۇ؟ خاتىرجەم بول، 30 نەچچە يىللىق ۋاپادارلىق بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۇق، خۇدانىڭ دەرگاھىغىمۇ شۇپېتى كېتىمىز.

ئەلۋەتتە ئۇ مېنى «قەمەرنى يوقلاشقا بارماڭ» دېگىنى يوق. ناۋادا بارغىنىمنى ئاڭلىسىمۇ رەنجىپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، نېمىشقىدۇ كۆڭلۈمنىڭ بىسەرەمجان بولۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرۇپتىمەن. بۇ ھال مېنىڭ قەمەر بىلەن كۆرۈشۈشىمنى تېخىمۇ ئارقىغا سوزۇۋەتتى. ھەتتا بىر كۈنى: «بولدىلا، نېمىشقا كۆرۈشەتتىم» دەپ ئۆزۈمچە قولۇمنىمۇ شىلتىدىم. لېكىن خىيال - ئەسلىمە مېڭەمدىن زادى يوقالمىدى. بەزى كۈنلىرى ئۆيگە كېتىپ ئۆزۈمنى ئايالىم ۋە بالا - چاقىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ - بۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىشكە زورلايمەن. ئەمما، تۇساتتىن گەپلىرىم قولاشماي قالىدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈپ باقىمەن، ئەمما بېرىلىۋاتقان نومۇرلارنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاڭقىرالماي قالىمەن...

ئايالىم كەيپىياتىمدىكى مۇنداق نورمالسىزلىقنى بايقاپ يۈرگەنىكەن.

— بىر نەچچە كۈننىڭ ياقى سىزگە زادى نېمە بولدى؟ نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئاخىر بىر كۈنى كەچتە.

مەن ئۇنىڭغا تۈنجى قېتىم يالغان سۆزلىدىم:

— مانا ئىلگىرىكىدەكلا تۇرىمەنغۇ، ھېچ نەرسە بولغىنىم يوق.

— مەندىن يوشۇرماڭ، ھېلىقى كونا قەدىرداننىڭىزنى ئويلاپ يۈرىسىز.

زاڭ مال ئۈستىدە تۇتۇلغان ئوغرىدەك ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم:

— تاپتىڭ، بەزىدە شۇنىڭ توغرىسىدىمۇ ئويلىدىم.

ئايالىم باشقا گەپ قىلمىدى-يۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

ئۇنىڭ شۇ ئىش تۈپەيلى ھازىرمۇ ئازابلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ئىچىم ئاغرىدى. ھەي، ئايالار، ئايالار، سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارنى كەڭ دېسە دەرياغا، تار دېسە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە ئوخشاتسا بولغۇدەك. «تۆگىنى

(داۋامى 106 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com




**مامۇت زايىت**

## غەزەللەر

1

ئەي پەرىۋەش، مەن كۆرەي، يوشۇرما، ئاچ، يۈزۈڭنى ئاچ،
ئۆرۈمى يەرنى سۈپۈرگەن قارا چاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
تۇسىمىسۇن رۇخسارىڭنى ئاينىڭ پەرەنجە بۇلۇتى،
باشقا مەھۋەشلەر كەبى نۇرۇڭنى چاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئانىلار تويغان پەرەنجە زۇلمىتىدىن يەتكىچە،
پوامىدىن غەپلەت ئارا جاھىل مىزاج،① يۈزۈڭنى ئاچ.
كىم سىنى قىلدى نادانلىق كۆلپىتىگە مۇپتىلا.
سەن ئاڭا ياغدۇر غەزەپ، ئۇيقۇڭنى ئاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
نەۋقىران ياشلىق، گۈزەللىك جىلۋىسى ھۆسنۈڭدە بەرق،
يوق يوشۇرماقلىقا ئەسلا ئېھتىياج، يۈزۈڭنى ئاچ.
قۇل ئەمەسسەن، گۈل ئىرۇرسەن، تەلىيىڭ - بەختىڭگە خان،
يارىشار كىيسەڭ بېشىڭغا زەردىن تاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئەركىلەپ، ئويناپ - كۈلۈپ ياپرايدىغان ۋاقتىڭ سىنىڭ،
كەم ئەمەس ئىلكىڭدە ئەرك، بايلىق، خوراج، يۈزۈڭنى ئاچ.
بىلىمەن، قەلبىڭدە بار ھەسرەت پەرەنجە دەردىدىن،
يىرت ئۇنى، قاراڭغۇلۇقتىن نېرى قاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
بىلىم ئالغان قىز ئىدىڭ ئۆسمۈرلۈكىڭدە، ئەمدىچۇ،
قىلدىمىز ئەما خۇراپات سىنى كاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
قارىغىن ئەتراپقا، تەڭتۇش دوستلىرىڭغا كۆز ئېچىپ،
تاپتى كەشپ، سەنئەت، ھۈنەردە تەڭ رىۋاج، يۈزۈڭنى ئاچ.

① مىزاج — مىجەز، خۇلق.

سولدۇ گۈل توسسا سايە، ئالمىسا نۇردىن ئوزۇق،
ئويلا ئىقباللىقنى، كەڭ ئىمكان - ئىلاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئوقۇغىن، ئىشلە، مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگىن گۈزەل.
باشقىلاردەك توھپىكار بول، ئات غۇلاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئاشىقىڭ مامۇت ساڭا قىلدى سەممىمىي ئىلتىجا،
باق قۇياشقا، ئۆچ ئىگىزگە قارلىغاچ، يۈزۈڭنى ئاچ...

2

قالدىما ھەيرەتتە لال پىر - ئۇستىكار زەرگەر كۆرۈپ،
ئۇستىنىڭ ئالدىدا ئۆز، زىبا پەرى پەيكەر كۆرۈپ.
ئايمۇ ئۇ، ئىنسانمۇ، ھەيھات! كەتتى ئىلكىمدىن ھوشۇم،
بويىنى سەرۋى، بويۇن - بىلەكلىرىن مەرمەر كۆرۈپ.
زەپ ياراشقان قامىتىگە دوپپا، پەلتۇ، ئۆتۈكى،
دىل سۆيۈندى يۈزدە قۇت جىلۋىسى - ئەنۋەر كۆرۈپ.
يېڭىدىن پۈتكەن زەرە چىقتى قولاققا، ئاپىرىن!
قارىدىم ھۆسنىگە قىزنىڭ كۆزىدە ئەختەر كۆرۈپ.
بەك ياراشتى زەر بولاپكا، زەر بىلەيزۈك، زەر ئۈزۈك،
خۇددى يۇلتۇزلار ئوراشتى قىزنى بىر قەمەر كۆرۈپ.
ئىززەتۇ - ئىكرامدا رەھمەت ئېيتتى زەرگەرگە گۈزەل،
ئېردى جىسمىم پەرىنىڭ لېۋىدە كەۋسەر كۆرۈپ.
ئويلىدىم: «ئىنسان — گۈزەللىك ھەم ئەقىل كۆرگەزمىسى،
ئېختىمۇ بولغاي پۈزۈر ئۆز ئەمگىكىدىن زەر كۆرۈپ.
تىنچ - ئاسايىشتە زامان، مېھنەت، ئىناقلىق بولسا يار،
ئۆتىدۇ ئەل - يۇرت پاراۋان، قولى پۇل، گۆھەر كۆرۈپ...»
كەتتى قىز، خۇددى كېيىكتەك شاش، يېنىك تاشلاپ قەدەم،
ھەيدىدىن ئالدى دىماق لەززەت ئىپار - ئەنبەر كۆرۈپ.
مويسىپىت قايتا تۇتۇش قىلدى ھۈنەرگە زوق بىلەن،
بولدى دىل مەمنۇن ئۇنى زېرەك، چىۋەر، كەمتەر كۆرۈپ.
ئاشتى زەرگەرگە ئەقىدە - ھۆرمىتىم، باقتىم ئاڭا،
كەشىپ - ھۈنەرنىڭ تارىخىدا ئۇنى بىر سەرۋەر كۆرۈپ.
مەن دېدىم: مامۇت، ساڭا سۇندى غەزەل زەرگەر ئاتا،
قىل قوبۇل پاك سۆيگۈدىن پۈتكەن ئېسىل ئەسەر كۆرۈپ...

3

ئوغلىمەن يەرنىڭ بۈيۈك ئاسمانغا ھەمراز، ئۇچقۇچى،
تەرىپىڭنى ئەل قىلار بۈركۈتكە ئەنداز، ئۇچقۇچى.

سەندە ئەجداد ئارزۇسى چىققان روياپقا، ئاپىرىن،
ئارزۇيۇڭنى يېگۈچى ئىنسان ئەمەس ئاز، ئۇچقۇچى.
نەچچە كۈن - ئايلىق مۇساپە بولدى سائەتلىك بۈگۈن،
يول جاپاسى ئورنىدا شادىيانە كۈي - ساز، ئۇچقۇچى.
ئۇچقىلى كۆك قەرىدە لازىم يىگىتلىك جۈرئىتى،
شۇڭا مەھبۇبىڭ كۆزىدە جىلۋە - تەنناز، ئۇچقۇچى.
سەن مىسالى بىر كاراب كەڭ كائىنات ئوكيانىدا،
تارقىتار ئالماس قۇشۇڭ مەردانە ئاۋاز، ئۇچقۇچى.
رىشتىسەن يۇرتلارنى يۇرتقا، ئەلنى - ئەلگە باغلىغان،
چوڭ سەپەر كارۋانلىرىغا ئەرشتە سەرۋاز، ئۇچقۇچى.
پاسىبانسەن كۆكتىكى چېگرا، قۇياش، يۇلتۇز ئۈچۈن،
بولسا ياۋ تۈلكە مەسەللىك، سەن جەسۇر باز، ① ئۇچقۇچى.
بىلىدۇ ئەل - يۇرت، ئوكيانۇ تاغ - بۇلۇتلار ئۈستىدە
بىخەتەر باسماق تۈمەن لى يولنى قىش - ياز، ئۇچقۇچى.
شۇڭا ھەر نۇسرەت تويىدا غايىبانە تۇرسەن،
ساڭا بار خەلق قەلبىدە ئىكرامۇ - ئەنزاز، ① ئۇچقۇچى.
گاھ پىيادە، گاھى ئاتلىق يول باسار ئوغلانىدىم،
سەن بىلەن قىلدىم تالاي ئاسماندا پەرۋاز، ئۇچقۇچى.
يازدى مادۇت شۇ كۈمۈش لاچىن ئىچىدە نەزمىنى،
تەگمىسۇن بەختىڭگە كۆز، ئۆرلە، قانات ياز، ئۇچقۇچى...

4

ياشىيالماس، بولسا بۇلبۇل گۈل ۋە گۈلشەندىن جۇدا،
گۈل قىيام، گۈلقەن بولالماس، بولسا بال - قەندىن جۇدا.
شۇ مەسەللىك ئېھتىياج ئىنسان ئارا بىر رىشتىدۇر،
بولمىسا دوختۇر، بىمار بولغاي تىنىق - دەمدىن جۇدا.
سەن ئۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ پاسىبانى، ساقچىسى،
نەدە ساغلاملىق ئەگەر بولغاندا ئەل سەندىن جۇدا.
بار تىرىك ئادەملا بارجايدا كېسەللىك كۆلپىتى،
قىلىدۇ ئەملەنمىسە، جان قۇشىنى تەندىن جۇدا.
كونىلار ئېيتقان: «ھېكىم يوق يۇرت - دىياردىن قاچ يىراق»
قىلمىسۇن ھېچقايسى يۇرتنى ئەمچىدىن، ئەمدىن جۇدا.
باشقا كۈن چۈشمەس كېسەللىكتىن ئىبىر (ساقلىق - بەخت)
يوق ۋەھىمە بولمىساق سەندەكلا ھەمدەمدىن جۇدا

① باز — لاچىن.
② ئەنزاز — ئىززەتلىمەيۇ.

ئاق خالاتلىق پاك پەرىشتە سەن گويا ئاغرىق ئۈچۈن،
قىلىسەن ھەسرەتكە تولغان كۆزنى شەبنەمدىن جۇدا.
خىلمۇخىل ئاغرىق — ۋابا تارقالدى تارىختىن بۇيان،
بولمىسالڭ، بولماستىدى يەر شارى ئادەمدىن جۇدا.
بۇۋاقىت گۆرگە كىرىشتىن ئاز بۇگۈن ئەندىشىمىز،
قىلىسەن سۆيگۈ، ۋىسال ئەھلىنى ماتەمدىن جۇدا.
ياشىماق توقساندىن ھالقىپ لۇتفى ھەم مەھمۇد كەبى،
بولسا ئەل غۇربەت، كېسەللىك تەشۋىشى - غەمدىن جۇدا.
دەيدۇ مامۇت: تاپ كامال، دوختۇر، ياراتقىن ئىختىرا،
بولمىغاي لوقمان كەبى نامىڭ بۇ ئالەمدىن جۇدا...

5

زۆرۈر بولغان كەبى بۇلبۇل باھار - ياز پەسلىگە مەڭگۈ،
زۆرۈر شائىرلار مىللەتنىڭ بەنى① ھەم نەسلىگە مەڭگۈ.
ئازايماس ئېھتىياج، ھاجەت جاھاندا بولسىلا ئىنسان،
زاۋاللىق، كىرىزىس بولماس شائىرلىق كەسپىدە مەڭگۈ.
مۇھەممەت دەپتىكەن: «نازىم روھى يولباشچىسى ئەلنىڭ»
ھىدايەت نۇرى، پاك خىسلەت، ئۇلۇغلۇق ۋەسپىدە مەڭگۈ.
شېئىر — جەڭ يارلىقى، ئاتلاندۇرۇپ مەردلەرنى جەڭگاھقا،
بولار گۆركار جاھالەت. دۆت - نادانلىق تەختىگە مەڭگۈ.
شېئىر — ياگراق خىتاب پەن سەپىرىدە چوققا تالماققا،
ياقار ئېرپان چىراغىنى نادانلار ئەقلىگە مەڭگۈ.
قەيەردە، قايسى چاغ ئۆتكەن غەزەل - كۈيسىز بىرەر مىللەت،
كىشىگە ناخشا ھەمراھ توي، مۇسىبەت، ھەپسىدە مەڭگۈ.
تەئەللۇق ئىشى نازىمنىڭ ئومۇمغا، غايە - ئىقبالغا.
سوقار مىليون يۈرەك گويا ئۇنىڭ كەڭ كۆكسىدە مەڭگۈ.
ئۇ مۇستەسنا، تەمە، شۆھرەت، ئەمەل، مەزھەپ بالاسىدىن،
جاياكەش تۆھپىكارلىقنىڭ زىياسى ھۆسنىدە مەڭگۈ.
ئايا مامۇت، بەختلىكسەن، نېسىپ بوپتۇ ساڭا بۇ كەسىپ،
تىرىش ئەشئاردا يەتمەككە مۇراتنىڭ ۋەسلىگە مەڭگۈ...

6

تامامى مەخلۇقات دۇردانىسى دېھقان،
جاھاننىڭ خۇددى غەمخور ئانىسى دېھقان.
رىۋايەتتە: «پىرىڭ ئادەم ئاتا ئەرمىش،
بېھىش نېمىتى بۇغداي دانىسى، دېھقان.

① بەنى — ئەۋلاد.

ئۆنى تەرمىش، ئۇزۇۋقلانمىش جىمى جانلىق،
بولۇپ مەمۇر جاھاننىڭ خانىسى، دېھقان.
قۇتۇلغانمىش شۇ بائىستا زەبۇنلۇقتىن،
كېمە. نوھ ھەم توپان ۋەيرانىسى، دېھقان...»
ئۇزاق تارىخ، رېئاللىق بولدى چىن ئىسپات،
كى ئىنسان سەرخىلى — مەردانىسى دېھقان.
ئۆچەر سەنسىز ھاياتلىق شامى ئالەمدىن،
ساخاۋەت بابىنىڭ يېگانىسى دېھقان.
جاپاكەش يوق سېنىڭدەك بۇ زېمىن ئۇزرە
رىيازەت - شام، ئۇنىڭ پەرزانىسى دېھقان.
سېنى كەمسىتكۈچى بولغاي قارا يۈزلۈك،
ئۇلۇغلايدۇ بەشەر پەرۋانىسى① دېھقان.
شەھەر، ئەل قىبلىگاھى يېزىدۇر نەسلى،
ھايات پەيغەمبىرى ھەم داھىيسى دېھقان.
قۇتۇلساڭ ئەردى نامراتلىق بالاسىدىن،
جاراڭلايتتى بەخت شادىيانىسى دېھقان.
سۈپاتىڭ ھەققىدە يازدى بالاڭ مامۇت،
ساڭا، خاس نەزمىلەر شاھانىسى، دېھقان...

7

ئايا، خىلۋەتتە ئۆتكەن ئاقىل ئىنسان،
ساڭا خاس ئەمدى نۇرغۇن نەزمە - داستان.
ياغاچتىن ساز ياسايسەن نەقىشلىق، ئۇز،
ئىشقىڭدىن ئەل ۋە مىللەت مەغرۇر خەندان.
كى ئۆتمۈشتە، بوغۇنمۇ بىرلا كەسپىڭ،
دىلىڭدا گاھى شادلىق، گاھى ئەپغان.
ساتار، خۇشتارۇ، دۇتار...تۆھپە - نەجرىڭ،
بېغىشلايدۇ كىشىگە زوق ۋە دەرمان.
قەدىرلىك ياسىغان سازىڭ ۋە لېكىن،
پەلەك قويدى سېنى بى نامۇ - نىشان.
بۇ مەجھۇل قىسمىتىڭ خۇددى مۇئەممما،
ئاڭا بائىسمۇ ئىنسان ياكى دەۋران؟

چېلىپ سازىڭنى بولدى نامى ئۆلمەس
نامانىسا، فارابى ھەم قىدىرخان.
ئۇلار قاتارىدا سەن يوق نېمىشقا؟
بۇ ئىشتىن بولدى باغرىم لەختە قان - قان.
ياغاچقا كۆي - سادا بەرگەن بەشەرسەن،
ناۋاسىدىن ئالار لەززەت جىمى جان.
گۈزەللىك ھەيكىلى — مەئبۇدە سازىڭ،
ئىجادىڭ ئاشكاردۇر، سەنچۇ، پىنھان.
ۋۇجۇدنى لەرزىگە سالدى شۇ قىسمەت،
ئىكەنسەن پاك پەزىلەت تەختىدە خان.
بۇ ئىشتىن چۆمدى مامۇت نۇي - پىكىرگە:
تاپار ھۆرمەت تاماسىز خالىس ئىنسان...

① ئادەملەرنىڭ نەقىللىقى.

## ماختىنىپ ھەم كەمسىتىپ

دەيتتىم ئۇنى «بىلىملىك كىشى»
سالاپىتى ئىدى خىلىلا.
بىراق، قايتتى ھۆرمەت - ئەقىدەم،
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھېلىلا.

سۆزلەپ كەتتى ئۆزىچە مەغرۇر:
«بىزلەر قالتىس پالان مىللەت» دەپ.
«بىز دە كەشىپ، بىلىم تۆھپە بار،
باشقىلاردا جىمى ئىللەت» دەپ.

ھەقىقەتنىڭ تارازىسىغا
گەپلىرىنى سالدىم ئۇنىڭكى.
ئورنۇالدى ئىچىمنىش، سوئال،
يۈرىكىمنى قوچۇپ مېنىڭكى:

بىزدە يوقمۇ ھېچقانداق نۇقسان،
ئۇيۇشقاقمۇ جىمى نەسلىمىز؟
يوقمۇ غەپلەت، يوقمۇ نادانلىق،
ئاسمان بىلەن تەڭمۇ بەستىمىز؟

ئۈمىد باغلاپ دۇرۇت - دۇئاغا،
ۋىجدانىمىز ياتتى مەست - بىھوش.
يۈرۈش قىلسا ئۆزگىلەر پەنگە،
جەننەت غېمى، ئۇچۇن كۆردۇق چۈش.

بىزدە، يوقمۇ قەدىم تۆھپىنى
مەڭگۈ دەستەك قىلىش، يەپ يېتىش؟
كىم ياراتسا يېڭىلىق، ئىجاد،
چەندىماسلىق، رەشىك، كەمسىتىش؟

بىزدە يوقمۇ بىر ئەمەلدارنى
ئون ئالىمدىن ئەتىۋار بىلىش؟
تىرىنچىلىك قۇرۇق مەنسەپنى
كۆز - كۆز قىلىش، تۇتنىيا بىلىش؟

بىزدە يوقمۇ پايدا - نەپ ئۈچۈن
پەيتى كەلسە دوستىنى ساتماق؟
كېچىپ ھەتتا ئاتا - ئانىدىن
يات قۇچاققا ئۆزىنى ئاتماق؟

بىزدە يوقمۇ تەمەننا، پەرداز،
ساختىلىقنى بېزەش، ھەل بېرىش؟
بىزدە يوقمۇ ئىچى قارىلىق،
ئورا كولاش، بازلاش، يەل بېرىش؟

بىزدە يوقمۇ يۈرتۋازلىق، مەزھەپ،
يېقىنلارنى ئۆستۈرۈش، يۆلەش؟
بەزىلەرنى ئورۇنسىز ماختاپ،
بۆشۈكىگە غەپلەتنىڭ بۆلەش؟

بىزدە يوقمۇ «ئارقا ئىشىك»تىن
مېڭىپ، «مىزان»، ۋىجداندىن چەتنەش؟
يوقمۇ ھوقۇق، پۇلغا تايىنىپ،
ھەقىقەتنى بېسىش ۋە چەكلەش؟

بىزدە يوقمۇ يېمەسلىك تەشۋىش،
كەلگۈسىدىن ئەۋلاد، مىللەتنىڭ؟
تۆگىدىمۇ بازىرى تولۇق
دەۋرگە يات جىمى ئىللەتنىڭ؟

بولامدىكىن مىللەتپەرۋەرلىك
مىللىتىنى ماختاش بىلەنلا؟
تۆھپىسىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ،
ئىللىتىنى ئاقلاش بىلەنلا؟

نېمە پايدا تاپتۇق بۇرادەر،
بۇنى ماختاپ، ئۇنى كەمسىتىپ؟
راۋاج تاپقان قايسىبىر مىللەت،
ماختاپ ئۆزىن، قۇرۇق گەپ سېتىپ؟

ئۆزىمىزنى چۈشەنسەك ئىدۇق،
چەك قويالىتتۇق غەپلەتكە بىزمۇ.
ئايلىناتتۇق ئەجرىمىز بىلەن
زامانىۋى مىللەتكە بىزمۇ...

قۇربان ئىمىن

## ئاپىرىن

ئېھ، سېنىڭ شېرىن تىلىڭدىن كۈلدى بوستان ئاپىرىن،
سايرىدى بۇلبۇللىرىڭ ھەم لەبزى داستان ئاپىرىن.
مەرىپەت ئاشنالىرى قوينۇڭدا ئاچتى زەر بۇلاق،
ياش كۆڭۈللەر بولغۇسىدۇر گۈل - گۈلىستان، ئاپىرىن.
ئەي گۈزەل گۈلباغ، سېنىڭدە مەرىپەت تەشناسى كۆپ،
ئىقتىدارلىقلار يېتىشكەي ئەمدى چەندان، ئاپىرىن.
ئىلمۇ - پەن پارلاق قۇياشتۇر، نۇرلىنار ئىنسان دىلى،
قالمىغاي ئەۋلادىمىزدىن بىرمۇ نادان، ئاپىرىن.
ئىلمۇ - پەن بىرلە تەرەققىي قىلدى دۇنيا ئەللىرى،
كۆي سادا بەرمەكتە بىزگە يەرۇ - ئاسمان، ئاپىرىن.
مەرىپەت بىرلە ۋەتەن تېز گۈللىنەر، قۇدرەت تاپار،
ھەم شۇنىڭچۇن بەختىياردۇر بارچە ئىنسان، ئاپىرىن.
قەلبى نۇرلانغان كىشىنىڭ ئەلگە مېھرى زور بولۇر،
تۆھپىسىدىن پەخىرلەنگەي مەردۇ مەيدان، ئاپىرىن.
نەدە بولسا ئىلمۇ - پەن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق،
بەھرى ئالماققا تىرىشلىك، بىل ئەي دوستان، ئاپىرىن.
باغدا باغۋەندىن ئۈمىد زور، ئەلگە مېۋە بەرگۈسى،
چىن يۈرەكتىن ئېيتقىنا باغۋەنگە، قۇربان، ئاپىرىن!

ئابدۇللا سۇلايمان

## ئارمانلىرىم غوزەك يارغان كېپىنەك...

كېچىلىك ئوقۇيمەن، تەنها يېشىم، جىمجىت تۈن،
يېنىدا لامپا كىتاب بىلەن سىرداشىمەن.
ساقلاۋېرىپ ئايمۇ ئاخىر ئۇخلايدۇ،
بەرسەم خىيال چۆللىرىدە بەرداش مەن.

شۇ جىمجىتلىق مۇھىتىدا نەجرىمدىن
ھازىرلايمەن ئەلگە تۆھپە بەھۇزۇر،
ۋۇجۇدۇمنى تورلايمەن نۇر يىپىدا،
تۇغۇلغاندەك يىلە قۇرتى يىپەك تور.

شۇڭغۇغاندا دېڭىزىغا غايىنىڭ،
چىقىپ خىيال چۆللىرىدىن مىڭ تەستە،
ئېرىشىمەن سۈكۈناتلىق ئالەمگە،
قالدۇرۇپ غەم، شادلىقلارنى ھەل پەستە.

ئارمانلىرىم غوزەك يارغان كېپىنەك،
ئۇي ئويلايمەن تۈن قوينىدا جىم تۇرۇپ.
كۆكتە ئۇچسام بولار ماڭا زەر قانات،
نامسىز شۆھرەت، شان-تۆھپىلەر جەم بولۇپ،

## قار سەيلىسى

يېپىنغاندا كەڭ تەبىئەت قاردىن ئاق تون،
بىز يۈرەتتۇق قاپتاللاردا قىلىپ سەيلى.
گاھ شۇڭغۇيتتىڭ قويۇق ئورمان ئارىسىغا،
چىقىپ تۆزگە بولۇپ گاھى بىر تال لەيلى.

قىلىن قاردا قول تۇتۇشۇپ، بېسىپ بىز يول،
ئىلگىرىلىدۇق تىك چوققىغا چىقماق ئۈچۈن.
توستاندىمۇ ئالدىمىزنى جۇت - شىۋىرغان،
كەلگەنىدى چىن سۆيگۈمىز ئاندىن ئۈستۈن.

چوققىدا بىز گويا بىر جۈپ قارا خالدەك،
چۆمدۇق يېڭىش، ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا.
پىچىرلاشتۇق ئاستا، دەخلى بەرمەيلى دەپ،
تۇتاش كەتكەن تاغنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا.

كاككۇك قەھ - قەھ ئۇرغان كەبى كۈلۈپ بىردىن،
ئاتتىڭ ماڭا بىر ئوچۇم قار، نازىڭ بىلەن.
بۇركۈت، كەكلىك ئۇچتى پەسكە قانات قېقىپ،
دىل قەلبىڭدىن چالغان لىرىك سازىڭ بىلەن.

يۈز - كۆزۈمگە تەگكەن ئاشۇ قار پوكزىكى،
كەتكەنىدى ئېرىپ سۆيگۈ ئوتۇمدا تېز.
بىلدىم. ئالدىڭ بۇ چاغ يەنە سىناق مەندىن،
قەلبى جۇددى قار كەبى ئاق. ئەي، ئوماق قىز...

يولۇققاندا مۇشكۇلاتقا ھەر قەدەمدە.
روھلىنىمەن شۇ دەملەرنى ئەسكە ئېلىپ.
ئۆتسەك دېيمەن، سۆيگۈمىزگە ئىمكان بەرگەن
ھۆر زامانغا گۈل ياشلىقنى تەقدىم قىلىپ.

**مۇكەررەم ئەبەيدۇللا**

## گۈل سۆيگۈسى

ياز كېلىپ گۈل پەسلىدە تۇتتۇڭ ماڭا بىر دەستە گۈل،
غۇنچە رەڭدار، ئۇز كۆرۈندى تاۋلىنىپ ئەتلەستە گۈل.
خۇش پۇراقلار ئەيلىدى كۆڭلۈمنى مەپتۇن ئۆزگىچە،
زوقىدىن ئالەمچە سۆيگۈ بەخش ئېتىپ بىر پەستە گۈل.
قىزىرىپ تۇرغان سىياقىڭدىن ئىدى مەلۇم ماڭا،
بىر سىناق نەزەر بىلەن كەلگەنىدى مىڭ تەستە گۈل.
باغلىدى قەلبىم بۇ تىلسىز پاك مۇھەببەت رىشتىگە —
رىشتىنى، مۇمكىنمىدى مۇنداق بولۇش كۆرمەستە گۈل؟
بەختىمىز كۈلدى ئۇماق جۈپ غۇنچىدەك پورەك ئېچىپ،
قالدى ئىقبال ئەلچىسى بوپ مەڭگۈلۈككە ئەستە گۈل.

**ئىبراھىم نىياز**


## گىتارچى...

گىتار چېلىپ ئولتۇرىدۇ بىر يىگىت،
مۇڭغا ئوراپ جىمجىت كېچە قوينىنى.
ئىشق ئوتى كۆيدۈرمەكتە شۇ پەيت
يارىنىڭ قولى چىرمىغاندەك بوينىنى.

ئۇ تەلپۈنەر ئالدىدىكى بالكونغا،
ناخشىسىدا گۈزەللىكنى چاقىرىپ.
نامەلۇممۇ ياكى بۇ سىر جانانغا،
يۈرىدىكىن كىملەرنى ئۇ ياد ئېتىپ؟

جىمجىت ئاقشاملار، بىراق باشقا بالكوندا
مۇڭغا تولغان يەنە بىر قىز تەلمۈرۈپ.
تىترەر كۆكسى يىگىت تارنى ئۇرغاندا،
سادالىرى ئۆتەر ئۇنى كۆيدۈرۈپ.

بۇ سىرلارمۇ نامەلۇمدۇر يىگىتكە،
يىگىت شۇ تاپ گىتار چېلىپ ئاۋارە.
بىر قىز ئۇخلار چۆمۈلۈپ، ئاھ، سۈكۈتكە،
يەنە بىرى ئازابلىنار زىيادە.



www.shurkitap.com



# سەھرالىقلار


(پوۋېست)

ئالىمجان ئىسمايىل

1

B ناھىيىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، يۈز كىلومېتىرچە يىراقلىقتا تۆپتۈز كەتكەن بىر ساي بار. بۇ چۆل جاڭگالساي دەپ ئاتىلىدۇ. جاڭگالساي ئىسمى جىسمىغا لايىق قاقاس ساي. سايىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئالتۇن تاغنىڭ تاشلىق، تاقىر تاغلىرى خۇددى سېپىل تىمىدەك ئوراپ تۇرىدۇ، قالغان تەرىپى بولسا ئۇپۇق گىرۋىكىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. تۆگىنىڭ لوككىسىدەك قۇم دۆڭلىرى بىلەن تولغان بۇ سۇسىز، گىياھسىز چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تاشيول كېسىپ ئۆتىدۇ. يول خۇددى ئاقۇش تاسمىدەك سوزۇلۇپ بۇ چۆلنى باشقا يۇرتلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاپتوموبىل بۇ چۆلنى توپتوغرا ئالتە-يەتتە سائەت ماڭىدۇ. ئارىلىقتا چۈشكۈدەك بىرەر ئۆتەڭ، ئىچكۈدەك بىرەر تېمىم سۇ يوق. شۇڭا شوپۇرلار بۇ سايدا ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ياز كۈنى بۇ يەر تونۇرغا ئايلىنىدۇ، قىش كۈنلىرى بولسا كۈنبويى يىڭنىدەك سانجىلىدىغان ئاچچىق شىۋىرغان چىقىدۇ.

ماناشۇ چۆلنىڭ بىر چېتىدە، ئالتۇن تاغنىڭ جەرەنلىك دېگەن جىلغىسىدا قوشبۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللە بار. خىلۋەت يەرگە جايلاشقان بۇ مەھەللە جاڭگالسايدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىش تۇگۇل ئېسىگىمۇ كەلمەيدۇ. ئۈچ تەرىپى قاقاس تاغ، ئالدى تەرىپى قۇم دۆڭلىرى بىلەن قورشالغان بۇ مەھەللە تاسادىپىي كېلىپ قالغان ياقا يۇرتلۇقلارغا خۇددى تىلسىمنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاپىرىدە بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.




جىلغىنىڭ ئىچى خېلى كەڭرى ئوزلەڭلىك بولۇپ، خۇددى تەكشىلەپ ياساپ قوي-

غاندەك كۆرۈنىدۇ. تاغنىڭ ئېتىكى بۈككىدە ياۋا جىگدىلەر، تاغ تېرەكلىرى بىلەن قاپ-
لانغان. ئېلىغىنىڭ تاغقا تۇتاشقان جايىدىن بىرقانچە بۇلاق ئېقىپ چۈشىدۇ. بۇ بۇلاق
سۇلىرى مەھەللىگە ئېقىپ كېلىپ چاققانغىندا بىر ئۆستەڭ سۇ ھاسىل قىلىنغان. قوشبۇ-
لاقلىقلار ئاشۇ سۇ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدۇ، يايلاقلارنى سۇغىرىدۇ، باغ-ۋارانلارنى
بەرپا قىلىدۇ. ئۆستەڭ سۈيىنىڭ ئاخىرى جاڭگالسايىنىڭ قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

قوشبۇلاقنىڭ قاچانلاردا بەرپا بولغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر بار.
مەھەللىنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى بۇ يەرگە خۇدانىڭ نەزەرى چۈشكەن، خىزىر ھاسىسى بى-
لەن بۇلاق ئاچقان دەپ تەبىر بېرىشىدۇ. بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ يەر قەدىم-
دىن تارتىپ جەرەن، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق ھايۋاناتلارنىڭ ماكانى بولغانىكەن، كېيىن-
رەك ئالتۇن قازغۇچىلاردىن قۇربان دېگەن ياش يىگىت مۇشۇ جەرەنلىككە قېچىپ كې-
لىپ پاناھلانغانمىش، ئۇ بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ تىرىكچىلىك قىلىپتۇ، ئاخىر ئۇ يۇرتقا چۈ-
شۈپ شۇ چاغدىكى مەھەللىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى بولغان ئۆمەر باينىڭ زورلۇق بىلەن
ئالغان كېنىك خوتۇنىنى توي ئاخشىمى باينىڭ ئېتى بىلەن ئېلىپ قېچىپ جەرەنلىككە
كەلگەنمىش، باي ئۇلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى تاپالماپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئۇلار نەچچە
باللىق بولۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ يۇرت-يۇرتتىن قىزلارنى ئېلىپ قېچىپ كېلىشىپتۇ.
ئۇلارنىڭ نوپۇسى بارغانچە كۆپىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى قوشبۇلاق كەنتى پەيدا
بولغانمىش. نېمىلا بولمىسۇن، ھازىر قوشبۇلاقتا 70 تىن ئوشۇق تۈتۈن بار. ئۇششاق-
چوڭ بولۇپ 400 نوپۇس مۇشۇ خىلۋەت ماكاندا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. قوشبۇلاقلىقلار
دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالاتتى. ئۇلار ئىلگىرى گۆكشى ئىدارىسى
بولغان قارا سۇ بازىرىغا يىلدا پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا باراتتى ۋە مەھەللىدە ھەپ-
تە سۆزلىگۈدەك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. گۆكشى ۋە ناھىيىنىڭ كادىرلىرىمۇ بۇ
يەرگە ئاسانلىقچە كەلمەيتتى. يۇقىرىنىڭ يولىيورۇق، ئۇقتۇرۇشلىرى بولسا قوشبۇلاققا
ھەپتە، ئاي كېچىكىپ يېتىپ كېلەتتى. بۇ يەر 8-، 9-ئايلاردا، مال-ۋاران سەمرىپ،
قوشبۇلاقنىڭ شاپتۇلى مەي باغلىغان چاغلاردا ئەڭ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بۇ چاغلاردا
ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى، تەكشۈرۈش، باھالاش ئۆمەكلىرى، ئويۇن قويغۇدىغانلار، داۋالاش
ئەترەتلىرى، تېرە-يۇڭ سېتىۋالغۇچىلار ... بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي كېلىشەتتى.
ئۇلار بىرەر ئاي ئىچىدە قوشبۇلاقنى خۇددى چېكەتكە چۈشكەن ئېتىزدەك قۇرۇتىۋېتىپ
كۆزدىن غايىپ بولۇشاتتى، شۇندىن كېيىن قوشبۇلاقنىڭ جىمجىت، تىنچ ھاياتى يەنە
ئەسلىگە كېلەتتى.

60-يىلنىڭ باشلىرى ھۆكۈمەت بۇ كەنتتە بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچ-
تى ۋە شەھەردىن قاسىم دېگەن ياشقىنا بىر يىگىت مۇئەللىم بولۇپ چىقتى. لېكىن
قاسىم بۇ يەردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا زېرىكتى. ئۇ، بالىلارنى بىرەر ئاي ئوقۇتسا، بىرەر
ئاي شەھەرگە كىرىپ كېتىپ چىقمايتتى. بالىلارنىڭ قايسىسىنىڭ كېلىپ، قايسىسىنىڭ كەل-
مىگەنلىكى بىلەن ھېچ كارى يوق ئىدى. ئىشقىلىپ بالىلار بۇ مەكتەپتىن ئېلىپبەنى تۈگىتىپ
ئېتىنى يازغۇدەك ساۋاتقا ئىگە بولۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭدىن يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئۈچۈن

بولسا 40 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، گوڭشې جايلاشقان قاراسۇ يېزىسىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق قولايسىزلىقلار تۈپەيلىدىن، قوشبۇلاقنىڭ بالىلىرىنىڭ تولىسى چالا ساۋات پېتى دېھقان ياكى چارۋىچى بولۇپ كېتەتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئازاد بولۇپ تا ھازىرغىچە بۇ مەھەللىدىن قوشبۇلاقنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغۇدەك بىرەرمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، گوڭشې، ھەتتا دادۇيگە يارىغۇدەك بىرەر كادىرمۇ چىقمىغانىدى.

ئېھتىمال، قوشبۇلاق مۇشۇ ھالەتتە كىشىلەر نەزىرىدىن چەتتە قېلىۋەرگەنمۇ بولاتتى، لېكىن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان بۇ يەردىمۇ ئاز-تولا بولسىمۇ يېڭىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تاغدىن تاشپاختا، كۆمۈر كانلىرى ئېچىلىپ، قوشبۇلاقنىڭ يېنىدىن چوڭ يول ئېلىندى. بۇ يول قوشبۇلاققا يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. چوڭ يولدا ماشىنا، تراكتورلار كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلمەي قاتنىشىپ، قوشبۇلاقتىمۇ ھەر خىل ئادەملەر پەيدا بولۇپ، بۇ تاغلىق كەنت ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. بۇ يېڭىلىقلار قوشبۇلاقلىقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى. ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئادەتلىرىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ھەممىدىن يامىنى قوشبۇلاقنىڭ قىزلىرىدىن بىرنەچچىسى پۇلنى كۆپ تاپىدىغان خاڭچىلارغا ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتتى. قوشبۇلاقلىقلار ئەزەلدىن سىرتقا قىز چىقارمايتتى. ئەمدى قىزلار شوپۇرلارغا ئەگىشىپ ياقا يۇرتلارغا كېتىدىغان قىلىقنىمۇ چىقاردى. قوشبۇلاقنىڭ يىگىتلىرىنىڭ بېشىغىمۇ غەم چۈشتى. بۇنداق كېتىۋەرسە قوشبۇلاق بويتاقلار مەھەللىسى بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇلار سىرتتىن قانداقمۇ قىز ئەكىلەلەيدۇ؟ قايسى قىز بۇ چەت، نامرات يۇرتقا كېلىن بولۇپ كېلىشكە رازى بولىدۇ؟...

قوشبۇلاقنىڭ يىگىتلىرى ئالدىراشلىق بىلەن قىزلارنىڭ پېيىگە چۈشۈشكە، توي قىلىشقا تۇتۇش قىلىشتى.

2

كۆپكۆك، شىشىدەك سۈزۈك ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش پۈتۈن ھارارىتى بىلەن زېمىننى قىزدۇرماقتا ئىدى. پىژغىرىم ئىسسىقتىن سولاشقان زىرائەتلەر ۋە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇيقۇ باسقاندەك سالپىيىپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. پۈتۈن مەھەللە ئۈستىگە تومۇز تىنجىقى يېيىلغانىدى. بۇنداق چاغلاردا قوشبۇلاقنىڭ دېھقانلىرى مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ قاراڭغۇ، سالقىن ئۆيلىرىدە يېتىپ ھارغۇچە ئۇخلايدۇ، تاكى كۈن قىيسىلىپ، تاغدىن ئازراق سالقىن شامال ئۇرمىغۇچە ئېتىزغا بارمايدۇ.

مەھەللىنىڭ جاڭگالسايغا تۇتاشقان تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن ئېتىزلىق بولۇپ، بۇ سېرىق، قومساڭغۇ تۈپلىك يەرلەر قوشبۇلاقلىقلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان ماكان ئىدى. ئىلگىرى بۇ يەرلەرگە بىر تۇتاش ياكى بۇغداي، ياكى قوناق تېرىلاتتى. ھازىر بۇ تۈزلەڭلىك پارچە-پارچە ئېتىزلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە ھەر كىم ئۆزى خالىغان زىرائەتنى تېرىيدىغان بولدى. بۇ يەردە بولۇق، ئوخشىغان زىرائەتلەرنىمۇ، بېقىش تاپمىغانلىقتىن سارغىيىپ سولاشقان زىرائەتلەرنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. تۈزلەڭلىكنىڭ

كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر پارچە يەرنىڭ قونىقى ئادەم چۆكۈرگۈدەك دەرىجىدە تەكشى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل يوپۇرماقلىرى، ئادەم بىلىكىدەك غولى مول ھوسۇلدىن بىشارەت بېرەتتى. ئۇنىڭغا يانداش ئېتىزنىڭ قونىقى بولسا پاكار ۋە قويۇق ئىدى. بۇ ئىككى ئېتىزنى بىر توپ قېرى ياۋا ئۆرۈك دەرىخى ئايرىپ تۇراتتى.

ئاشۇ ئۆرۈك سايىسىدە، قويۇق ئۆسكەن ئوت ئۈستىدە بىر قىز ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ساپلىق كەتمەن تىكلەكلىك تۇراتتى. قىز بېشىنىڭ ئاستىغا سەل ئۆڭگەن گۈللۈك يىپ ياغلىقىنى يېيىپ سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈلگەن قوڭۇر چېچى ياغلىق ئۈستىدە يىلاندەك تولغىشىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، خۇددى ئۆلۈكتەك مىدىرلىماستىن سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت قىزىل كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىلا بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر چۈشۈپ، ئۇنىڭ تىرىك جان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. قۇياش تىكلىشىپ سايىمۇ يوتكەلدى. شاخلار ئارىسىدىن كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى، لېكىن ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا يېتىۋەردى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى يېپىپ تۇرغان كۆزىگە پۈتۈن ئەتراپ قىزىللىقتا پۈركەنگەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بالىلىق چاغلىرى كەلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كىچىككىنە ئۆستەڭدە ھارغۇچە چۆمۈلگەندىن كېيىن، دوستلىرى بىلەن ئۆستەڭ قىرىدىكى ئىسسىق قۇم ئۈستىدە ئۆزلىرىنى كۈنگە قاقلاپ يېتىشاتتى. ئۇ ئۇخلىغان بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى ۋە كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان قاندەك قىزىل دۇنياغا، بۇ سىرلىق غەلىتە ھالەتكە ھەيران بولاتتى. نېمىشقا قىزىل كۆرۈنىدىغانلىقى توغرىسىدا قىزلار بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق بەسلىشەتتى، ئۇنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى يەتمەيتتى، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ھازىرمۇ كۆز ئالدىدىكى ئوتقاشتەك شولا ئۇنى تەگسىز خىياللارغا غەرق قىلغانىدى. قۇياش ئاۋۋالقىدەكلا يەنە قىزىل، ئىللىق نۇرىنى زېمىنگە تۆكمەكتە، زېمىندىكى ھەممە نەرسىگە ئۈرخشاش، تەكشى باقماقتا، ئەمما قىزنىڭ گۆدەك چاغلىرىدىكى بىغەم شادلىقى ھازىر يوق. قۇياشنىڭ شۇ رەڭگى، ھارارىتى ئۆزگەرمەيدۇ - يۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى نېمىشقا خىلمۇخىل بولىدۇ؟ قۇياش نۇر چېچىۋاتقان بۇ زېمىندا شۇ تاپتا قانچە ئادەملەر شادلىق، بەخت قوينىدا يايرىماقتا، قانچە ئادەملەر بولسا ھەسرەت، غەم - ئەندىشىدە ئاھ ئۇرماقتا، ئەمما قۇياش ھەممىگىلا ئەنە شۇنداق كۈلۈپ قارايدۇ...

قىز كۆزىنى ئاچتى. قىزىل ئالەم كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا زۇمرەتتەك تىنىق ئاسمان، ئىسسىقتىن ساڭگىلىغان يوپۇرماقلار نامايان بولدى. كائىنات تىنجىق دەستىدىن پۇشۇلدىغاندەك بىلىنەتتى. قۇرۇغان ئۈرت - چۆپلەرنىڭ تاراسلاشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، سايىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. يىراقتا تاشيولدا ئاگان - ئاگاندا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەپ ئۆتكىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

قىز ئېغىر تىنىپ يېنىغا ئۆرۈلدى. دەل شۇ چاغدا مەھەللە تەرەپتىن ئايال كىشىنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

www.uyghurkitap.com

— سانىخان! ھوي، سانىخان!

قىز ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئۇنى چۈشلۈك چايغا چاقىرىۋاتىدۇ، ئەمما قىزنىڭ ئورنىدىن زادىلا قوپقىسى يوق ئىدى. ئۇ مۇشۇ خالىي جىمجىتلىقتا ئۆز خىيالى بىلەن مۇڭدىشىشنى خالايتتى.

سانىخان شۇ مەھەللىدىكى سامساق دېگەن دېھقاننىڭ قىزى ئىدى. سامساق ئازتولا خەت ساۋاتى بار ئادەم بولۇپ، خەلق گومىنداڭ ۋاقتىدا بىر مەزگىل ئەترەتكە باشلىق بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تۇنجى قىزى سانىخاننى ئوقۇتۇشقا بەلباغلىغانىدى. سانىخان قوشبۇلاقتا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە تۈگىتىپ، قاراسۇدىكى گومىنداڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردى. سامساق ئائىلىدىكى ھەممە ئېغىرچىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قىزىنىڭ ئوقۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئاخىرى سانىخان ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى. ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشەنچىسى بار ئىدى، لېكىن كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا چاقىرىق قەغىزى كەلمىدى. ئۇ، مەكتەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى. مەسئۇل كىشىلەر «نومۇرلۇق تۆۋەن ئىكەن» دېگەن جاۋابنىلا بەردى. ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ئاخىرى تەقدىرىگە تەن بېرىپ، قوشبۇلاققا قايتىپ كەلدى. 18 ياشقا كىرگەن سانىخاننى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ خىلۋەت، نامرات يۇرتنىڭ جىمجىت، زېرىكىشلىك تۇرمۇشى ئۆز قوينىغا ئالدى.

سانىخان باللارنىڭ چوڭى ئىدى. ئانىسى ئاغرىقچان بولۇپ، پۈتۈن ئائىلە دادىسىنىڭ ئىشلەپ تاپقىنىغا يۆلىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ تەس كۈنگە قالدى، دادىسى 12 مو يەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولدى. سانىخاننىڭ ياۋاش، دىلى يۇمشاق دادىسىغا ئىچى ئاغرىدى ۋە دادىسى بىلەن بىللە ئېتىزغا ئەمگەككە چىقتى.

سانىخان ئوقۇشقا بارالماي قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا كۆڭلى غەش بولۇپ ھېچكىمگىمۇ ئارىلاشمىدى، بىللە ئۆسكەن دوستلىرى بىلەنمۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ قىلىشمىدى. ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ كىتابقا دۈم چۈشەتتى. ئۇ ئىلگىرى ئامبار قىلىنغان كىچىككىنە قازناقنى ئۆزىگە ئايرىم ياتاق ئۆي قىلىپ راسلىۋالغانىدى، چوڭ ئۆيدە ئۇكىلىرىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىنمۇ بېشى ئاغرىيتتى. ئۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە كىتاب ئوقۇش دۇنيادىكى ئەڭ مەنىلىك ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، كىتابتىن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى. كىتابلارنى قانچە ئوقۇغانسېرى ئۆز يېزىسىدىكى ھاياتنىڭ تولىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى شۇنچە روشەن ھېس قىلاتتى، ئاشۇ كىتابلاردىكى كىشىلەردەك ياشاش ئىستىكى ئۇنىڭ قەلبىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرەتتى.

نېمە ئامال؟ ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ تەقدىر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. ئۇنىڭ ئون يىل پارتىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئوقۇغانلىرى بىكارغا كەتتى. ئۇ قانات چىقىرىپ ئۇچماقچى ئىدى، لېكىن تەقدىر ئۇنى مۇشۇ تاغ باغرىدىكى كۆرۈمسىز، تار قەپەزگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ سولاپ قويدى. دېمەك، ئۇنىڭ پېشانىسىگە

مۇ مۇشۇ ماكان پۈتۈلگەنىكەن ... كۈنلەر، ئايلار ئۆتمەكتە، مانا ئۇ قوشبۇلاقتا بىر قىشنى ئۆزىتىۋەتتى، ئالدىدا يەنە كۈز يېقىنلاشماقتا. ئۇنىڭ تەكتۈش دوستلىرى ئارقا- ئارقىدىن تويى قىلىشىپ ئۆي تۇتۇۋېلىشتى. سانىخان بۇ يۇرتنىڭ يوسۇنىدا ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىز بولۇپ ھېسابلىناتتى. خوتۇنلارنىڭ ئۇنى ئىما قىلىشىپ پىچىرلاشلىرى، يىگىتلەرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇ ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق بىر ئا- يەت يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. توي قىلىشنى، مۇشۇ چۆل مەھەللىدە ئۆي- ئوچاقلىق بولۇشنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كې- تەتتى. ئانىسى نەچچە قېتىم مەھەللىدىكىلەرنىڭ قۇلاقنى ئاغرىتىۋاتقانلىقىنىڭ گېپىنى قىلىپ قىزىنى چېكىپ باقتى، ئەمما سانىخان لام- جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. يۈز تۇ- رانە جاۋاب ئالالمىغان ئانا ئاخىرى ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ بېقىشقا كىرگۈزدى. كۆمۈركانغا ياتلىق بولغان دوستى ئايشەم ئۇنىڭغا كاندا ئىشلەيدى- غان بىر ئىشچىنى سايە قىلدى. ئايشەمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ماناشى يامان ئەمەسكەن. پەقەت بىر ئۆيلەنگەن يېرى بار ئىكەن. ھەتتا ئايشەم سانىخاننى ئۇنىمىغىنىغا قوي- ماي بىر قېتىم ئۆيىگە قوندۇرغىلى ئاپىرىپ يىگىتنى كۆرسەتتى. شاپ بۇرۇت، كۆزلىرى ئەلەسىرەك، ياپما قاپاق بۇ ئادەمنىڭ تەقى- تۇرقىلا سانىخانغا تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىدا بىلەكتەك قىزغۇچ كۆن غىلاپ ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئۇ، سانىخانغا شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى قانسىرىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئالغاي كۆزىدە يەۋەتكۈدەك تىكىلەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بەڭگىلەرنىڭكىدەك خىرقىراپ چىقاتتى. ئۇنىڭغا قاردىغانسېرى سانىخاننىڭ تېنى شۈركىنەتتى. ئۇ، ئايشەمنىڭ قانچە چۈشەندۈرۈپ ماخ- تاشلىرىغا قۇلاق سالماستىن قايتىپ كەلدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭمۇ ھاياتى خۇددى ئاتا- بوۋىلىرى، دوستلىرىدەك مۇشۇ خىلۋەت يۇرتتا، قاراڭغۇ، نامرات ئۆيلەردە ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ جاپا تارتىپ ئۇقۇغىنى نېگە كەتتى؟ زادى باشقا ھايات يولى يوقمىدۇ؟...

قوناق شاخلىرىنىڭ شالدىرلىشى سانىخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. كىمدۇر بىرسى قوناقلىقنى ئارىلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. سانىخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭ- لەكلىرىنى تۈزىدى، چېچىغا چاپلاشقان ئوت- چۆپلەرنى قېقىشتۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇ- رۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەنىدى، شۇ ئەسنادا قوناقلىقتىن دولىسىدا كەتمىنى بار، ئېگىز بويلۇق، يۈز- كۆزلىرى كۈندە قارىداپ كۆيگەن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلدى. يىگىت سانىخاننى كۆرۈپ ناخشىدىن توختىدى، بىر پەس نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇردى، ئۇنىڭ كۆزى ھاياجان، شادلىق- تىن يالتىراپ كەتتى، ئاندىن ئاۋايلاپ دەسسەپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈز- كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلغان، ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك كۆڭلىكىنىڭ دۈمبىسى تەردىن شور باغلاپ كەتكەنىدى.

بۇ يىگىت سانىخانلارنىڭ تام قوشنىسى توختى كۆنچىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى كېرەم ئىدى. ئۇ قوشبۇلاقتىكى بىردىنبىر سازەندە — راۋابچى يىگىت ئىدى. كېرەم سانىخان بىلەن بىللە ئوينىاپ چوڭ بولغان، باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇ- غانىدى. كېيىن سانىخان گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇغىلى كەتتى، كېرەم بولسا

www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ زورى بىلەن مەھەللىدە قېلىپ دېھقان بولۇپ كەتتى. سانىخان يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان كېرەمنىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىپ ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ يۈرەتتى، كېرەم ئۇنى كۆرسىلا گەپكە تۇتاتتى، ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ تۇرۇۋالاتتى، كەچقۇرۇنلىرى پات-پاتلا ئۇنىڭ ئىشىكىدىن راۋاب چېلىپ ئۆتەتتى. سانىخان ئىتىرلىقتا كەلسە ئۇمۇ ئىتىزلىقتا پەيدا بولاتتى ۋە بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى. شۇڭا ھازىر سانىخان ئۇنى كۆرۈپ ئانچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى.

كېرەم ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ چېكەۋاتقان سانىخانغا يەر ئاستىدىن ھەۋەسلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئۆزىچىلا قىزىرىپ كەتتى.

— ھاۋا تازىمۇ قىزىپتۇ، — دېدى ئاخىر ئۇ بېشىدىكى نېپىز ئاق دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ. سانىخان ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ئەتۇر قارىۋالدى.

— قونىقىلار تازا ئۇسساپتۇ، — دېدى كېرەم قوناقلىقتا كۆز يۈگۈرتۈپ، — سىزنىڭ نۆۋىتى كەلمىدىمۇ؟

سانىخان گەپ قىلمىدى، قوناقنى سۇغىرىش كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ، بۇ سانىخان ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىشلار. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى دادىسى بىلىدۇ.

قوناقلار سەل قويۇقراق تۇرامدۇ نېمە؟ — كېرەم قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇنداق قويۇق تۇرسا باش ئالالمايدۇ، قورقمايلا تاقلىۋېتىڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ يىل يېرىڭلارنىڭ ئوغۇتىمۇ ئازراق بولۇپ قالدى، خىمىيۋى ئوغۇت بىرەمسىلەر؟

— ئۇقمايمەن ...

سانىخان ئەتۇر قارىغىنىچە جاۋاب بەردى. ئۇ ئالدىدىكى سولىشىپ يوپۇرماقلىرى ئېسىلىپ تۇرغان قوناقلىقتا ھارغىن، خۇشياقمىغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. «نەدىسىنمۇ پەيدا بولدى بۇ بىر نېمە؟ — سانىخان كۆڭلى غەش بولغان ھالدا نىرىلدى، — نەچچە ۋاقتىن قىلىۋاتقىنى يەتمىگەندەك ئەمدى ماڭا دېھقانچىلىقتىن دەرس ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. دېھقان دېگەن مۇشۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قوناق بىلەن بۇغدايدىن باشقا نېمە گەپ چىقىدۇ؟ ئۇلار ئەتىگىنى قوپۇپ ئىتىزغا چىقسا، كەچكىچە تەرگە پېتىپ، توپىغا مىلىنىپ كەتمەن چاپسا، ئاخشىمى كۆن بىلەن تەڭ ئۇيقۇغا چۆمسە ... ئۇلارنىڭ ھاياتى مۇشۇ ...»

— ھېچقانچە ئاينىتالماپسىز، مەن بىر دەم ئۆتنىشىپ بىرەي، — كېرەم قىزنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ دېدى.

— ياق، بولدى، مەن ئەمدى ئۆيگە كېتىمەن، — سانىخان كەتمەننى قولىغا ئالدى.

كېرەم ئالدىراپ قالدى. ئۇ باياتىن سانىخاننى بۇنداق خالىي يەردە ياڭغۇز ئۇچراتقىنىدىن قەۋەتلا خۇش بولغانىدى. ئۇ بۇنداق پۇرسەتنى خېلىدىن بۇيان كۈتۈپ يۈرگەنىدى ۋە كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن گەپلىرىنى بۈگۈن دېمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى، ئەمما ئۇ گەپنى زادى قانداق باشلاشنى ئۇقماي تەمتىرەپلا قالدى. مانا ئەمدى، قىز كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى بۇنداق ئوبدان پۇرسەت يەنە قاچان كېلىدۇ؟

— سانىخان! ... — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى ...



سانىخان توختاپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— نېمە گەپ ئىدى؟ دەڭ ئەمىسە...

كېرەم سانىخاننىڭ بىپەرۋا ھالىتىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى. بىر نەچچە سىكۇنتقىچە كەتمىنىڭ قىزىرىپ يالتىرىغان سىلىق سېپىنى سىلىغىنىچە ئويلىنىپ قالدى. سانىخان بولسا ئۇنىڭغا قارىماستىن يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. كېرەمنىڭ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر قۇيۇلدى، كەتمەن سېپىنى سىقىمدىغان يوغان قوللىرى تىتىردى، گېلىغا نېمىدۇر كەپلىشىپ قالغاندەك تامىقى قۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەنە دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىدىكى تەرنى ئېرتتى، گېپىنى تاپالماي، دوپپىسىنى يان دۇرۇپ ياندۇرۇپ قاتلىدى. ئويلىغانلىرى ھېچبىر لايىق گەپنىڭ تىلغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىۋەتتى.

— ئىككىمىز توي قىلساق... ئۆيدىكىلەر ئەلچى كىرگۈزسەك دەۋاتىدۇ...

سانىخاننىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. كېرەمنىڭ باياتىن شۇنچە قىينىلىپ، ھاياجان بىلەن ئېيتقان سۆزى ئۇنىڭغا ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك نازۇك، لەززەتلىك، يۈرەكنى ئويناتىدىغان ھېسسىياتنى بەخش ئەتمىدى، بەلكى قاچانلاردىدۇر بەرگەن، كېيىنچە ئۇنتۇپ قالغان كونا قەرزنى سوپلەۋاتقاندەك قوپال، ھاياسىز تۇيۇلۇپ، خورلۇق ھېس قىلدى، يىغلىغۇسى كەلدى. «مۇشۇمۇ مۇھەببەت بولدىمۇ؟! توۋا، ھېچ گەپ يوق توي قىلساق... سەھرالىق دېگەننىڭ نېمىلا قىلغان بىلەن بىر يېرى سەھرالىقتە...» سانىخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى، يىگىتنى قوپاللىقى ئۈچۈن ئاغزى-بۇرنىغىچە تويغۇزماقچى بولدى، لېكىن كېرەمنىڭ ئۈمىد بىلەن تەلمۈرگەن بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ نىيىتىدىنياندى ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قاپىقىنىمۇ ئاچماستىن چورتلا جاۋاب بەردى:

— كېرەم! ئاۋارە بولماڭ... مەن بۇ يەردە توي قىلمايمەن!

سانىخان شۇنداق دېدى-دە، ھودۇقۇشتىن شالپەردەك قىزارغان كېرەمنى قىر بويىدا قالدۇرۇپ، تېز-تېز مېڭىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ كەتتى.

قوشبۇلاقلىقلار تازا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇغداي ئېتىزلىرى يالىڭاچلىنىپ چۆلدەرەپ قالغانىدى. قوشبۇلاقلىقلار ئۆيلىرىگە يېقىن يەرگە قۇرۇۋالغان خامانلىرىدا بىر يىللىق ئەجرىنىڭ ھوسۇلىنى تاغارلىرىغا قاچىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ كۈنلەردە دەرەخ ئاستىدا سايىدايدىغان، ماگىزىن ئالدىدا قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلارمۇ كەمدىن-كەم ئۇچرايتتى، چۈنكى بوۋايلاردىن تارتىپ بالىلارغىچە ھەممە ئادەم شىرنىگە قونىز ھەرىدەك خامانغا يېپىشقانىدى.

سانىخانلارنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۆيىنىڭ كەينىگىلا خامان تەييارلىغانىدى. بۈتۈن ئائىلە بويىچە يوپۇرۇلۇپ تۇتۇش قىلىپ بۇغداينى يومشىتىۋالدى. ئەمدى ئۇلار تۈنۈگۈندىن باشلاپ بۇغداي سورۇشقا كىرىشكەنىدى. سامساق ئاخۇن چوقچىيىپ تۇرغان بۇغداي دۆۋىسىنى كۆڭلىدە مۆلچەرلەپ، قايىقى چۈشكەن ھالدا ئىچىگە تىنىپ قويىدى. چۈنكى ھوسۇل ئەتىرەت بىلەن تۈزۈشكەن توختامغا يېتىشى ناتايىن ئىدى. «كاش تەلەي، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئەلەم بىلەن خامانغا قاراپ، — ماڭا نېمىدەپ بىرەر ئوغۇل بەرمىگەنسەن خۇدايىم، بۇ قىزلار بىلەن قانداقمۇ قىلارمەن؟...». ئۇ بىردىنلا قوشنىسى توختى كۆنچىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغاچقا زىرائەتلىرىمۇ ئوخشىدى، كېرەمجانغا ئاتاپ ئىككى ئېغىز ئۆيمۇ سالدى. پەقەت سامساق ئاخۇننىڭ ھال كۈنىلا يىلدىن-يىلغا كەينىگە كېتىۋاتىدۇ. سانىخاننى مىڭبىر جاپا بىلەن ئوقۇتتۇۋىدى، ئاخىر ئۇمۇ بىرەر خىزمەتكە ئېلىنىشالماي يۈك بولۇپ ئۆيدە ئولتۇردى. شۇنىڭ ئورنىغا قارىغۇ بولسىمۇ ئوغۇل بالا بولغان بولسا ئېتىز ئىشىغا يارايتتى-دە...: ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...» ئويلىغانسېرى سامساق ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى گويا قارا بۇلۇتتەك غەشلىك بېسىشقا باشلىدى. «سانىخاننى تالالىق قىلىدىغان ئىش ئىدى، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە بۇغداي تاسقاۋاتقان قىزىغا قاراپ، — ئەمدى ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇۋېرىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ھېلىمۇ گەپ-سۆزلەر ئاز بولمايۋاتىدۇ. قىز بالا دېگەن تۇخۇمدەكلا نەرسە. ۋاقتى ئۆتسە سېسىپ كېتىدۇ... توختى كۆنچىنىڭ ئوغلى ئوبدان بالا بولدى، ئاش-نان بولىدۇ، ئۆزىمۇ سانىخاننى ئەگىشىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. توختاخۇنمۇ پۈرتىپ يۈرىدۇ... كۈزلۈككە توينى قىلىپ قۇتۇلاق بولامدىكىن...»

ئۇ بۇ توغرىلىق ئايالى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باقماقچى ئىدى. لېكىن بىر ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن خىياللىرىنىڭ بېلىگە تەپتى.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدا قوشبۇلاققا شەھەردىن پولات دېگەن يىگىت كېلىپ قالدى. ئۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، قوشبۇلاقتا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئوتتۇرا بويلۇق، زىلۋا كەلگەن، شەھەر ياشلىرىنىڭ يېڭى مودىسىدا كىيىنىپ كالتە بۇرۇت قويۇۋالغان بۇ يىگىت قوشبۇلاقلىقلار ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولدى. بولۇپمۇ مەھەللىنىڭ ياشلىرى شۇ كۈنىلا «پارلاق مەيدانى» دەپ ئاتالغان سېمونت كۆۋرۈككە يىغىلىشىپ، بۇ شەھەرلىك يىگىت توغرىلىق مۇلاھىزىگە چۈشۈشتى.

— مەن كەيندىن قاراپ قىز بالىمكىن دەپتىمەن. خۇدا ھەققى...

— كىيىۋالغىنى خوتۇن خەقنىڭ ئايىغى ئىكەن. سەل - پەل دەردى بارمەك قىلامـ-دۇ - نېمە؟

— بۇ زاماندا ئەر بىلەن ئايالنى پەرق قىلماقمۇ تەس بولۇپ كەتتىسى. شەھەر-نىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ...

— مەدەنىيەت ئۆيىنى تۈزگۈدەك دەمدۇ؟ دېيەنشى ئەكىلىپ بەرگەن بولسىچۇ.

— توك بولمىسا نېمىدە ماڭغۇزىسەن؟ ماۋۇ كالۋانىڭ گېپىنى.

— ئەمىسە، مەدەنىيەت ئۆيىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— نېمە ئىش قىلاتتى، گېزىت ئوقۇيدۇ، نەچچە ساندۇق كىتاب ئېلىپ چىقىپتۇ دېيىشىدىغۇ.

— ئاغىنىلەر، قاراڭلار، ھېلىقى غىتمەك كېلىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە يان كوچىدىن شەھەرلىك يىگىت بىلەن يېزا باشلىقى داۋۇت قاسىم چىقىپ كەلدى. ئېگىز بويلۇق، كالاڭپاي يېزا باشلىقىنىڭ قېشىدا بۇ يىگىت خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇنىڭغا ئارانلا يېتىشىپ ماڭاتتى. ئۇ ئۇستىگە قىسقىـ... گۈلمۇك كۆڭلەك، تىزىدا يانچۇقى بار ئاقسېرىپ كەتكەن تار شىم كىيىۋالغانىدى ... سىيمىلەر ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆرسىتەتتى. كۆۋرۈككە كەلگەندە پولات ئۆزىگە قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇرۇشقان توپا چىراي يېزىلىقلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ياخشىمۇسىلەر، يىگىتلەر؟ — دېدى ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن ۋە يېزا ياشلى-رىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. قوشبۇلاقلىقلار بۇ شەھەرلىكنىڭ ئوچۇق مۇئامىلىسىگە ھەيران بولۇشقان ھالدا قول سۇنۇشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆرە، كىيىۋالغان كىيىملىرىگە ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى.

— يېزىمىزنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى مۇشۇلار، — دەپ تونۇشتۇردى داۋۇت قاسىم پولاتقا ئۇلارنى. — بۇلارنىڭ ھۈنىرى مۇشۇ، كۆۋرۈككە مىنىشىپ تەڭ كېچىگىچە قۇرۇق گەپ سېتىشىدۇ... بۇ يىگىتچۇ، سىلەرنى ئىچى پۇشۇپ قالمىسۇن دەپ گېزىت، كىتابلارنى ئەكەپتۇ، تېخى ئويۇنمۇ قويغۇدەكسىلەر، بوپتۇمۇ؟ كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپمۇ زېرىككەنسىلەر؟

يېزىلىقلار يېزا باشلىقىغا قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. داۋۇت قاسىم ئۇلار ئارىسىدى-كى ئېگىز بىر يىگىتنى مېھمانغا ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى:

— ماۋۇ يىگىت قوشبۇلاقنىڭ سازچىسى، ئىسمى كېرەم. ھە، راۋابىڭنى چالماس بولۇپ قالدىڭغۇ؟ بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە تارىڭشىتىپ چىقاتتىڭ؟...

كېرەم خىجالەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. پولات بەستلىك، لېكىن قوپاللىراق بۇ يىگىتكە ئىشەنمىگەندەك باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى.

— ياخشى، سازەندىلەرمۇ بار دېسىلە. باشقا سازچىلارمۇ باردۇ؟ — پولات ئۇ-نىڭغا يېقىنراق كېلىپ سورىدى، — سىز سىلەرنىڭ يېزىدا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرايلى

دەۋاتىمىز. مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ پائالىيىتى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. بىز ياشلاردىن بىر سەنئەت ئەترىتى تەشكىللىسەك قانداق؟ ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلارمۇ باردۇ؟

— بىزدە لايىقلىرى بار، — كېرەم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ئاستا دېدى.

— بىزنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىسلا بولدى، — پولات ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى، — قانداق، قۇرۇپ باقامسىلەر؟ ساز - پاز، كىيىم - كېچەك جەھەتتە قىيىنالساڭلار بىز ياردەم قىلىمىز.

— مەيدىڭىزگە ئۇرمامسەن! — يېزا باشلىقى كېرەمگە تۈۋلىدى، — قوشبۇلاق جاڭگال بولسىمۇ ئۆزىگە لايىق ئويۇن تاماشىسى بار. مەشرەپلەردىكى بىگىساتلارنى كۆرسەتمىسەڭلەر، ئويۇن دېگەن شۇ. يېڭى ياچىنى بولسا پولاتجان ئۆگىتىدۇ، قانداق دېدىم؟

— توغرا، توغرا، — پولات ئۇنى قوللىدى، — قوشبۇلاقنىڭ مەشرەپىنى قالتىس دەپ ئاڭلايمىز، بولسا بىر كۆرەيلى. داۋۇت شاڭجاڭ، مەدەنىيەت ئۆيىنى ئاچقان كۈنى مەشرەپ ئۆتكۈزمەيلىمىزمۇ؟

— بولىدۇ. ئەمما كېرەم سەن باش بولۇپ تەييارلىق قىلىدىغان جۇمۇ. تازا بىر ئوت چىقىردۇۋېتىشە، ھە، راست، سامساق ئاخۇننىڭ سانىخاننى قوشۇۋېلىڭلار، ئۇنى مەدەنىيەت ئۆيىگە مەسئۇل قىلىدىغان بولدۇق، قانداق، بوپتۇمۇ؟

كېرەم سانىخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ۋىسىللىدە قىزاردى، ئەندىكىكەندەك بولۇپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، قانداقتۇر بىر قىزغىنىش ھېسسىياتى بىلەن شەھەرلىك ياسانچۇق يىگىتكە قاراپ قويدى.

داۋۇت شاڭجاڭ پولاتنى ئەگەشتۈرۈپ سانىخانلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە سانىخان يالغۇز ئۆزى كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ يېزا باشلىقى بىلەن كىرگەن بۇ يوچۇن يىگىتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى ۋە ئالدىراپ قوللىرىنى ئېرتىپ، مېھمانلارنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

— ئۆيدىكىلەر قېنى؟ — دېدى داۋۇت قاسىم ئۆيگە كىرىۋېتىپ.

— خاماندا، — دېدى سانىخان ۋە «بۇلارنىڭ دادامغا گېپى بارمىكىن» دەپ ئويلىدى، — مەن دادامنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟

— بولدى، ئاۋارە قىلما ئۇلارنى، بىز سەن بىلەن پاراڭلاشقىلى كەلدۇق. — داۋۇت قاسىم سۆزىگە ئىنجىقلاپ چىقىپ ئېغىر گەۋدىسىنى گۈللۈك زەدىۋال تارتقان تامغا تىرىدى - دە، ئۇلۇق بىر تىندى. ئۇ پولاتنىمۇ يۇقىرىغا تەكلىپ قىلغانىدى، لېكىن ئۇ سۆزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. سانىخان نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى.

— ئۆزۈڭمۇ ئولتۇر، — دېدى داۋۇت قاسىم ۋە پولاتقا ئۇنى تونۇشتۇردى، — سانىخان دېگەن* موللا قىزىمىز مۇشۇ.

بۇ ناش - ئايىغى يوق گەپلەر سانىخاننى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ قىزار-

قان ھالدا ئۇچاق بېشىدىكى قوپال ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغان ھالدا يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن خىلمۇخىل خىياللار ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆزىگە ئالا-ھېشىل كۆرۈنگەن بۇ ناتونۇش مېھمانغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— سانىخان، — دېدى يېزا باشلىقى دېمىنى تۈزۈۋېلىپ، — ساڭا بىر خىزمەت چىقىپ قالدى. بۇ يىگىت شەھەردىن كەلدى، مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ، بىزنىڭ يېزىدا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرىدىغان گەپ ئىكەن. شۇڭا بىز مۇزاكىرىلىشىپ بۇ يەردە ئىشلەشكە سېنى لايىق تاپتۇق. پېشانەڭ ئوڭ ئىكەن، ئوقۇغىنىڭ بىكار كەتمەيدى. ئايلىقىڭغا 50 كوي پۇل بېرىدىكەن، شۇنداققۇ - ھە، پولاتجان؟ — ئۇ پولاتقا قارىدى. پولات بولسا سانىخاندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، — ھە، ئەمدى ئېتىز - ئېرىقتىمۇ ئاپتاپ يەپ يۈرمەيدىغان بولدۇڭ، قانداق، بولامدۇ؟

سانىخاننىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن دۈپۈلدەپ كەتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا تولىمۇ تاسادىپىي ئۇقتۇرۇلغاچقا نە خۇشال بولۇشنى، نە ياق دېيىشنى بىلەلمەيلا قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قوشبۇلاقتىن ئىمارەت بۇ تار قەپەزدىن قۇتۇلۇپ، كەڭرى بىر جاھانغا چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئارزۇ ئۇنىڭغا كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەيتتى، ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى - ئادەملىرى، توپا ئۆرلەپ تۇرغان كوچىلىرى، دەل - دەرەخلىرى. ھەتتا ھاۋاسىمۇ بارغانچە سەت ۋە زېرىكەرلىك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنى شەھەرنىڭ مەنىلىك تۇرمۇشى قىزىقتۇراتتى. ئەمما بۇ رودىپاي يۇرتتىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى زادىلا تاپالمايتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارقىلىق ئاشۇ ئارزۇسىغا يېتىشكە بەل باغلىغانىدى، لېكىن ئالىي مەكتەپكە بېرىش دېگەن گەپمۇ سۇغا چىلاشتى. «مەدەنىيەت ئۆيىدە ئىشلەشقۇ ئېتىزدا توپا يەپ چاپسا تارتقاندىن مىڭ ياخشى، پۇلىمۇ دار ئىكەن، لېكىن يەنىلا قوشبۇلاقتىن چىقالمايدىغان گەپ ئىكەن. مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇمىكىن - تاڭ. ياكى مۇشۇ يەردە ئىشلەپ تۇرسام بىرەر يولى بولۇپ قالارمۇ؟ ئەگەر بولمىغاندا، شەھەرگە پات - پات بېرىپ تۇرىدىمەن... ماۋۇ يىگىت ئەجەبمۇ قاراپ كەتتىغۇ، بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قالغانمىدۇ؟...» سانىخان ئالدىراپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ خىيالىنى يېزا باشلىقى بۇزدى.

— ھە، ئەجەب خىيال قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ ئىشلىگىڭ يوقمۇ - يا؟

— ياق، — سانىخان بېشىنى تەستە كۆتۈردى، ھۆددىسىدىن چىققىلى بولماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن...

— ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن تۇرۇقلۇق سەن قىلالمىساڭ كىم قىلالايدۇ؟ قانداق ئىشلەشنى پولاتجان ئۆگىتىپ قويىدۇ، نېمىدىن قورقىسەن؟

سانىخان يەر ئاستىدىن پولاتقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ يەنىلا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر ئىسسىق يالقۇن كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك قىزىرىپ كەتتى، يۈرىكى رىتىمسىز سېلىشقا باشلىدى.

دەرۋەقە، پولات بايىتىدىن سانىخاندىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئۇ قوشبۇلاقتەك

مۇشۇنداق ... ... سەھرادا ... قىزنى ئۆچرىتىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. قىزنىڭ ... ... ئۆرۈپ كەينىگە تاشلىغان قوڭۇر چاچلىرى، شەھەرلىكلەرگە خاس ئىنچىكە ... قامىتى، قىزىلىق گۈزەللىكى بىلەن يالتىراپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ مەڭزى بولاتنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئۇ مۇشۇ قىزنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىغا ئورۇنلىشىدىغانلىقىنى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، لېۋىنى تاتىشىپ قويدى. ئۇ، قىزنىڭ «ياق» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ كېتىسىز، كېيىنچە شەھەرگە كۇرسلارغا ئاپىرىپ ئۆگىتىمىز. باشقا ۋىلايەتلەرگە، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بارىدىغان ئىشمۇ چىقىپ تۇرىدۇ، — پولات قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەيتتى، — ھازىر ھەممە ئادەم مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. شەھەرلەردە تەرەققىيات بەك تېز. سىلەرنىڭ بۇ يەرلەرمۇ زاماندىن ئارقىدا قالسا بولمايدۇ - دە. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ناھايىتى شەرەپلىك، ئىستىقبالى بار ئىش، تۆھپە ياراتسىڭىز شەھەرگە يۆتكىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن...

سانىخان ئۇچۇن ماقۇل دېمەي نېمە چارە، بەلكىم بۇ يىگىتنىڭ دېگىنىدەكمۇ بولۇپ قالار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى 50 سوم پۇل بىلەن ئائىلىنىڭ چاي، تۇزىنى قامداپ كەتكىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر...

سانىخان مېھمانلارغا چاي قۇيدى. پولات ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىنى سورىدى. ساندۇقتىكى كىتابلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلار ئەتىدىن باشلاپ مەدەنىيەت ئۆيىنى راسلاشقا كىرىشىدىغان بولۇپ قايتىشتى.

بۇ ئىش سانىخانلارنىڭ ئائىلىسىنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. دادىسى سامساق قىزىنىڭ ھاياجانلانغان تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدە سانىخاننى ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇرغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى.

— مانا، ئوقۇغاننىڭ پايدىسى، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ، — بىلىم دېگەن ھەرگىزمۇ يەردە قالمايدۇ.

ئانىسى بولسا سانىخاننىڭ 50 كويى مائاش ئالىدىغانلىقى ھەيران قالدۇردى.

— داۋۇت شاڭجاڭدەك كونا كادىرغىمۇ ھۆكۈمەت ئاران 70 كوي ئايلىق بېرىدىكەن، ساڭا ھە دېمەيلا 50 كوي بەرسە، بوپتۇ، ئاھ - زارىمىز خۇدايىمغا يەتكەن چېغى. چاي - پايمۇ قىزىدۇڭمۇ بالام؟ تاماققا تۇتۇۋالساڭ بولمامدۇ؟

— چاينى كېيىن ئىچەرمىز، دەپ كېتىپ قالدى.

— دادىسى — دېدى ئانىسى ئالدىراپ، — يادىغا قوشۇۋەتكەن پاقلاننى ئەكەلسەڭلەر بولامدىكىن ... ئۇنىڭچىلىك خىشمىتى سىيلاۋاتقاندا بىز ئىششىپ تۇرساق سەت بولار، ... ھۆرمىتى ئۇچۇن پاقلاننىڭ مەردىن كېچەيلى.

— راست ... ... داۋۇت قوتازدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ماقۇل، مەن پاقلاننى تۇتۇپ كېلەي.

داۋۇت شاگىرتنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەر سانىخاننىڭ ئۈمىدسىز كۆڭلىگە چىراغ ياققاندەك بولدى. بولۇپمۇ پولاتنىڭ «شەھەرگە يۆتكىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن» دېگەن گېپى ئۇنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆزىگە ئۇيقۇ بەرمىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا كۆز ئالدىغا پولاتنىڭ تەققى - تۇرقى كېلىۋالاتتى. ئەنە شەھەرنىڭ يىگىتلىرى دېگەن بۆلەكچىلا. گەپ - سۆزلىرىمۇ سىلىق، ئەلكىم سىرەر ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندۇ. سانىخان ئۆزىچە پولات بىلەن كېرەمنى تارازىغا سېلىپ كۆردى ۋە كېرەم مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭ ئەڭ تۈزۈكى بولسىمۇ، نېكىسىن پولاتنىڭ ئالدىدا ياۋايى بىلىنىپ نومۇسى كەلدى. ئۆزىنىڭ قايسى كۈنى كېرەمگە ئۇچۇق جاۋاب بېرىپ توغرا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەتىگەن پولات ئۇنىڭغا بۆلەكچە، قاراپ كەتتى. سانىخان ئۇ چاغدا بىئارام بولۇپ قوزغۇنغانىدى، ھازىر بولسا بۇنى ئويلاش شۇنچىلىك تاتلىق سېزىلمەكتە ئىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدىمۇ؟...

ئەتىسى چايدىن كېيىن سانىخان پولاتنىڭ ياتىقىغا كەلدى. پولات ئىلگىرىكى ئەترەتنىڭ ئىشخانىسى بولغان ئۆيگە جايلاشقانىدى. پولات ماشىنىدا ساقلىنى ئېلىۋاتقانىدى. ئۇ سانىخاننى قىزغىن قارشى ئېلىپ كارىۋاتقا باشلىدى. ئۆيىمچى قالايمىقانىدى. كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە پولات ئۆزى ئېلىپ كەلگەن باغلام - باغلام كىتابلار، رەسىملىك ژۇرناللار، ھەرخىل گېزىتلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى بولسا رەسىم ئاپپاراتى، يۈز سۈيۈن، يۈز مايلىرى، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر ئىگىلىگەنىدى. شاپىلاقتەك كىچىك بىر رادىئودىن غىڭىلدىغان ناخشا ئاۋازى كېلەتتى. دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئىستاكانغا ئورنىتىلغان شام ئېرىپ ئېقىپ، بەئەينى چوكا مۇزدەك قېتىپ قالغانىدى.

— ھە، ئۆيدىكىلەر قوشۇلدىمۇ؟ — پولات سانىخان كىرىشىگىلا سورىدى.

— ھە، — دېدى سانىخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى بولدى — دېدى پولات ساقال ئالغۇچنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئۆچۈرۈپ، — بۇ يەردە سىزدىن باشقا لايىق ئادەم يوق ئىكەن. بەزىلەر ئۆزىنىڭ باللىرىنى سايە قىلدى، لېكىن ئوقۇپ باقسام، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ تولۇق ئوقۇمىغانلار ئىكەن. ئۇلار قانداق ھۆددىسىدىن چىقالىسۇن؟ قېنى، تارتىنماي ئولتۇرۇڭ، ئەمدى بىز بىر ساھەنىڭ ئادەملىرى بولۇپ قالدۇق، — ئۇ سانىخانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — بۇ يەردە توكنىڭ يوقلۇقى بەكمۇ چاتاق ئىكەن. كۈندۈزىمۇ بىلىنمەيدىكەن، كەچتە ئادەم بەك زېرىكىدىكەن، كىنومۇ كەلمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— بىر - ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئەكىلىدۇ.

— تەس گەپ ئىكەن - دە، — پولات ئۇھ تارتىپ قويدى، — شۇنداق قىلىپ داشۆگىمۇ بارالماي قاپسىز - دە. قايتا ئىمتىھان بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

سانىخان بېشىنى چايقىدى.

— بىزىدا زېرىكمەمسىز؟

— زېرىكمەمۇ نېمە ئامال؟ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، — دېدى سانىخان

www.uyghurkitap.com

يەرگە قاردىغان ھالدا.

پولات سانىخاننىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭۈل جاراھىتىنى قوزغىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ، ئالدىدىكى قىزنىڭ چىرايىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. «نېمىدېگەن چىرايلىق قىز، ھەممە نەرسىسى قالاشقان، ھەتتا مىسكىنلىكىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىنى ئاچىدىكەن. بۇ ھەقىقىي تاغ گۈلى ئىكەن. مۇشۇنداق نى-نى قىزلار يېزىلاردا، جاڭگاللاردا قەدىرسىز بولۇپ پۇچىلىنىپ توگەپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇ قىز شەھەر قىزلىرىدەك كىيىنىشنى بىلسە قانچىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتەر. شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدىمۇ بۇنچىلىك چىرايلىق قىز يوق. نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ئالەم-ھە!...»

— روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، — دېدى پولات قىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەكچى بولۇپ، — ئوقۇش ھامان ئەسقاتىدۇ. ئاۋۋال مەدەنىيەت ئۆيىدە ئىشلەپ تۇرۇڭ. كەسپىنى ئىگىلەڭ، كېيىنچە بىر يولىمۇ بولۇپ قالىدۇ...

ئاندىن پولات ئۇنىڭغا مەدەنىيەت ئۆيىنى قانداق تەشكىللەش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئىدارىدىن ئېلىپ كەلگەن كىتاب، ژۇرناللارنى كۆرسەتتى. ئەمدى سانىخاندىكى تارتىنىش، قورۇنۇشمۇ ئاستا-ئاستا يوقالدى. ئۇ شەھەر ھاياتى، ھازىرقى يېڭىلىقلار توغرىسىدا پولاتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاغزى ئېچىلغان ھالدا ئاڭلىدى، ئۈستەلدىكى ھەرخىل رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرۈپ باقتى. ئۇ، ژۇرنالدىكى ئاجايىپ-غارايىپ كىيىملەرنى كىيگەن ئاياللارنىڭ رەسىملىرىگە قىزىقىش بىلەن خېلىغىچە قاراپ قالاتتى، ئەمما بەزى يالىڭاچ سۈرەتلەرنى كۆرگەندە تەتۈر قاراۋالاتتى. پولات ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى.

— ھازىر زامان ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ژۇرنالنى ئىما قىلىپ، — سىلەرنىڭ يېزا ئادەملىرى 50-يىللارنى ئەسلىتىدىكەن. سىزمۇ ھەقىچان مېنىڭ كىيىملىرىمگە قاراپ ھەيران قېلىۋاتقانسىز. ئەگەر سىز شەھەرگە بېرىپ قالسىڭىز ئاغزىڭىز ئېچىلىپلا قالىدۇ. دۇتار، راۋاب دېگەن نەرسىلەر ئەمدى زاماندىن قالدى، ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، ياشلارنىڭ ھەممىسى گىتار، دىيەنزىچىڭ چالىدۇ. دىيەنزىچىڭنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ياق، ئاڭلىمىغان.

— ئۇ بىلەن چالىدىغان رويال، نەچچە خىل ئاۋاز چىقىدۇ، بىزنىڭ ئىدارىدە بار...

— گىتار چالىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — سانىخان كاردىۋاتتىكى گىتارنى شەرەت قىلىپ تارتىنىپراق سورىدى.

— ئانچە-مۇنچە چالىمەن، يېزىدا زېرىكىپ قالماي دەپ ئېلىۋالغان... بۇ كەپىچە مۇزىكىغا ئامراق ئوخشايسىز-دە؟

سانىخان كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئېغىتتى. دەرۋەقە ئۇ كىچىكىدىنلا ناخشا-مۇزىكىغا خۇشتار ئىدى. ئۇ، مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرژۇكىغا قاتنىشىپ خېلى تونۇلغان ناخشىچى بولۇپ قالغانىدى. قاچانكى يېزىسىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ بارلىق ئارزۇلىرى قاتارىدا

ناخشا - مۇزىكىدىنمۇ مەھرۇم بولدى. بەزىدە ھويلىدا ئولتۇرۇپ قوشنىسى كېرەمجاننىڭ چالغان راۋابىنى ئوغرىلىقچە تىڭشايتتى، ئەمما بۇ مۇزىكىلار ئۇنىڭ ئېچىشقان قەلبىگە تۇز سەپكەندەك غەمگە سېلىپ مەيۈسلەندۈرەتتى.

سانىخان ئۆيگە كىرگەندىلا گىتارغا ھەۋەس بىلەن كۆز تاشلىغانىدى. ئەمما تۇنجى كۆرۈشۈپلا چېلىپ بېرىڭ دېگىلى تىلى بارمىدى. پولاتنىڭ ئۇچۇق مىجەزى ئۇنىڭدىكى ھېيىقىشنىمۇ يوق قىلىۋەتتى، شۇڭا ھازىر ئۇ تارتىنماستىنلا دېدى:

— بىرەر پەدە چېلىپ بېرىڭا؟

پولات دەرھال ماقۇل بولۇپ گىتارنى قولىغا ئالدى ۋە ئەمدىلا تەڭشەشكە باشلىغانىدى، ئۆينىڭ ئالدىدا داۋۇت شاڭجاڭنىڭ خىرىلدىغان ئۈنى ئاڭلاندى.

— پولاتجان! بارمۇسىز؟

ھايال ئۆتمەي ئىنجىقلىغان ھالدا ئۆيگە ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى.

— ھە، سانىخان كەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ پولات سۇنغان ئورۇندۇققا جايلىشىپ تۇرۇپ، — ئاتا - ئاناڭ نېمە دېدى؟

— ھەرقايسىلىرىنىڭ غەمخورلۇقلىرىغا رەھمەت، دېدى.

— قۇرۇق رەھمەتكە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ، ئۇنىڭ قائىدىسىنى قىلمامدىكەن؟ قانداق دېدىم، پولاتجان؟ خۇشخەۋەر ئەكەلگەن خەۋەرچىگىمۇ سۆيۈنچە بېرىدىغان ئىش بار ئەمەسمۇ؟

— ئۇمۇ بوپ قالار، شاڭجاڭ. — سانىخان قىزارغان ھالدا دېدى.

— ھە، مۇنداق دېگىن. ھە راست، مەن ياغاچچىنى باشلاپ كەلگەنىدىم، ھېلىقى جازاڭلارنى قانداق ياسىتىمىز؟ ئۆزىڭىز كۆرسىتىپ بېرەمسىز، ئۇكام؟ — دېدى ئۇ پولاتقا.

پولات سانىخانغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، گىتارنى جايىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمىسە، بېرىپ باقايلى. سانىخان سىزمۇ بېرىڭ، بۇ سىز ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر، بىرلىكتە مەسلىھەتلىشەيلى.

ئۇلار قوشبۇلاقنىڭ بولغۇسى مەدەنىيەت مەركىزىگە قاراپ مېڭىشتى.

4

كېيىنكى بىر ھەپتە مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ تەييارلىقىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ئۆتتى. پولاتنىڭ پەمى بار يىگىت ئىكەن. ئۇ داۋۇت شاڭجاڭنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلدى. ئەترەتنىڭ ئىلگىرىكى سايمان ئامبىرى مەدەنىيەت ئۆيى قىلىشقا پىلانلانغانىدى، پولات ئامبارنىڭ ئىچى - تېشىنى سۇۋۇتۇپ ئاقارتقۇزدى، كىتاب، ژۇرناللار ئۈچۈن جازىلارنى ياساتقۇزدى. داۋۇت شاڭجاڭنىڭ قانچە قاقشىغىنىغا قويماي پۇل ھەل قىلىپ شاھمات، قارتىلارنى ئالغۇزدى، بىر تېكتاك توپ ئۈستىلىمۇ ياساتقۇزدى. ئەگەر توك بولغان بولسا مەدەنىيەت ئۆيى ئۈچۈن تېلېۋىزور-

مۇ ئالغۇزماقچى ئىدى. پولات بىلەن سانىخان ئەتىگەندىن كەچكىچە مەدەنىيەت ئۆيىدە بولدى، ئۇلار ئامبارنى قايتا - قايتا پىلانلاپ نەرسىلەرنى جايلاشتۇردى، تاملارغا رەسىملەرنى چاپلىدى، تازىلاپ ئەينەكتەك قىلىۋەتتى. ئۆز ۋاقتىدا بۇقۇسا، ئارغامچا - توقۇناقلار ساقلىنىدىغان بۇ كۆرۈمسىز ئامبار ئەمدى خۇددى توي بولىدىغان ئۆيدەك ياسىلىپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. تۈنۈگۈن ھەممە تەييارلىق ئاساسەن پۈتكەنىدى. پولاتنىڭ تەكلىپى بىلەن مەدەنىيەت ئۆيى ئەتە يەكشەنبە كۈنى رەسمىي ئېچىلماقچى بولدى. كېرەم باشلىق يېزىنىڭ سازەندىلىرى بىرنەچچە نومۇر تەييارلىغانىدى. ئەتە مۇراسىمنىڭ ئاخىرىنى مەشرەپ بىلەن تۈگەتمەكچى بولۇشتى. شۇڭا پولات بۈگۈن سانىخانغا دەم ئېلىشنى، قوشبۇلاقنىڭ مەنزىرىلىك يەرلىرىنى بىللە ئايلىنىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ سانىخانغىمۇ ياقتى، ئۇ پولاتقا تاغ باغرىدىكى بۇلاق بېشىغا بېرىشنى ئېيتتى. ئۇلار شۇنداق كېلىشتى.

سانىخان بۈگۈن ئەتىگەندىلا تۇرۇپ، باش - كۆزىنى يۇدى، مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيدى. ئۇ نېمىشقىدۇر خۇشال ئىدى، لېكىن خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ يۈرىكى ھاياجان بىلەن تىپچەكلەيتتى، بۈگۈن ئۇنىڭغا گويا ھېيتتەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇ پولات بىلەن ئازادە، خالىي مۇڭدىشىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. ئەمما مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، پولاتقا ۋەدە قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ھازىرغىچە قوشبۇلاقتا قىز - يىگىتنىڭ يېتىلىشىپ يۈرۈشى ئادەت بولمىغان ئىش ئىدى. سۆز - چۆچەكنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. «مەيلى، — دەپ ئويلىدى سانىخان، — نېمە دېسە دەۋەرسۇن، قاچانغىچە خۇراپىلىقتىن قۇتۇلالمايمىز! مەن ئەمدى مەدەنىيەت تارقىتىدىغان ئادەممەن، تەشكىلمۇ ماڭا ئىشەنچ قىلىپ خىزمەتكە قويدى، مەن باشلامچى بولمىسام بولامدۇ؟...» سانىخان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ پولاتنىڭ يېنىغا ماڭدى.

بۇ كۈزنىڭ سۈپسۈزۈك چىرايلىق بىر كۈنى ئىدى. كۆپكۆك ئاسماندا پارلىغان قۇياش كۆزنى قاماشتۇرۇپ نۇر چاچاتتى، ھاۋانىڭ سۈزۈكلۈكىدىن يىراقتىكى تاغلارنىڭ قارلىق چوققىلىرى، تاغ باغرىدىكى دەل - دەرەخلەر، قاپتالدا ئوتلاۋاتقان مال - پادىلىرى ئېنىق كۆزگە تاشلىناتتى. سانىخان بۈگۈنكى كۈننىڭ شۇنداق چىرايلىق بولغانلىقىدىن كۆڭلى تېخىمۇ يايرىدى. ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر قوشبۇلاقتا بۈگۈنكىدەك چىرايلىق كۈن زادىلا بولۇپ باقمىغاندەك بىلىنەتتى.

پولات ئۇنى ياتىقىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇ سانىخاننىڭ يېڭى كىيىملەر ئىچىدىكى قىياپىتىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، كۆزىدىن ئوت چاقنىدى.

— ماڭامدۇق؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — ھېلى يەنە بىرسى كېلىپ كاشىلا قىلمىسۇن... گىتارنىمۇ ئېلىۋالايمۇ؟ ماۋۇ ئاپپاراتنى سىز كۆتۈرۈۋېلىڭ. بۈگۈن كۈن ئوچۇق ئىكەن، رەسىمگە چۈشەرمىز.

ئۇلار خۇددى قوشبۇلاقتا سىرتتىن كەلگەن مېھمانلاردەك ياسىنىپ كوچىغا چىقتى. قوشبۇلاقلىقلار ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، يىگىتلەر بولسا ئاچچىق ئارىلاش

www.uyghurkitap.com

تۇغۇلۇق نەزەر تاشلاشاتتى. ئۇلار سېمونت كۆۋرۈككە يېقىنلاشقاندا يان كوچىدىن كۆك ئېشەكنى يېتىلىگەن كېرەم چىقىپ قالدى. ئۇ، بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى، ئۆزىنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما قېرى ھاڭگا يولدىكى سۆيدۈكنى پۇراپ تارتىشىپ تۇرۇۋالدى. كېرەمنىڭ قانچە كۈچ بىلەن بېقىنداپ تېپىشىمۇ كار قىلمىدى. ئاڭغىچە پولات بىلەن سانىخان يېتىپ كەلدى.

— ھە، راۋابچى، بارمۇسىز؟ — دېدى پولات ئېشەكتىن سېرىلىپ چۈشكەن كېرەمگە يېقىن كېلىپ.

— بار، — دېدى كېرەم ئۆزىنى زورغا بېسىۋېلىپ، سانىخاننى بولسا كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرۇۋالدى.

— نومۇرلىرىڭلار تەييار بولدىمۇ؟ ئەتە يەنە چاندۇرۇپ يۈرمەڭلار، ئەڭ ياخشىسى، بۈگۈن يەنە بىر رېپېتىتسىيە قىلىۋەتسەڭلار بوپتىكەن.

كېرەم بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. سانىخان بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىككى يىگىتنى كۆڭۈل تارازىسىغا سالماقتا ئىدى. مۇنۇ سەھرالىق، بەستلىك يىگىت شۇنچە قاۋۇل بولسىمۇ ئاۋۇ ۋىجىك شەھەرلىكنى زادىلا باسالمايۋاتاتتى. كېرەم سانىخاننىڭ كۆزىگە بۈگۈن تېخىمۇ سەت ۋە قوپال كۆرۈنمەكتە ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۇتىدىكى گىرۋەكلىرى شورلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ ئاياغنىڭ يىرتىقىدىن چىقىپ تۇرغان كىر، قاسماق بارماقلىرىغا كۆزى چۈشۈپ كۆڭلى ئېلىشتى، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ گەپنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى ئۈمىد قىلدى.

پولات سانىخاننىڭ ئىچى پۇشقانلىقىنى سېزىپ قالدىمۇ، گەپنى تۈگىتىپ خوشلاشتى. كېرەم ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىدى، ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىدى. ئۇلار مەھەللىنىڭ توپىلىق يولىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. كېرەمنىڭ كۆزىگە ئۇلارنىڭ قوللىرى، مۈرىلىرى تېگىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئەزايىدىكى قان مېڭىسىگە تەپكەندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ پۈتۈن ئەلىمىنى سۈدۈك پۇراۋاتقان ئېشىكىدىن ئالدى، ئۇنىڭ ئوتتۇر كەلگەن يېرىگە تېپىۋەردى...

قۇياش قىزدۇرۇشقا باشلىدى. مەھەللە بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىدا بىر چاقىرىمدەك ئوتلاقلىق بار ئىدى. بۇ قوشبۇلاقلىقلارنىڭ مال باقىدىغان يايلىقى ئىدى. ھازىر ئوتلار سارغايغان بولسىمۇ، قوي، كالىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتەتتى. پولات بىلەن سانىخان ئىككى قېشى سۆگەتلىك ئۆستەڭنى بويلاپ پاراڭ سېلىشقاچ بىردەمدىلا جىلغا ئىچىگە كىردى. تارغىنا جىلغىنىڭ ئىچى كۆل ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپى سۆگەت، تاغ تېرەكى ۋە يەنە قانداقتۇر ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى. كۆل بويى شۇنچىلىك تىنچ ئىدىكى، ئادەمنىڭ مىسلىكى كېلەتتى. سۈپسۈزۈك سۇ يۈزىدە قۇياش نۇرى جىمىرلايتتى، دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن يوپۇرماقلار خۇددى كىچىك قولۋاقلاردەك سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرەتتى.

— ۋاھ، قالتىس پەيزى ئىكەنغۇ بۇ يەر! — پولات ھەيران قالغانلىقىدىن ئەتراپقا قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئۇ رەسىم ئاپپاراتىنى قولىغا ئېلىپ، كىچىك بالىدەك

www.uyghurkitap.com

يۇگۈرۈپ كۆل بويىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم دەرەخلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى، بىردەم يېگىزرەك قورام تاشنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قاراپ باقاتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن هاسىراپ قايتىپ كەلدى.

— بىرنەچچە پارچە رەسىم تارتىۋەتتىم، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ، — بۈگۈن كۈننىڭ ياخشى بولغىنىنى قارىمامسىز. مەنزىرىسى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. ئەمدى سىزنى تارتىپ قوياي.

سانىخان ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ گىتارنى يەرگە قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ قولىدا تۇتقىنىچە كۆل بويىدىكى سۆگەت كۆتىكىدە ئولتۇرغانىدى. پولات كەينىگە نەچچە قەدەم چېكىنىپ ئاپپاراتنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى، ئۇ بىردەم قارىغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— سانىخان، توختاڭ. مۇشۇنداق مىدىرلىماي ئولتۇرۇڭ، گىتارنى تۇتۇپ ھە... توختاپ تۇرۇڭ، مەن بىر قاراپباقاي، — پولات بايىقى جايىغا ئۆتۈپ ئاپپاراتتا قارىدى.

سانىخان نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ چوڭ بولۇپ ھازىرغىچە ئايرىم بىر رەسىمگە چۈشۈپ كۆرمىگەنىدى، شۇڭا قانداق تۇرۇشىنى بىلمەي ئوڭايسىزلاندى، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سوغۇق بىر تىترەك ئولاشتى.

— ھە، جايىدا، — پولات ئاپپاراتقا قارىغىنىچە توۋلىدى، — سىزچۇ، قاراڭ، مۇشۇ تۇرقىڭىزدا گىتارنى چالغان بولۇپ ئولتۇرىسىز، كۆزىڭىز يىراققا، ئاۋۇ تاغنىڭ چوققىسىغا قارىسۇن، قىياپىتىڭىز غەمكىن، ئويچان ھالەتتە بولسۇن. قېنى، مەن دېگەننى بىر دوراپ بېقىڭە... ھە، ئۆزىڭىزنى ئەركىن، تەبىئىي تۇتۇڭ...

سانىخان پولاتنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى تازا چۈشىنەلمەي ھەيرا بولدى. ئۇ رەسىمگە تۈز تۇرۇپ كۈلۈپ چۈشۈشنىلا بىلەتتى. ئۇ پولاتنىڭ ياتىقىدىكى ژۇرناللاردىن ھەر خىل غەلىتە رەسىملەرنى كۆرگەنىدى. پولات شۇنداق تارتىشنى ئويلاۋاتامدۇ - يا؟ ئۇنى ژۇرناللارغا چىقىرىپ يۈرەرمۇ؟ شۇ تاپتا ئۇ ياق دېسە پولاتنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ، دەيلىلا، شەھەردە ئۇنى كىم تونۇيتتى.

سانىخان ئوڭايسىزلانغان ھالدا پولاتنىڭ دېگىنىچە تۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ ياناتتى، گىتار تۇتقان قولى چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى. ئۇ ئەيمىنىگەن، قورۇنغان ھالدا پولاتقا قاراپ قوياتتى، پولات بولسا ھەدەپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى.

— بەك تىنىك بولۇۋالماڭ، ھە، ياخشى...

سانىخاننىڭ ئۆزىگە چاچلىرى چۇۋۇقتەك، كۆڭلىنىڭ نېمىگە قايرىلىپ ئېچىلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ئۇيەر - بۇيەرىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ پولات تەرەپكە، ئاپپاراتقا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. نېمە بولدى، ھودۇققانلىقتىنمۇ، ئۇنىڭ بارماقلىرى گىتارنىڭ سىملىرىغا تېگىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن چىققان ھەر خىل سادادىن چۆچۈپ كېتىپ تېخىمۇ ھودۇقتى. ئەمما يەنە پولاتنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئامال بار ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلىشقا تىرىشتى.

چاراس قىلغان ئاۋاز سانىخاننىڭ قۇلقىغا ئېنىق ئاڭلاندى ۋە ئۇستىدىكى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ «ئوھ!» تارتتى.

— تازا جايىدا بولدى، — دېدى پولات يەنە بىرنەچچە پارچە رەسىم تارتىپ بو-

لۇپ، — بۇ سۈرەت چوڭقۇر كۆرگەزمىگە تاللىنىدۇ. ھەرھالدا قوشبۇلاقتىن قۇرۇق قايتمايدىغان بولدۇم...

پولات ھاياجانلىناتتى، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۇ ماختىغانسېرى سانىخان خىجىل بولۇپ قىزىراتتى.

پولات ئاپپاراتنى يىغىپ سومكىغا سالدى ۋە سانىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى، سانىخان، ئەمدى راستىنلا بىر چېلىۋېتىڭا، — دېدى كۈلۈپ. سانىخان شۇ چاغدىلا تېخىچىلا گىتارنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ ئىتتىك ئۇنى پولاتقا سۇندى.

— ۋىيەي، — دېدى ئۇ قىزىرىپ، — سىز چېلىڭ. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئادەملىرى ناخشىغا ئۇستا بولماي قالامدۇ؟ بىز سەھرالىق تۇرساق.

— بەكمۇ كەمتەربولۇپ كەتتىڭىز سانىخان، مەن سىزنى ھەرگىز سەھرالىقلار قاتاردا كۆرمەيمەن.ماقۇل، ئاۋۋال مەن بىلگىنىمنى ئېيتىپ باقاي، زاكىلىق قىلماڭ جۇمۇ!

سانىخان «ماقۇل» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. پولات گىتارنى ئېلىپ بىردەم تەڭشىدى - دە، سانىخانغا لاپ قىلىپ بىر قاراپ قويۇپ شوخ بىر پەدىگە چالدى. ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە، ئاپئاق بارماقلىرى گىتارنىڭ سىملىرى ئۈستىدە ئەپچىللىك بىلەن ئويناشقا باشلىدى. سانىخان ئۇنىڭ ئەۋرىشىمدەك تولغىنىۋاتقان قوللىرىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. پولات بىر پەدە چېلىۋەتكەندىن كېيىن بوم، پەس ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

قاپ - قارادۇر قاشلىرى،
يەلپۈنەدۇر چاچلىرى.
دەردى ئىچىدە قىزلارنىڭ،
تۆكۈلەدۇر ياشلىرى...

ئادەتتە مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ ئاددىي، قوپال ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئادەتلەنگەن سانىخانغا پولاتنىڭ ئاۋازى قەۋەتلا يېقىملىق تۇيۇلدى. ناخشا ئۇنىڭ قەلبىگە بۇلاق سۈيىدەك ئېقىپ كىرىپ، ئۇنىڭ گوياكى كۆلگە كۆمۈلگەن بىر تال چوغىدەك جىمىرلەلىشىپ، ئۆچۈپ يوقاپ كېتىۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يالقۇنجىتقاندەك بولدى. ناخشىنىڭ مەست قىلغۇچى سىرلىق كۈچىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلدى. يۈرىكىنى بۇرۇن زادىلا ھېس قىلمىغان نازۇك، شېرىن بىر سەزگۈ تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ ناخشىنىڭ تەسىرىدە پولاتقا تىكىلىپ قېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇنى پولات ۋە ئۇنىڭ ناخشىسى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ پولاتنىڭ توختىماي ناخشا ئېيتىشىنى خالايتتى. ئەمما پولات گىتارنى قويۇپ، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزىنى سانىخانغا تىكىپ، ئۇنىڭ قولىنى سىيلىدى ۋە يېقىن يۆتكىلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. سانىخان شۇ چاغدىلا ئەندىكىپ كەتتى. پولات بولسا ئۇنى چىڭ قامالىغىنىچە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيەتتى. ئاخىرى پولاتنىڭ قولى ئۇنىڭ ئېتىكىنىڭ ئىچىگە سوزۇلغاندىلا سانىخان ھودۇقۇپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي... — دېدى سانىخان تۇگۇلگىنىچە يالۋۇرۇپ.

— سانىخان، مەن سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىمەن... راست، — دەيتتى پولات ھاسىراپ تۇرۇپ.

پولات ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك سۆيەتتى، قۇچاقلايتتى، سانىخان تىن ئالالماي قالدى. بىر پولاتنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىشقا ئاجىز ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ سىلكىنىشنىمۇ

خالىمىدى. ئۇنىڭ قارشىلىقى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئاجىزلاشتى. پولاتتەك يىگىت بولسا بولمىدىمۇ؟ ئۇ ئەمدى نېمىنى ئايايدۇ؟... سانىخان ئۆزىنى پولاتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. كۈز قۇياشىنىڭ ئاجىز، ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىل پەردە ياپتى، ئۇ ئۆزىنى خۇددى قىپقىزىل پەردە تارتىلغان توي ھۇجرىسى ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۇيغۇ ئىچىدە مەست بولدى.

سانىخان كىچىك چاغلىرىدا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان ئۆز يۇرتىنىڭ كۆلى بويىدا قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلاشتى...

* *

كېرەم ئەسلىدە ئېشەكنى ئوتقا باغلاپ قويۇشقا ئېلىپ ماڭغانىدى. پولات بىلەن سانىخاننىڭ ئۇچراپ قېلىشى ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. بولۇپمۇ سانىخاننىڭ مەنسىتمىگەندەك مۇئامىلىسى ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ شەھەرلىك ياسانچۇق سانىخاننى قوشبۇلاقتىن ئېلىپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئەلەم بىلەن مۇجۇلدى. «بۇلار نەگە ماڭغاندۇ؟ — ئويلىدى ئۇ تومتاق، — تۇرقىدىن بۇلاق بېشىغا ماڭغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ كۆپكۈندۈزى يالغۇز ئىككىسى...» ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولۇپ، بەدىنى تىكەنلەشتى. ئۇ ئېشەكنى ئېگىزلىق تەرەپكە قويۇۋەتتى-دە، سانىخانلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

كېرەم ئۆتكەندە ئېتىزلىقتا سانىخاندىن ئوچۇق جاۋاب ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى كۆڭلىدىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆڭلى سانىخانغا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر تەلپۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمىسە ساراڭدەك بولۇپ، قولى ھېچبىر ئىشقا بارمايتتى. سانىخاننىڭ «مەن بۇ يەردە توي قىلمايمەن» دېگەن گېپىنى ئۇ ئوقۇشقا بارالمىغانلىقىنىڭ ئاچچىقىدا دەۋاتقان گەپ دەپ چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى سانىخاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىسى بولغاچقا، توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، يېڭى ئۆيىنى تېزرەك قولدىن چىقىرىشقا ئالدىراۋاتقانىدى. شۇ ئۆيىنى سۇۋۇماقچى بولۇپ ئاخشام لاي چىلاپ قويغان. سۇۋاقچىنىمۇ چاقىرىپ قويغانىدى.

پولات بىلەن سانىخاننىڭ ئۇچراپ قېلىشى ئۇنىڭ بۈگۈنكى پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، سانىخاننىڭ بۇ شەھەرلىك يىگىت بىلەن مەدەنىيەت ئۆيىدە بىللە ئىشلىشى كېرەمنى سەراسىمىگە سېلىپ قويدى، بولۇپمۇ سانىخاننىڭ پولات كەلگەندىن بۇيان بۆلەكچىلا خۇش خۇي بولۇپ كېتىشى كېرەمنى گۇمانغا سالدى. ئۇ سانىخاننى: «شەھەرلىكلەرنىڭ ھىيلىسى تولا، پەخەس بول، سېنى ئالداپ كەتمىسۇن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمۇ بولدى، لېكىن سانىخاننىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىككىسىنى كۆزدىن نېرى قىلمىدى.

كېرەم كۆل بويىغا يېقىنراق بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ قېلىن ئۆسكەن سۆگەتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يىراقتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. كۆل بويى شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، پەقەت دەرەخلەردىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. بەزىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پولاتنىڭ ئالدىراپ سۆزلىگەن ئاۋازى، سانىخاننىڭ خۇش خۇي كۈلكىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا گىتارغا تەڭكەش قىلىنىپ

ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. كېرەم بۇ ناخشىنى بىر قېتىم قاراسۇغا بارغاندا بىر
ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭئالغۇدىن ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭغا زادىلا ياقمىغانىدى. ئۇ-
نىڭغا راۋاب، دۇتاردىن باشقا سازنىڭ ئاۋازى ياقمايتتى. بۇ ناخشا باشقا چاغدا،
باشقا يەردە ئېيتىلغان بولسا كېرەم ئاڭلىماي قوپۇپ كەتكەن بولار ئىدى،
ئەمما هازىر چىداپ ئولتۇردى ۋە سانىخاننىڭ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىشى ئۇنىڭغا ئە-
لەم قىلدى. كېيىن ناخشىمۇ، گىتار ئاۋازىمۇ جىمىقتى. ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆك-
تى، نە گەپ - سۆز، نە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئۇ ئىككىسىنى قويۇق دەرەخلىك
يوشۇرۇپ تۇرغاچقا، كېرەم ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالمىدى. راست،
ئۇلار نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ كېرەمنىڭ دىمىقىدە چۈمۈلە ئۆمىلەۋاتقاندەك، يۈرىكىنى قۇرت
غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بەستىلىك تېنى غەزەپتىن تىترىدى. ئۇ يۈگۈرگەن
پېتى بېرىپ ئۇنىڭ نېسۋىسىگە چاڭ سالغان بۇ شەھەرلىكنى بوغۇپ چەيلىۋەتكۈسى كەلدى،
ئەمما بىر دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخماقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزى رەسۋا
بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سانىخان سېنىڭ نېمەڭ ئىدى؟ ئۇنىڭ
كۆڭلىدە سەن يوق تۇرساڭ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشقا نېمە هەققىڭ بار؟ هەممە-
نى ئۆزۈڭدىن كۆر، سەن سانىخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتالمىدىڭ، ئۇنى قاراپ تۇرۇپ
شەهەرلىك ياسانچۇققا تارتقۇزۇپ قويدۇڭ، ئەمدى بېرىپ خەقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلساڭ
ئوغۇل باللىق بولمايدۇ - دە، ... سانىخاننى كۆل بويىغا هېچكىم زورلاپ، سۆرەپ ئا-
پارغىنى يوق، هەممە ئىش ئۇنىڭ خاهىشى بويىچە بولۇۋاتقان تۇرسا ...

كېرەم ھەست ئادەمدەك دەلدۈگۈنۈپ سۆگەتلىكتىن چىقتى، خورلۇقتىن يۈرىكى
سىقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مەهەللىگە قان-
داق كەلگىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇدۇللا
ماگىزىنغا كىردى. ماگىزىندا بىرنەچچە ياشلار پوكەيگە يۆلىنىپ پاراڭ سېلىشىۋاتات-
تى. كېرەم ئۇلارنى يېرىپ ئۆتۈپ پىركازچىكقا توۋلىدى:

— هاراقتىن بىرنى ئاله!...

دۇكاندا تۇرغانلارمۇ، ماگىزىنچىمۇ تېڭىرقىغان هالدا كېرەمگە قارىشىپ قالدى،
نېمە ئىش، دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. كېرەمنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى:

— بۈگۈن پەيلىڭ باشقىچىغۇ، ئاداش، دىككىدە راۋابنى ئەكىلەيمۇ؟

كېرەم ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن قاي-
رىپ ئاچتى - دە، غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك تۇرقىغا قاراپ
هېچكىم گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى، بىر - بىرلەپ تالاغا چىقىپ كېتىشتى. كېرەم ئىككى - ئۈچ
قېتىم توختاپ تىنىۋېلىپ، بىر بوتۇلكىنى ئىچىپ تۈگەتتى. بۇ چاقىچە كېرەمنىڭ بۇن-
داق ئىچكەنلىكىنى يېزىدا هېچكىم كۆرمىگەنىدى. هاراق دەرهال تەسىر كۆرسەتتى.
ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك بىردەمدىلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ماگىزىن-
دىن دەلدەڭشىپ چىقىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ يوغان بەستى كالاڭ كەتكەن كۆتەك

هارۋىنىڭ چاقىدەك ئىككى يانغا چايقىلىپ، پۇتلىرى كوچىنىڭ ئۆلۈك توپىسىنى سورۈيتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىشاتتى. بىردەمدىلا بىرقانچە ئۇششاق باللار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىشتى ۋە قوشاق قېتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

كېرەم راۋاب مەست بوپتۇ،
مېڭىشلىرى تەس بوپتۇ. هوي، هوي...

كېرەم غەزەپلىنىپ باللارغا دۋەيلەيتتى، يەردىن داڭگال ئېلىپ ئاتاتتى. ئەمما ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى باللار تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ تۇۋلىشاتتى. كېرەم ئاشۇ هالەتتە ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. سوۋاقچى ئۇستىلار يېڭى ئۆينى سۇۋاۋاتاتتى. ئوغلىنى بۇ هالدا كۆرگەن توختى كۆنچىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى. ئۇ سىرپۇرگىنى كۆتۈرگەن پېتى ئوغلىغا ئېتىلدى:

— هۇ، ئەمانسىز نىجىس، ئۇنى ئىچكىچە ئېشەكنىڭ سىيدۈكىنى ئىچسەڭچۇ چوشقا!... خەق بۇنىڭ غېمىنى قىلىۋاتسا، ماۋۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان!...

توختى كۆنچى ئۇنىڭ باش - كۆزىگە نەچچىنى سىلىۋەتتى، ئاڭغىچە سوۋاقچىلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ توختى كۆنچىنى ئاجرىتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ئاهانەت كېرەمنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. ئۇ بۈگۈنكى ئەلىمىنى تامدىن ئالماقچى بولغاندەك لاي ئورىسىدىكى كەتمەننى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، يېرىمى سۇۋالغان ئۆينىڭ تېمىنى چېپىشقا باشلىدى. تامنىڭ بىرقانچە يېرى قومۇرۇلۇپ چۈشتى. هېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالمايتتى، ئۇ بەئەينى بىر ساراڭغا ئايلانغانىدى.

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق ئۆي، ماڭا ئۆينىڭ لازىمى يوق... ئېشەككە قوتان قىلىڭلار بۇنى!...

ئۇ چېپىپمۇ هاردى، كەتمەننى پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى - دە، ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا دەلدەڭشىگەن پېتى كىرىپ تامدىكى راۋابنى قولىغا ئالدى. ئۇ بىر مىنۇتچە راۋابنى كۆزدىن كۆچۈردى، ئاندىن سېپىدىن تۇتۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرگە ئۇردى، راۋاب پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. كېرەمنىڭ هەممە ئەلىمى چىققاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى - دە، هۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

كېرەمنىڭ «ساراڭلىقى» شۇ كۈنىلا مەهەللىگە پۇر كەتتى. ئۇ ئەتىسى، ئۆگۈنلىمۇ تالا - تۈزگە چىقمىدى. مەشرەپمۇ سۇغا چىلاشتى. قوشبۇلاقتا هېچكىم بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنەلمىدى. پولات كېرەمنى تەلۋىگە چىقاردى. پەقەت سانىخانىلا بۇ ئىشنى ئاڭلاپ لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ قويدى.

5

سانىخاننىڭ هاياتىدىكى شېرىن، مەنىلىك كۈنلەر خۇددى چېچەك پەسلىدەك ناهايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى، تۇرمۇش يەنە ئاۋۋالقى ئىزىغا چۈشتى. قوشبۇلاقنى بىرنەچچە ۋاقىت زىلزىلىگە سالغان يېڭىلىق — مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ داۋرىڭىمۇ پولات شەهەرگە قايتىپ كېتىش بىلەن جىمىقىپ قالدى.

قوشبۇلاقنىڭ كۆزىمۇ ئاخىرلاشقانىدى. ئەمدى مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدا جاڭگال-ساي تەرەپتىن كېلىدىغان چۆلنىڭ ئاچچىق شاملى ھۇشقىتىپ، توپا - توزاننى ئۇچۇ-راتتى، دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلاندى، تاغقا قار ياغدى، قوشبۇلاقنى زىمىس-تان قىش ئۆز قوينىغا تارتماقتا ئىدى.

پولات كەتكەندىن كېيىن سانىخان تېخىمۇ بەك زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇ، پولاتقا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ قالغانىدىكى، ئەمدى ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە — پۈتۈن مەھەللە، بۇ يەردىكى ئادەملەر، ھەتتا كۆل دېيىمۇ مەنىسىز، سەت كۆرۈنەتتى، ئۇ ئەمدى كىتابقىمۇ قىزىقماس بولدى، قولى ئىشقا بارمايتتى.


ئۇ دەسلەپكى ئايدا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىدى. ھەر كۈنى چايدىن كېيىن مەدەنىيەت ئۆيىنى ئاچاتتى. گېزىت، ژۇرناللارنى رەتلەپ جاي - جايىغا قوياتتى. خۇددى مۇئەللىمدەك كىتابلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. ياشلارغا دېلىيارد، تىك - تاك توپنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتەتتى. دەسلەپتە ئادەممۇ جىق كەلدى. يېزىلىقلار قوشبۇلاقنىڭ تارىخىدا بولمىغان بۇ يېڭىلىقنى كۆرۈپ بېقىشقىمۇ كېلىشەتتى. مەدەنىيەت ئۆيى ئەركىن بازاردەك قىزىپ كەتتى. سانىخان بۇ كۈنلەردە كەتمەن چاپقاندىنمۇ بەك ھېرىپ كېتەتتى، لېكىن بۇ ھال ئۇزۇنغا بارمىدى. پولات ئېلىپ كەلگەن كىتاب، ژۇرناللار تولا كۆرۈلۈپ كونىردى، بەزىلىرىنىڭ تېشى يىرتىلىپ بىرنەچچە بېتىلا قالدى. گېزىتلەر بولسا دېۋاننىڭ چاپىنىدەك جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى، ئەركەكلەر ھەدېسىلا موخۇركا يۆگەشكە يىرتىپ كېتەتتى. قايسى بىرسىنى توسۇغىلى بولىدۇ؟ يېڭى گېزىت-ژۇرناللار بولمىغاچقا چوڭلار بارا - بارا تېزىپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمدى بۇ يەر مەھەللىنىڭ ئۇششاق باللىرىنىڭ مۆكۈشمەك ئويناپدىغان جايىغا ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. سانىخاننىڭ كۈنى ئەمدى بۇ شۇمتەكلەرنى باشقۇرۇش، سىرتقا قوغلاش بىلەن ئۆتەتتى. بۇ ئىش ئۇنى تېخىمۇ بەتتەر زېرىكتۈرۈشكە باشلىدى.

پولات ئۇنىڭغا شەھەرگە قايتىپ بېرىپلا خەت يازىمەن دېگەنىدى. ئۇنىڭ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. لېكىن خەت كەلمىدى. «ياكى بىرەر ياققا خىزمەتكە كېتىپ قالدىمىكىن؟... ياكى ...» ئۇ ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشتىن قورقاتتى. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ئۇنى سېغىنىش، ئەندىشە سەراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى، ئۇندىن باشقا ئۇ ئۆزىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەتىگەن كۆڭلى ئايىنىپ قەي قىلدى. تاماقنىڭ پۇسىنى پۇرىسىلا كۆڭلى ئايىنىپ كېتەتتى. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. «شۇنداق بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...» ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئويىدىن چۆچۈپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيان مەدەنىيەت ئۆيىگە سىڭلىسىنى قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيدە مىجەزىم يوق دەپ ياتتى. ئۇ خالىي يەردە ئەستايىدىل ئويلاپ بىرەر چارە تاپ-ماقچى ئىدى. ئۇ ئەمدى سىرتقا چىقىشتىن، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن قاچاتتى. ئويان ئويلاپ كۆردى، بۇيان ئويلاپ كۆردى، ھېچبىر چارە تاپالمىدى. كەچ كۈزنىڭ قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسمىنىغا قاراپ، كېچىسى نۇرسىز يۇلتۇزلارغا بېقىپ ئىككى - ئۈچ

www.uyghurkitap.com

كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىدا نىمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ ئۇ تىپتىنچ ياشاۋاتقاندى، تەقدىر ئۇنى ياشلىقنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاجايىپ سىرلىق بىر كوچىغا باشلىدى. ئۇمۇ تەۋەككۈل قىلغانىدى. بۇ كوچا ئۇنىڭغا خۇشاللىق، شېرىن لەززەتلەر بەخش ئەتكەنىدى. ئەمدى بولسا بۇ كوچا بىر قاراڭغۇ تىلسىماتتەك بولۇپ قالدى. ئۇ كەينىگىمۇ قايتالمايدۇ، پەقەت تەۋەككۈل قىلىدۇ، خالاس. تىنجىق كۆڭلەرنىڭ يامغۇرى بولغىنىدەك بۇ مەنىسىز، تۇرغۇن سۇدەك ھاياتىنىڭمۇ چېكى باردۇ؟ بۇ كوچىنىڭمۇ ئاخىرى چىقار؟...

سانىخان ئاخىر پولاتنى ئىزدەپ شەھەرگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆيدىكىلەرگە شەھەردىن مەدەنىيەت ئۆيىگە يېڭى كىتاب، گېزىتلەرنى ئالغىلى بارىمەن دەپ يالغان ئېيتتى. بىر كۈن كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلدى. دادىسى ئۇنى ئېشەك ھارۋىدا قاراسۇغا ئەپكىلىپ ناھىيىگە بارىدىغان ماشىنىغا سېلىپ قويدى.



سانىخان ئۆمرىدە شەھەرگە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، شەھەرگە كىرگۈدەك پۇرسەت بولمىغانىدى. مانا ئەمدى شەھەرنى قانغۇدەك كۆرىدۇ، ئەڭ مۇھىمى، پولات بىلەن بىللە بولىدۇ. پولات ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىسى بىللە كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرىدۇ، بەلكىم شەھەردە قېپقېلىشىنىڭ يولىمۇ بولۇپ قالار...

سانىخان چۈش قىيىلغاندا شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شوپۇر ئۇنى قايناق بىر بازارغا ئەپكېلىپ چۈشۈرۈپ قويدى. سانىخان قەۋەتلىك بىنالارغا، پاكىز كوچىغا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالدى. كوچىدا ماشىنا، ۋېلىسىپىتلار شۇنچىلىك كۆپ، ھەممە ئادەملەر ئالدىراش مېڭىشاتتى، ئۇنىڭغا بولسا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايتتى. سانىخان كىشىلەردىن سو-

راپ يۇرۇپ مەدەنىيەت يۇرتىنى تەستە تاپتى. ئېگىز پەلەمپەيلىك، دېرىزىلىرى كەڭ، ئاپئاق ئاقارتىلغان ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق بىنانىڭ ئەينەكلىك چوڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنى سۈر باستى. يۈرىكى ھاياجان بىلەن سېلىشقا باشلىدى، يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇ بىر مىنۇتچە توختاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئەيمەنگەن، ھودۇققان ھالدا ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ ئىچكىرىگە كىردى. كارىدور بوش ھەم جىمجىت ئىدى. ئىككى تەرەپتە تاشقارقى ئىشىككە ئوخشايدىغان ئەينەكلىك ئىشىكلەر بولۇپ يېپىقلىق تۇراتتى. ئىشىكلەردىن ئارىلاپ ھەر خىل كىيىنگەن ئەر- ئاياللار كىتابلارنى قولتۇقلىغان ھالدا كىرىپ- چىقىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار سانىخاننىڭ كۆزىدە كۆيگەن چىرايىغا، توپا باسقان سومكىسىغا قاراپ قويۇپ گەپ- سۆز قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىشەتتى. سانىخان قاياققا كىرىشىنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا سول ياندىكى ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن ئىككى ئەر كىشى گەپ قىلىشقان ھالدا چىقىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ سانىخاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. «پولات!» سانىخان تۇۋلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇ بىردىنلا ئىككىلىنىپ، شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ باشقىدىن زەڭ قويدى. ياق، نەق شۇ، سوزۇنچاقراق يۈزى، بۇرۇتى، تونۇش ئاۋازى...دەل ئۆزى شۇ. سانىخان يا پولاتنى چاقىرىشنى، يا ئۆزىنى ئالدىغا ئېلىشنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇلار ئىككىسى سانىخاننى كۆرمىدى، سۆزلەشكەن پېتى تاشقارقى ئىشىككە باردى. سانىخاننىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. پولات چىقىپ كېتەرمۇ؟...ئۇ ئەمدى چاقىراي دېگەندە پولات ئۇ كىشى بىلەن خوشلاشتى:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، سىز كۆپرەك ئىگىدارچىلىق قىلارسىز،— دېدى ئۇ ھەمراھىنىڭ قولىنى ناھايىتى سىپايە ۋە ھۆرمەت بىلەن سىقىپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ،— دېدى مېھمانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

پولات ئۇزۇن تەكەللۇپلار بىلەن ھەمراھىنى ئۇزىتىپ قويدى، تۇرقىدىن ئۇ نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى. مېھمان خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كەينىگە قايرىلدى ۋە سانىخاننى كۆرۈپ چۆچۈگەندەك بولۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىسىقراق كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپلا قالدى.

— ھوي، سانىخانمۇسىز؟— دېدى ئۇ ۋە ھودۇققان ھالدا سانىخاننىڭ يېنىغا كەلدى،— ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ؟ سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ھازىر كەلگەن ئوخشىمامسىز؟...

— ھەئە، ھازىر كەلدىم،— دېدى سانىخان قىزارغان ھالدا.

— يىراق سەپەرگە ماڭدىڭىزمۇ نېمە؟— پولات ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆرۈپ سورىدى ۋە سانىخاننىڭ «ئۆزۈڭ تاپ» دېگەندەك مەيۈسقىدا كۈلۈپ تۇرۇشىدىن شۈبھىلەندى،— ئويناپ كېلەي دەپ كەپسىز-دە؟ ياخشى ... يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرەيلى.

پولات سانىخاننىڭ توپىغا مىلەنگەن سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى باياتىن ئۆزى چىققان ئىشىككە باشلاپ كىردى. بۇ بىر چوڭ زال ئىدى. زالنى چۆرگىلىتىپ تاختاي تام ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رامكىلىق رەسىملەر ئېسىلغانىدى. زال ئىچى جىمجىت،

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە كىشى ئايلىنىپ سۈرەت كۆرۈپ يۈرەتتى. زالنىڭ تۆرىدە بىر ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. پولات سانىخاننى باشلاپ كېتىۋېتىپ ئەينەك رامكىدىكى چوڭ بىر رەسىمنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ رەسىمنى ئىشارەت قىلدى:

— قاراڭ، بۇ سۈرەتنى تونۇمسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سانىخان سۈرەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بۇ دەل قوشبۇلاقتىكى كۆل بويىدا پولات تارتقان سۈرەت ئىدى. سانىخان رەسىمدىكى ئۆزىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ خىجىللىقتىن ۋۇجۇدى ئىرت دولۇپ ياندى. كۆپكۆك كۆل سۈيى، ئالتۇندەك سارغايغان دەل - دەرەخلەر، سانىخاننىڭ قولىدا گىتار تۇتۇپ، خىيالغا چۆمگەن هالدا يىراقلارغا قاراپ تۇرغان قىياپىتى... هەتتا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىكى خالمۇ ئېنىق چىقىپتۇ... «بۇنى بۇ يەرگە نېمىدەپ ئېسىپ قويىدىكىنا؟...» سانىخان هودۇقۇش ئىچىدە ئويلىدى.

— قانداق، بوپتۇمۇ؟ — پولات مەغرۇرلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، — ئامىتىڭىز بار ئىكەن، بۇ سۈرىتىڭىز تېخى ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىگىمۇ تاللىنىدىغان بولۇۋاتىدۇ... پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇلىدىغان بولدىڭىز جۇمۇ، سانىخان. بۇ سۈرەت بەلكىم مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس...

— پولات!

ئايال كىشىنىڭ ئاچچىق ئارىلاش چاقىرغان ئاۋازى پولاتنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. سانىخان كەينىگە قايرىلىپ ئۆزىدىن ئىزت - بەش قەدەم نېرىدا چىرايلىق كىيىنگەن ئورۇق بىر قىزنى كۆردى. سانىخان ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ هەيران قالدى. ئۇ قىز ئۈستىگە گۈللۈك كەڭ يەڭلىك پوپايكا، ئۇچۇپ كەتكەن بىرىزېنتتىن ساغرىسىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىشتان، پۇتىغا قونجى ئۇزۇن، بىگىزدەك ئۇچلىق، ئېگىز پاشنىلىق قىپقىزىل ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى، تارىماستىن بولۇشىغا قويۇۋەتكەن سارغۇچ شالاڭ چاچلىرى يۈزىنىڭ يېرىمىنى يېپىپ تۇراتتى.

پولات ئۇنى كۆرۈپ هودۇقۇپ كەتتى.

— ئالىيە!... هازىر كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ تاتىرىپ ۋە سانىخانغا خۇدۇكسىرىگەندەك قاراپ قويۇپ ئالدىراپ تونۇشتۇردى. — ئالىيە. بۇ قىز ئۆتكەندە مەن بارغان قوشبۇلاق يېزىسىدىكى سانىخان... مەن سىزگە دېپ بەردىمغۇ، ماۋۇ رەسىمدىكى قىز شۇ... مەن رەسىمنى كۆرسىتىۋاتاتتىم.

سانىخان پولاتنىڭ شۇنچىۋالا هودۇقۇپ كېتىشىدىن هەيران بولۇپ قالدى. «بۇ قىز كىم بولغىيدى؟ پولات ئەجەبمۇ تىترەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ پولاتقا ئەجەب ۋارقىراپ كەتتىغۇ؟...» قىز كاماندەك ئىنچىكە قاشلىرىنى سۈزۈپ، سانىخاننىڭ چاڭ باسقان ئۈستىبېشىغا يىرگىنىچ، مەسخىرە ئارىلاش قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى شۇنچىلىك سوغۇق ۋە يېقىمسىز تۇيۇلدىكى، سانىخاننىڭ يۈرىكى نەشتەر سانجىلغاندەك پىژىلداپ كەتتى.

قىز سانىخاندىن كۆزىنى ئېلىپ پولاتقا قاراپ چاڭقىلىدىغان ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى:

— مېنى ئىز يەردە ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز بۇ يەردە غەم تارتماي يۈرگىنىڭىز

— نېمىسى؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — قاراڭ، سائەت نەچچە بولدى؟

قىز ئاپپاق بىلىكىدىكى تۈگمىدەك سائەتنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئىشارەت قىلدى. پولات ئالمان-تالمان ئۆزىنىڭ سائىتىگە قاراپ ئارسال بولدى.

— ھازىر ماڭاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى پولات يالۋۇرغان قىياپەتتە ۋە سانىخانغا قاراپ قويدى، — سانىخان، سىز... نەگە چۈشتىڭىز؟

— ئەزمىڭىزنى ئەزمەي تېزرەك ماڭسىڭىزچۇ، ئون مىنۇتلا قالدى، — ئالدىيە پولاتنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى.

— خوش، مەن كېتەي، — دېدى سانىخان ھودۇققان ھالدا پەس ئاۋازدا.

سانىخان يەردىكى توپا باسقان برىزېنت سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ كۆزىگە يىغا ئولاشتى. بۇ يەردە يەنە ئازراقلا ھايال بولۇپ قالسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىگە كەيگەن ئۇزۇن خۋادانى ئىشتىنى يەرگە سۆرەلگەندەك بولۇپ پۇتى كالۋالىشاتتى. ئۇ مىڭ تەستە ئىشىككە يېتىۋالدى ۋە بايا خۇشال بولۇپ كىرگەن ئىشىكتىن قىزارغان، ئەلەمدىن بوغۇلغان ھالدا چىقتى-دە، نامەلۇم تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

سانىخان بىر-ئىككى كوچىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. پەقەت بىرەر ئادەمسىز، خالىي يەرنى تېپىپ، قانغۇچە يىغلىۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن بۇ شەھەردە خالىي يەر يوق ئوخشايدۇ، قاياققىلا قارىساڭ مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم، ۋېلسىپىت، ماشىنىلار...

ئۇ ئەمدى ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ماشىنىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇش، باياتتىن بېرىقى كۆڭۈلسىزلىك، قورساقنىڭ ئاچلىقى... ئۇنىڭ ماغدۇرىنى قويمىدى. قولىدىكى سومكىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، چامدىغۇدەك ماجالى قالمىدى. كەچكۈزنىڭ قىسقا كۈنى ئاخىرلىشىۋاتاتتى. سانىخان ئەمدى قورقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىرەر مېھمانخانىنى تېپىپ قونۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق مېھمانخانىنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، ئۇ چاغدا...

— سانىخان!

ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدا، قىپقىزىل پەلاش كىيگەن، پاكارراق، سېمىز بىر قىز كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. سانىخان تېڭىرقىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— تونۇمايۋاتامسەن؟ — قىز كۈلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — تۇۋا، ماۋۇ ئاداشنى، مەن مەلىكە ئەمەسمۇ؟

سانىخان ئەمدى ئېسىگە ئالدى، بۇ قىز ئۇنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىر پارتىدا ئولتۇراتتى، ئۇ چاغدا مەلىكىنىڭ دادىسى سايىم گۇڭشېنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. سايىم مۇدىرنىڭ خىزمىتى شەھەرگە يۆتكەلگەنلىكتىن، مەلىكىمۇ شەھەرگە كەتكەن، ئىككى ساۋاقداش شۇنىڭدىن بۇيان كۆرۈش-

مىگەنىدى. مەلىكە ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرىۋەتتى:

— نەدىلىك كەلدىڭ؟ مەن سېنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم... تۇۋا، كۆرۈشمىگىلى تۆت يىل بولۇپتۇ، مەن تېخى سېنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەنىدۇر دەپ ئويلىغانتىم. داشۆگە بارالمىدىڭمۇ؟

— بارالمىدىم، — دېدى سانىخان كۆڭلۈمسىرەشكە تىرىشىپ.

— ياخشى ئوقۇغان ئىدىڭغۇ؟ — مەلىكە تەئەججۈپلەندى، — ھازىرغۇ ئارقا ئىشىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا مەنمۇ داشۆگە بارالماي پىركازچىك بولۇپ كەتتىم، قارا. ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ بۇ تۇرقۇڭدا يېزىدىن ھازىرلا كەلگەندەك تۇرىسەنغۇ؟

— ھەئە، ھازىرلا كەلدىم. شەھەردە ئازراق ئىشىم بار ئىدى...

— مۇنداق دە، ئانداق بولسا يۈر ئۆيگە، مەنمۇ ئىشتىن چۈشتۈم، ئۆيگە بېرىپ مۇڭدىشىمىز...

سانىخان قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ باياتىن مەلىكىنى ئۇچراتقىنىدا خۇددى ئاپىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇرسەن بولۇپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەنىدى، لېكىن مەلىكە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئېسىگە كېلىپ قورقۇپ كەتتى. ئاۋادا مەلىكىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟... ياق، ياق... ئۇنداق بولسا نەگە بېرىش كېرەك؟

— ئەجەب خىيال قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ بىرەر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ كەلمىدىڭ-يا؟

— ياق، ياق... — سانىخان قىزاردى، — سىلەرنى ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ؟...

— قويغىنا بۇ گېپىڭنى، — مەلىكە رەنجىگەندەك بولۇپ سانىخاننىڭ سۆزىنى قولىغا ئالدى، — ئۆيىمىز كەڭتاشا، قىسىلىپ قالمايمىز. ئۆيدە زېرىكىپ كەتكەنتىم، ئەمدى تازا مۇڭدىشىۋالىمىز.

مەلىكە سانىخاننى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى راستىنلا كەڭتاشا ئىكەن، مەلىكىنىڭمۇ خاس ھۇجرىسى بار ئىكەن. ئۇلار كەلگەندە ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى.

— ئاپام ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەن، بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىدۇ، — دېدى مەلىكە كىيىمىنى سالغاچ، — دادام تېخى ئىشتىن كەلمىدى. قېنى، ئولتۇرغىنا. قورۇنۇپلا تۇرىسەنغۇ؟ مەن سۇ تەييارلاي، يۈز-كۆزۈڭنى يۇيۇۋال، ئاندىن چاي ئىچىمىز، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ قېنى، چاپانلىرىڭنى سالساڭچۇ، مەندىنمۇ ئىزا تارتامسەن؟

مەلىكە ئىسسىق سۇ ئەپكىرىپ قويۇپ، ئاشخانىغا چاي تەييارلىغىلى چىقىپ كەتتى. سانىخان شۇ پەيتتە ئالدىراپ يېشىندى-دە، ئىسسىق سۇدا يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يەنە چاپىنىنى كىيىۋالدى. ئۇنىڭغا چاپىنىنى سالسىلا ھەممە ئىش ئاشكارا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆيگە مەلىكە داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئازراق چاي ئىچەيلى، — دېدى ئۇ ئۈستەلگە داستىخان سېلىپ، — ئۆي سوغۇقمىكەن؟ چاپىنىڭنى يەنە كىيىۋاپسەنغۇ؟ قورۇنماي ئازادە ئولتۇر، ئاداش.

چايدىن كېيىن مەلىكە كارىۋاتقا ياستۇق قويۇپ سانىخانغا دېدى:

— يولدا ھېرىپ كەتكەنسەن، بىردەم يېتىپ دېمىڭنى ئېلىۋال، مەن تاماق قىلاي، دادامنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە سانىخاننىڭ پۈتۈن ئەزايى ئۇيۇشۇپ چېقىلىۋەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ سىزىراتتى. ئۇ، مەلىكىنىڭ ئەتىر پۇراپ تۇرغان كۆرپە-ياستۇقلىرىغا قورۇنغان ھالدا يامپاشلىدى.

ئۇ شەھەرگە شۇنچە تاتلىق ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەن، پولاتنى كۆرۈش خۇشاللىقىدا قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭغا ئاتاپ كەشتىلىك ياغلىق توقۇغان، ئۆرۈك مېغىزىنى بىر تالادىن يىپقا ئۆتكۈزۈپ خالتا قىلىپ كەلگەنىدى، ئەڭ مۇھىمى، پولات ماڭا ئىگە بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەنىدى، ئەمما بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇسىنى بەربات قىلدى. «ئۇنىڭ كۆل بويىدا يۈرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىسى يالغانىكەن، پەقەت نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق ئالدامچىلىق قىلغانىكەن-دە، ھېلىقى ئالۋاستى ئۇنىڭ نېمىسىدۇ؟ گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئايالىدەكلا قىلىدۇ. ئەجەب ماڭا ئايالىم يوق، دەپ قەسەم قىلغانتىغۇ؟ ھەي سانىخان... ئەمدى قانداق قىلارسەن؟ شەھەرلىككە نېمانچىۋالا ئوڭاي ئىشىنىپ كەتكەنسەن؟ ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن باش كۆتۈرۈپ يۈرەرسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىڭ ياخشى...»

سانىخان ئويلىغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى، ھەسرەت ۋە ئەلەم دەستىدىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ، كۆزىگە ئاچچىق ياش كەپلەشتى. ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاۋازىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن ياستۇقنى قۇچاقلىغان ھالدا دوم يېتىۋالدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى مەلىكىگە ئۇقتۇرماسلىق نىيىتىگە كەلدى. توغرا، مەلىكە مەكتەپتىكى چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ مەلىكىگە دەرسلەردە كۆپ ياردەم قىلغانىدى، لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بىرقانچە يىل بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان مەلىكىنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئۆزگىرىش بولدى، كىم بىلىدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، چاۋىسىنى چىتقا يايغاننىڭ پايدىسى يوق. ئەنە، بىر شەھەرلىككە كۆڭۈل بېرىپ ئۆزىنى نابۇت قىلدى، مەلىكىمۇ بەربىر شەھەرلىك-تە...

— سانىخان، قوپە ئاداش، تاماق يەيلى.

ئاشخانىدىن مەلىكىنىڭ چاقىلداق ئاۋازى ئاڭلاندى. سانىخان چاققانلىق بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۈستەلگە ئاچچىقسۇ، لازا قاچىلىرى ۋە چوكىلار تىزىپ قويۇلغانىدى. مەلىكە ئىككى تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ كىردى.

— قېنى ئاداش، تاماققا باقايلى، سوۋۇپ قالمىسۇن. تارتىنىدىغان ھېچكىم يوق. دادامنىڭ يىغىنى باز ئىكەن، كېچىكىپ بارىمەن دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. تاماقنى يەۋېلىپ ئاندىن پاراڭىمىزنى قىلىشىمىز.

راستىنى ئېيتقاندا، سانىخان ئەتىگەندىن بۇيان ھېچنەرسە يېمىگەن، قورسىقى

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئاچلىقىدىن يۈرىكى تۆۋەن تارتىپ كەتكەندەك بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدىدىكى لەگمەن ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ نېزىقاپ تۇرماستىنلا تەخسىنى ئالدىغا تارتىپ ئاشنى يېيىشكە باشلىدى. نەخسىدە ئازراقلا ئاش قالغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلى ئېلىشىشنى باسماقچى بولغاندەك ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ تۇۋۈرۈكنى ئىچىگە يۈتتى، لېكىن ئۇ قانچە كۈچىگەنسېرى كۆڭلى شۇنچە ئېلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئاخىرى بولالمىدى. ئۇ ئاغزىنى ئالقىنىغا باسقىنىچە تالاغا يۈگۈردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئىش بۇ؟ — بۇ تاسادىپىي ئىشتىن چۆچۈپ كەتكەن مەلىكە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاشقىرىغا چىقتى.

سانىخان قەي قىلىپ، يېگەن - ئىچكەننىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، پۇت - قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. ئۇ، مەلىكىنىڭ چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— قورسىقىمدا بار دېسەڭ بولمامدۇ؟ — مەلىكە خۇشخۇي ھالدا ئۇنىڭ قورسىقىغا بوش ئۇرۇپ قويدى، — قاچان توي قىلىۋالدىڭ؟ تۇۋا، ھېچبىر ئەرگە تەگكەندەك تۇرمايسەن. ئېرىڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟...

سانىخان ئۆزىنى تۇتالمىدى، كۆزلىرىدە لىغىلداپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ ئۇنتىن چىقارماستىن يەرگە قارىغان ھالدا قولياغلىقىنى مىجىغلايتتى، ئېسەدەيتتى. مەلىكە ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— جېنىم ئاداش، نېمە ئىش بولسىمۇ ئېيتقىنا، بۇنداق ئۆزۈڭنى قىينىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟... ماڭا ئىشەنمەمسەن؟...

— شەرمەندە بولدۇم، — سانىخان دوستىنى قۇچاقلىغان پېتى ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — نېمىشقىمۇ قىز بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟ ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ياشايمەن؟...

سانىخاننىڭ نالىسى مەلىكىنىڭ كۆڭلىنىمۇ بۇزۇۋەتتى، ئىككى دوست بىر - بىرىنى قۇچاقلىغان پېتى بىر ھازارغىچە يىغلاشتى. ئاخىرى مەلىكە ئۆزىنى تۇختاتتى، دوستىنى بەزلىدى:

— ئاداش، ئىچىڭدىكى دەردىڭنى تۆكۈۋەتسەڭ يېنىكلەپ قالىسەن. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنە، بەلكىم ئىككىمىز بىرەر چارە تاپارمىز...

سانىخان ئەمدى يوشۇرغاننىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. بەلكىم مەلىكە ئۇنىڭغا ياخشىراق بىر ئامال تېپىپ بېرەر؟ ھېلىمۇ خۇدا ئۇنىڭغا مەلىكىنى يولۇقتۇردى، بولمىسا نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەتتى؟ سانىخان يىغلاپ تۇرۇپ بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق ئىش دېگىنە، — مەلىكە سانىخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بوغۇلغان ھالدا دېدى، — ئۇ سېنى ئالداپتۇ، ئاداش. ئالىيە دېگەن ئالۋاستى ئۇنىڭ ئايالى...

بۇنى ئاڭلاپ سانىخاننىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ياستۇقنى قۇچاقلىغان پېتى ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. مەلىكە ئۇنى بەزلەشكە باشلىدى.

— يىغلىما ئاداش، ئەمدى مېنىڭ يىغلىغان بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ، — ئۇ سانىخاننىڭ يەلكىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ كۆڭۈل ئېيتتى، — ئاداش، ئەمدى بۇنىڭ بىر چارىسىنى قىلىش كېرەك. ماڭا قارا، ھەممىدىن ئاۋال قورساقتىكىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. قانچە ئايلىق بولدى؟

— ئىككى ئاي...

— ئۇنداق بولسا ئالدىرىۋېتەيلى. مېنىڭ دوختۇرخانىدا تونۇشلىرىم بار، سۆزلىشىپ باقايمۇ؟

سانىخان چۆچۈگەندەك مەلىكىگە قارىدى.

— دوختۇرلار نېمە دەر؟ قورقىمەن...

— ۋاي-ۋۇي، قورقما، بۇنداق ئىشلارغا دوختۇرلارمۇ كۆنۈپ كەتكەن. ھېچقىسى يوق، بىرنەچچە كۈن دەم ئالساڭ ياخشى بولۇپ كېتىسەن...

سانىخان ماقۇل بولدى. ماقۇل بولمايمۇ نېمە ئامالى بار؟ ئۇ نادانلىقتىن مۇشۇ خاتاغا يول قويدى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ خورلۇققا قالدى، ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ جان ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى. ھەي كاژ تەقدىر، ئۇ نېمانچىۋالا تەلەيسىز بولۇپ قالغاندۇ؟...

ئەتىسى مەلىكە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. سانىخان دوختۇرلارغا قاراشقىمۇ ئىزا تارتاتتى. ئۇنىڭغا دوختۇرلار بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلىۋالدى. مەلىكە بىر دەمدىلا ھەممە ئىشنى توغرىلىدى دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆردى-دە، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سورىماستىن ئۇنى بۇلۇڭدىكى بىر ئۆيگە ئەپكىرىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ قايتىپ چىقتى، مەلىكە ئۇنى كارىدوردا كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— قىيىنالدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ سانىخاننى يۆلەپ، — قانداقلا بولمىسۇن يۈكتىن قۇتۇلدۇڭ. ئەمدىچۇ بىرنەچچە كۈن ئوبدان دەم ئالساڭ ياخشى بولۇپ كېتىسەن...

سانىخان ئەمدى مەلىكىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، — دېدى مەلىكە ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاچچىقلاپ، — دادامغا سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قاپتۇ، ئوپېراتسىيە قىلدى، دەيمىز. ئاپام قايتىپ كەلگۈچە سەن ساقىيىپ قالىسەن. ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

سانىخان مەلىكىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىنى بىلمەي قالدى، ئەگەر ھېلىقى كۈنى كوچىدا مەلىكە ئۇچراپ قالمىغان بولسا ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولار ئىدى؟ ئەگەر ئۇ يېزىسىغا قايتقان بولسا بەلكىم قىزلىقى بىلەن خوشلاشقان كۆل بويىدا ھاياتى بىلەنمۇ خوشلاشقان بولار ئىدى. مەلىكە ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالدى، مانا ھازىر ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك يېنىكلەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشقىلىپ سانىخاننى ۋەسۋەسىگە سالغان بۇ ئىش تىپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى مەلىكە ئۇ- نىڭدىن، — يېزىغا قايتىپ كېتەمسەن؟

— ھەئە، يېزىغا كېتىمەن، — دېدى سانىخان ئۇھ تارتىپ، — ھېلىمۇ سىلەرنى جىق ئاۋارە قىلدىم، بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇمايمەن!...

— بۇنداق دېمە، سەنمۇ ماڭا ئاز ياردەم قىلمىغانمۇ؟ — مەلىكە كۈلۈمسىرىدى، — يېزىدا زېرىكمەمسەن؟

— زېرىكسەممۇ قانداق قىلىمەن؟... پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن...

— شەھەردە قالامسەن- يا؟

— سەن خىزمەت تېپىپ بېرەمسەن؟

— راست قالغۇڭ بولسا بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — مەلىكە تۇمشۇقىنى بىلەن نېرىقى ئۆينى شەرەت قىلدى، — دادام ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۇنىڭغا دەپ باقساق دەيمىنا، بەلكىم بىرەر كوللېكتىپ ئىگىلىك دېگەن كارخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويار...

راستىنى ئېيتقاندا، سانىخانىنىڭ زادىلا يېزىغا كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيىنچە ئەرگە تەگسىمۇ ئېرىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ يېزىلىقلارنىڭ ئادىتى بەلگىلىك تۇرسا، يەنە ئۆمۈرۋايەت باش كۆتۈرەلمەي خارلىنىپ ياشايدۇ ياكى ئېرى ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ...

ئۇ كېچىچە ئويلاندى، ئاخىرى شەھەردە قېلىشقا قارار قىلدى. مەلىكىنىڭ دادىسى ئۇنى ماشىنىچىلىق كارخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە قىلدى. سانىخان شۇ كۈنىلا ئۆيدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن شەھەردە خىزمەت تاپقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ ئۆيىگە خەت يېزىۋەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى 64- بەتتە)

شامال ئۇچۇرسا، ئۈچكىنى ئاسماندا كۆرۈ» دەپتىكەن. ئەسلىگىنىمگە شۇنچىلىك بولۇپ كەتكەن يەردە، يوقلاپ بارسام قانچىلىك بولۇپ كېتەر؟ ئەسلىدە مۇنداق ئازابلىنىش تامامەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇ، لېكىن بۇنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرەلەيسەن؟ خىيال سۈرۈش — ئىنسانغا بەخشەندە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئەركىنلىك ئىدى، نېمىنى خالىسا، شۇنى ئويلىيالايتتى. بىراق ئۇنىڭ خىمۇ چەك قويۇلىدىغان چاغلار بولىدىكەن- دە. بۇمۇ ئاشۇ بىرووۋلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن يەنە بىرووۋنىڭ خاھىشىنى قۇربان قىلىدىغان مەنىسىزۋى يۈكلەرنىڭ بىرى ئەمەسمىكىن؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەشرى كۆڭۈللۈك ئىككى نەرسىنى سىغدۇرغىلى بولمايدىغاندۇ؟ بىرى ھەتتا مېھىر ۋىسالىقا ئايلىنالمايدىغان، پەقەت خىيال پېتى قالىدىغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ.

# ئەرمەگۈللەر

خالىدە ئىسرائىل

## ئۈنچىلەر

(نەسىر)

### قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆزى

ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئۇ، بىكەت مەيدانىدىكى ئادەملەر، ئاق ياغلىقلار ۋە كۆز ياشلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يان كوچىغا بۇرۇلدى. قەدىمىي شەھەر قويۇق تۇتەك پەردە ئاستىدا ئويغانماقتا.

قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرى ئېگىز ئۆگزىلەردە، مەسچىتلەرنىڭ رەڭلىك پەشتاقلىرى، نەقىشدار تاملىرىدا ۋالىلدىماقتا. ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي يوغان سۈپۈرگە بىلەن كوچا سۈپۈرۈۋاتىدۇ. يېڭىلا سۈپۈرۈلگەن، سۇ سېپىلگەن يولدىن قەشقەر توپىسىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى كېلىدۇ. دۇكانلار تېخى ئېچىلمىغان، پەقەت ساماۋارخانا، چايخانىلارنىڭ پېشايۋانلىرىدا پىيالە تۇتقان كىشىلەر ئولتۇرۇشىدۇ. شالاڭ يولۇچىلار ئارىسىدا يوغان سومكا يۈدۈۋالغان سېرىق چاچلىق چەت ئەللىك يىگىت ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ، يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ساياھەت خەرىتىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەمەكتە. يولۇچىلار بىلەن تولغان ئۈزۈن ئاپتوبۇس كوچىنى بىر ئالدى. يول سۈپۈرۈۋاتقان بوۋاي، ئالدىراپ كېتىشىۋاتقان پىيادىلەر، ۋېلىسىپىتلىك، ئات - ئۇلاغلىقلار، ساماۋارخانىلارنىڭ پېشايۋانلىرىدا ئولتۇرۇشقانلار بويۇنلىرىنى بۇراپ ئاپتوبۇسقا قاراشتى. ھەممىلا كۆزلەردە ھاياجان، خىيال ھەم ئارمان ئارىلاشقان بىر ئوت چاقناپ قالدى... ئېھ... قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆزى!

بۇنداق كۆزلەرنى، مۇنداق ھاياجاننى مەن باشقا ھېچ يەردە ئۇچراتمىدىم. قەدىمدە، شەرق ۋە غەربتىكى يىراق ئەللەرنىڭ تۆگە كارۋانلىرى كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ مۇشۇ كوچىلاردىن ئۆتكەندە، قەشقەرلىكلەر خۇددى مۇشۇنداق ھاياجان بىلەن قارىشىدىغان بولغىيدى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەپەرگە، جاھانكەشتىلىككە بولغان ئىشتىياق

ئەنە شۇ زامانلاردىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ بار بولغىيدى. ئەنە شۇ كۆزلەر قەشقەرنى جاھانغا تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا گۈزەللىك ۋە ئەبەدىي ياشلىق بەخش ئەتكەن بولغىيدى ...

بۇ كۆزلەر نەقەدەر خاسىيەتلىك، نەقەدەر نۇرانە ـ ھە!

## دەشت گۈزىلى

چەكسىز كەتكەن سۇر رەڭلىك زېمىن ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە زومچەك ـ زومچەك قۇم بارخانلىرى، قىميان سۇيىنىڭ تارام ـ تارام ئىزلىرى، شالاڭ ئۆسكەن سۆكسۆك بىلەن يانتاق ... پاھ، ھەممىسىلا سۇر رەڭدە، ھەتتا ئاسمانمۇ. ئاشۇ چەكسىز بىر خىللىق ئىچىدە يۇلغۇن چېچەكلىرىلا قىزىل، ئاجايىپ گۈزەل. مەن توپ ـ توپ يۇلغۇنلاردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم.

ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەرگىزمۇ كۆزنى چاقنىتىدىغان سۈنئىي گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەشت ـ باياۋاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ــ ئۇنىڭ ئاچچىق سۈيى، شورلۇق تۇپرىقىدىن، جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىدىن يېتىلگەن ئاشۇ دەشتكىلا خاس گۈزەللىك، ئۇ ئەتىر گۈلدەك مەغرۇر، مودەنگۈلدەك نازۇك، نامازشام گۈلىدەك ناز ـ كەرەشمىلىك ئەمەس، ئۇ تەبەسسۇمەتتىن، كىشىلەردىن ئارتۇقچە ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆكلەيدۇ، چېچەكلەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى ــ غوللىرىدىن ئۇچىغىچە ھەم يوپۇرماق، ھەم چېچەك، ھەم ئۇرۇق. بەزىلەر ئۇنى چوۋانىڭ خانىشىغا، يالقۇنغا، قىپقىزىل شەپەققە ئوخشىتىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ يالغۇزلا ئەمەس، بەلكى قىلغۇسىدا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەممىلا يەردە بار، شۇنچە ساددا، چىدامىلىق، ئۆزگىچە گۈزەل، ئۇلار باياۋانغا ھاياتىي كۈچ، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ، ئۇلار دەشت ـ باياۋاننىڭ جېنى.

## سوقماق يول

يامغۇرلۇق كەچ پەيتىدە چۆل ـ باياۋاننى ئارقىغا تاشلاپ، چەكسىز يېشىللىق دۇنياسىغا قەدەم قويدۇق. ئوڭ تەرەپ ئۇپۇققا تۇتاشقان رەڭدار ۋادا، سول تەرەپ يېشىللىق دوڭغاق سۆگەتلەر، جىگدىلەر، ئازغانلارنىڭ گىرەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان يېشىل تام. يېشىللىق ئارىسىدىن دېھقان ئۆيلىرىنىڭ پاكار ئىشىكلىرى، ئاپئاق تاملىرى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالدى. بىردىنلا كىچىككىنە سوقماق يول كۆرۈندى. يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى سۆگەت، ئاق تېرەك ۋە ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى گويا قېلىن پەردە بولۇپ، بۇ يولنى جاھاندىن ئايرىپ تۇراتتى. دەرەخ غوللىرىغا يامىشىپ ئېچىلغان سۆسۈنە، قىزىل رەڭلىك ھەشقىپىچەك، ئازغان گۈللىرى يېشىللىق ئارىسىدا چىراغلاردەك چاقنايتتى. تۇيۇقسىز بۇلۇتلار ئارىسىدا قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى

ۋاللىداپ كەتتى. سوقماق يولنى چۈمكەپ تۇرغان شاخ - يوپۇرماقلار گويا بىباھا قاشتېشى توسۇقتەك سۈپسۈزۈك، نۇرلۇق بولۇپ ئۆزگەردى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشكەن ئۇزۇن نۇر تالالىرى سوقماق يولنى سۈتتەك ئاپئاق، ئىللىق نۇرغا تولدۇردى ...

سوقماق يول گويا رىۋايەتلەردىكى سىرلىق ماكانغا، گۈزەل چۈشكە ئوخشاش، ھەش - پەش دېگۈچە كۆز ئالدىمدىن غايىب بولىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئۇزاققىچە تەۋرىنىپ، جىمىرلاپ تۇردى. ئېھ، سوقماق يول، ئۇنىڭدا قانداق بەختلىك كىشىلەر ماڭمىدىغاندۇ؟ ...

## تاغلار

بىر - بىرىگە مىنگىشىپ، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن تاغلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمىز.

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئاغمي بۇلاقنىڭ تاغلىرى.

......

قەدىمكى كارۋانلارنىڭ ناخشىلىرىدا كۈيلەنگەن ئەنە شۇ ئېگىز چوققىلار ئۆز باغرىنى يېرىپ مۆكىمدەك ئۆتۈشۈپ يۈرگەن زامانىۋى ماشىنا - ئاپتوبۇسلارغا سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ. باش ئۈستىڭىزدىلا ئېگىلىپ تۇرغان بۇ تاغلار گويا جاھاننىڭ بارچە سىر - ھەيۋىسىنى، ئاجايىپ - غارايىپ رەڭ ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈۋالغاندەك. زەن قويۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، ھەر بىر چوققىدا بىر تونۇش ئوبرازنى كۆرىسىز. بىرلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۆرە تۇرغان قېرى ئادەمگە ئوخشىسا، گاھى بىرلىرى بېشىغا ئوتىغات تاقىغان، ئۇچىسىغا ئالتۇن ھەللىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن خانىشقا، يەنە بىرلىرى يوغان گۈرزە تۇتۇۋالغان زەبەردەس پالۋانلارغا ئوخشايدۇ. يەنىمۇ يىراققا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، كۆككە تەلپۈنۈۋاتقان بۈركۈت بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئانا، قاتارلىشىپ بىر - بىرىگە ئارتىلىپ ياتقان لەكمىڭ - لەكمىڭ ئەجدىھا، شىر، يولۋاسلار كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ ... گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر تىلسىماتنىڭ كارامىتىدىن بىر دەقىقە ئىچىدە تۇرغان يېرىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئاخىر بىر كۈنى تىلسىمات يېشىلىپ، ئەسلىگە كەلگەنلىرى: «ئوھ، ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپتىمەنا!» دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ...

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1988 - يىل 21 - ئاۋغۇست سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

شېئىرىيەت — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن، سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، ئۇزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى بەدىئىي ژانىر. ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ رەڭدار ئېغىز ئەدەبىيات چەشمىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆلگىلىك كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى، تەرجىمە ئەدەبىياتى ماھارىتى ۋە يېڭى ئەدەبىيات دۇردانىلىرى بىلەنمۇ ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىق. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر-قانچە مىڭ يىللىق ئۆركەشلىك ئېقىمىدا پەلسەپە، ھېكمەت، ئىلىم، تىبابەت، تارىخ ۋە تەلىم-تەربىيە ئۇنچىلىرى ئۆزىگە لايىق شېئىرىي تۈستە گەۋدىلىنىپ كەلگەن. مەلۇم مەنىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى تىنىقى، ئۇيغۇر خەلقى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىنتىلىشچان تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىق بىلەن شۆھرەت تاپقان بەدىئىي پاۋلىئونى دېيىش مۇمكىن.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بەزىلىرى يېڭى خاراكتېر ئالغان كونا مەسىلىلەر بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى شېئىرىيىتىمىز ئەمەلىيىتىدە دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەردىن ئىبارەت. شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئېستېتىكىلىق تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇۋاتقان بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا جامائەتچىلىكتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدىبلىرىمىزدە سۇبيېكتىپ قاراش جەھەتتە يۈز بەرگەن بىر مۇنچە ئىختىلاپ ياكى پەرقلەر شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىنى خېلىلا كېڭەيتىشكە ئېلىپ كەلمەكتە.

سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھېيرىسمەنلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىمۇ كۆپەيمەكتە. شېئىرىيىتىمىز ئۆزىنىڭ تارىخىي، ئەنئەنىۋى تىما قاتلاملىرى، قايىنام-تاشقىنلىق سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەش دەۋرىگە ئائىت تىما قاتلاملىرىدىن

باشقا يەنە هازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشنى، هازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ پىكىر - ھېس-
سىياتلىرىنى، تەلپۈنۈشچان تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەر خىل رەڭدار ئىپادىلىرىنى گەۋدىلەندۈ-
رىدىغان بىرقەدەر نازۇك تېما قاتلاملىرىنىمۇ شەكىللەندۈرمەكتە. شۇنداق قىلىپ
هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان» ھەقىقىي ئىجا-
دىيەت باھارىغا كىرىپ كەلدى. شېئىرىيەت ژانىرلىرى، ۋەزىنلىرى، ئېقىم ۋە ئۇسلۇب-
لىرىمۇ بىرقەدەر «كۆپ قىرلىق» ھالەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. بىز شېئىرىيىتىمىز
گۈلزارىنىڭ سىياسىي شېئىرلار، تەلىم - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلار، تارىخىي تېما-
دىكى شېئىرلار، ھېكايەتلىك شېئىرلار ۋە مۇھەببەت لىرىكىسىدىن ئىبارەت كۆپ خىل تۈرلەرگە؛
ئارۇز، بارماق ۋە ئەركىن قاپىيە ۋەزىندىكى، ھەتتا نەسرىي شېئىردىن شەكىللەرگە؛ خىتابەت-
لىك، ماجازى، غۇۋا، مۇڭلۇق، سىمۋوللۇق، تەسەۋۋۇرچان (ئىماگىي)، لىرىزملىق
ئاخبارات شەكىللىك ھەر خىل ئېقىم ۋە ئۇسلۇبلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز.
بۇ مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ بېكىنمىلىك، بىر ئېقىملىق، قاتمال ۋە بۇرۇختۇم ھالەتتىن
ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ قىرلىق، جانلىق، ئەركىن - ئازادە يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىر-
گەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قارىغاندا، راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى تارىخىي مۇھىتتا مىل-
لىتىمىز يەنىلا شېئىرىيەت مىللىتىلىك خاسىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىسا كېرەك.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىمكى، بىز ھازىر ئىنسانىيەت
مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يەن - تېخىكا جەھەتتە ئىككى مىڭ يىلدا ئېرىشكەن ھەممە ئۇتۇقلىرى-
نى بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قاتلىغان ۋە يېڭى
ئىدېئولوگىيىلىك ئويغىنىش مۇقەددىمە مۇزىكىسىنى باشلىغان يېڭى تارىخىي
پەللىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق. رىقابەت ۋە ھەمكارلىق، تاللىۋېلىش ۋە شاللىۋې-
تىش، ئارىلاشما سىڭىشكەنلىك مەدەنىيەت ۋە ھازىرقى زامانغا خاس رەڭدار مىللىي
مەدەنىيەت جەريانىدىكى ئۆز پائالىيىتى، رىتىمى ۋە گارمونىيىسى قىلىنغان بۇ دەۋردە
بىر يىل كېيىن قېلىش ئۆتمۈشتىكى بىر ئەسىرلىك جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقاندىن
كۆپرەك ۋە ئېغىرراق تارىخىي قىممەت يوقىتىشىنى ئۆزىگە بەدەل قىلىپ، بىزنى
ئاگاھلاندۇرماقتا. ھازىرقى زامان ئويغانغان ئېڭىمىزنىڭ تەرەققىي مەنتىقىسى قولغا
كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى پارات قىلىشتىن كۆرە يېڭى نەتىجىلەرنى لايىھىلەشنى، سان-
دىن كۆرە سۈپەت ئۈستىدە نەزەر سېلىشنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئۆتمۈشتىكى
ھالەت ۋە سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشتىن كۆرە ئۇنى ھازىرقى زا-
ماننىڭ ئالدىنقى تارىخىي ئۆلچەملىرى بىلەن، ھەتتا بۇ ئۆلچەملەرنىڭ يېڭى يۈزلىنىش
مۇمكىنچىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ھازىر بىز
ئەسىرىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋە ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرلار تەكىتلىگەن مەرىپەرتپەرۋەر ئويغىنىشنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانشۇناسلىقنى مەر-
كەز قىلغان، ئىنفورماتسىيىلىك يەن - تېخنىكا ۋاستىلىرىنى قورال قىلغان، XXI ئە-
سىرنىڭ مۇقەددىمىسى تەنتەنە قىلىدىغان يېڭى ئويغىنىشنى ھازىرقى زامان ئوي-
غانغان ئېڭى ۋە نەزەرىيىۋى تەرەققىياتى تەشەببۇس قىلىۋاتىمىز. بۇ خەلقىمىز ئۈ-

چۈن XXI ئەسىردە، ئاجايىپ مۆجىزاتلار تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان مۇشۇ بولغۇسى ئەسىردە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، يېڭى قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ھوقۇقىغا مۇيەسسەر بولۇش - بولالماسلىققا قارىتىلغان يالقۇنلۇق تەشەببۇس. مۇنداق ئويغانغان ئاڭ ۋە ئۇنى غايىۋى تۇغ قىلغان ئىسلاھات تۇرمۇشىمىزنىڭ، ئەج دېيىتىمىزنىڭ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىدىن ئىبارەت.

يېڭى ئويغىنىش بوسۇغىسىدا، يېڭى بىر تارىخىي ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىر بولغان شېئىرىيىتىمىزنىڭ «جابدۇنۇش» ھالىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلىچۇ. ئۆز تېزلىكىنى مىنۇت ساناپ بارغانچە ئاشۇرۇۋاتقان ئۇچقۇر تارىخ ئېلان قىلغان «تۇرۇش» ئالدىدا شېئىرىيەت سېپىمىز ۋە ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە چوڭ - كىچىك مەسىلىلەرنىڭ خېلىلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. بۇلارنىڭ مۇھەملىرى: شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ژانىرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە بولغان كۆز قاراشنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى، ئەنئەنىۋى ۋە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرى ئۈستىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى، ئوچۇق خىتابەتلىك ۋە لىرىك ماجازى شېئىرىي ۋاسىتىلەر توغرىسىدىكى مۇجمەل قاراشلار، ئاپتور بىلەن تەھرىر مۇناسىۋىتى، ھەر خىل شېئىر تۇر - شەكىللىرىنىڭ باراۋەر بولۇشى كىتابخان بىلەن ئاپتور ۋە شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقى مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شېئىرىيىتىمىز بەدىئىي ئىجادىيىتىمىزدىكى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، ھامىيلىق قىلىش ئەڭ تەقەززا قىلىنىدىغان ساھەگە ئايلىنىپ قالدى.

شېئىرىيىتىمىز دۇچ كەلگەن بۇ يېڭى مەسىلىلەر، مېنىڭچە، بىر تارىخىي ھادىسىدىن بېشارەت بولسا كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىرىيىتىمىز، ھېچ بولمىغاندا، چاغاتاي ئۇسلۇبىدىكى شېئىرىيەتتىن پەرقلىق بىر قاتلام ھاسىل قىلغان ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 -، 30 - يىللىرى مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەكىلدىكى شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېقىنلاشقان بولسا كېرەك. كۆپلىگەن ئالامەتلەر ۋە مەنىۋى تېڭىرقاشلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ كونا باسقۇچىنى ئاخىرلىتىش ۋە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇش ھالىتىگە كىرىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە.

## 2. شېئىرىيەتكە ھامىيلىق، شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك پائالىيەتتە تۇتقان ئورنى

ئىنسانلارنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى ئىپادىلەش جەريانىدا ئېلىپ بارغان بارلىق ماددىي، جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي زوق ۋە بەدىئىي باھا خاراكتېرىنى ئالغان پائالىيەتلىرىنى ئېستېتىك پائالىيەتكە جەملەش مۇمكىن. مەلۇم مەنىدە ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى سېزىش، بىلىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش، زوقلىنىش ئىجتىمائىي گۈزەللىك، بەدىئىي گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى بەرپا قىلىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىگە ئېستېتىك قىممەت سىڭگەن.

شېئىرىيەت ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىش جەھەتتىكى سۇبيېكت ئالامەتلىرى بولغان ھېسسىيات، تىل ۋە تەپەككۇر بىلەن بىللە شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇ ئىنسان بىلەن بىللە، ئىنسان سۇبيېكتى بىلەن بىللە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ تارىخىي غەلىبىسىنى نامايەندە قىلىپ بارىدۇ. تارىخ شېئىرىيەتنىڭ بارلىق ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە سەنئەت ژانىرلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە سەنئەت ژانىرلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە راۋاجلىنىشىنى شېئىرىيەت تارىخىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ خىل ھاياتىي كۈچنىڭ ئىزچىللىقى ۋە بەقۇۋۋەتلىكى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. گومېر شېئىرلىرىنى تېخى تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان «ئىدېيال مەملىكەت» كە كىرگۈزمەسلىكنى تىلغا ئالغان قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى پلاتون (ئەپلاتون، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 345 -، 427 - يىللار) ئۆزىمۇ شېئىرىيەتتىن خالىي بولمىغان.

«ئالىمنى ساڭا ئۆزاتتىم، ماڭا قىلساڭ ساداقەت،
ئالىمنى سەن ئال، ماڭا بېغىشلاپ پاك مۇھەببەت.
باشقىچە ئويلىساڭمۇ، ئال ئالىمنى مەرھەمەت،
ئەمما ئەستىن چىقارما: ھال رەڭگىڭ قىسقا مۇددەت.»

مانا بۇ پلاتوننىڭ ساقلىنىپ قالغان لىرىكىلىرىدىن بىرى.

شېئىرىيەت شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم ھاياتىي كۈچكە ئىگىكى، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. ئوبيېكتىپ مەۋجۇداتنىڭ ئىنسان سۇبيېكتىدە ئىنكاس قىلىنىشى قانداق مۇرەككەپلىككە ئىگە بولسا، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشىمۇ شۇنداق مۇرەككەپلىككە ئىگە، روشەنكى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئىنسان ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سوبيېكت ئۈچۈن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە قىممىتىنى سىرتقا ئىپادىلەشتىن، باشقىچە ئېيتقاندا، «ماددىي تۈس» كە كىرگۈزۈشتىن باشقا چىقىش يولى يوق. بىر چاغلاردا «ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش مەيدە بۇرژۇئازىيىنىڭ روھىي ھالىتى» دېيىدىغان ئىلمگە يات ئىپادىلەر ئارقىلىق ئىنساننى ئۆز سۇبيېكتىدىن ۋە ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى تەبىئىي (قانۇنىيەتلىك) ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى «قورال» غا، بۇتقا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى تەرسالىقنى ئىلمىي تەپەككۇر ئالدىغا قويىدىغان بولساق، خۇددى نەپەس ئېلىشمۇ «بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلىكى» دېگەندەك ھاماقەتلىكتىن كۈلكىمىز كېلىدۇ. مەسىلە ئايانكى، ئۆزىنى ئىپادىلەش روھىي دۇنيانىڭ ئاساسلىق ئىنتىلىشى ۋە تۈپ پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ مەزمۇن سەۋىيىسى بىلەن ئەركىنلىك دائىرىسى ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئېڭى دەرىجىسى بىلەن رېئال ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ياكى ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ قارشى قۇتۇپقا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە بولىۋاتقانلىقىغا باغلىق.

www.uyghurkitap.com

ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلىشى ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قاتار ھېسسىي، ئەقلىي ۋە تەسەۋۋۇر پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شېئىرىيەت دەل مۇشۇ ئاساس ۋە مۇشۇ روھىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلمىغان ھالدا، تولاراق تەسەۋۋۇر، بولۇپمۇ بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن قاناتلانغان بولىدۇ. كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان شەيئىلەر ئىچىدە ھەر خىل ئۇچار قاناتلار، ئايروپىلان، دىرىژابىل ۋە ھەر خىل سۈرئەتتىكى راكېتا ھەم ئالەم كېمىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ يىراق مۇساپىلىق ئۇچۇر شەكلى بولغان تەسەۋۋۇر دەل شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ تولپارىدىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىشىدىكى «تۈنجى يورۇقلۇق مەشئىلى»، «بىلىمنىڭ ئاتىسى»، «ئىنسانىي بىلىملەرنىڭ پادىشاھى» (سىدنى) بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ. بىز تەسەۋۋۇرسىز ئىدراك ۋە خاتىرىلەردىن ئوبراز ياكى تەپەككۇر سېكىللىرى ئۈزۈشتۈرالمايمىز، ئىلمىي ياكى ئوتوپىك، ئېھتىماللىق ياكى فانتازىيىلىك قىياسقا ئىگە بولالمايمىز. ئۆتمۈش بىلەنمۇ، كەلگۈسى بىلەنمۇ ھېچقانداق مەنىۋى مۇناسىۋەت ئورنىتالمايمىز. ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن شېئىرنى ئۇچقۇندارلىققا تولغان تەسەۋۋۇر تۈتىمسىزلىق روھىيەتنىمۇ، دىنىي ئىللىيۇزىيىلەرنىمۇ، ئىلىم-پەن گىپوتېزىلىرىنىمۇ، غايىۋى تەلپۈنۈشلەرنىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلدى. كىشىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ چۈشلىرىنىمۇ كۆرۈنۈشلۈك ۋە ھېسسىياتلىق تەسەۋۋۇر ئۇچقۇنلىرىسىز قىياس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ھاياتتىكى پائالىيەت قىممىتىنى بىرقانچە جەھەتتە ئىخچاملاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، شېئىرىيەت مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى، لۇغەت تەركىبىي بايلىقى ۋە رەڭدارلىقى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى جانلىقلىقى ۋە ئاھاڭدارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىي تىلنىڭ «ئۆلچەملىك شەكلى» (دانتى) رولىنى ئۆتەيدۇ. شېئىرىيەتسىز قاتمال ھالەتتىكى مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ روناق تاپقانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، شېئىرىيەت ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئاڭنىڭ، زامانىۋى ئاڭنىڭ، ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى. شېئىرىيەت بولسىمۇ-بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس! ئۇ ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئىپادىلىنىدىغان ئەركىن ئاڭنىڭ ئەڭ نازۇك ئىجتىمائىي مىزانى. شېئىرىيەتنىڭ ئازادلىقى، شائىرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى بىلەن قوشۇلۇشى نەسرىي ئەدەبىيات ئازادلىقىنىڭ، پۈتكۈل سەنئەت ئازادلىقىنىڭ ئالدىنقى بىشارىتى ۋە ئۆلچىمى. ۋەھالەنكى سەنئەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولمىغان مىللەت روھىيەت كېسەللىكىدە تۇرۇۋاتقان مىللەتتىن ئىبارەت. يالغان شېئىرىيەت، قۇپقۇرۇق شېئىرىيەت، زورمۇزور ياساپ تېڭىلغان شېئىرىيەت ئۈستۈنلۈك ئالغان جايدا، «مۇھەببەت مۇھەببەتكە، ئىشەنچ ئىشەنچكە ئالماشمىغان» جايدا (كارل ماركس) «شائىر» شېئىردىن، «شېئىر» خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ

چاغدا كىشىلەر ئۆز شېئىرلىرىنى پىغانلىق كۆز ياشلىرى ياكى ئىبادەت مۇناجاتلىرىغا سىڭدۈرۈشكە مەجبۇر.

ئۈچىنچىدىن، شېئىرىيەت ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ، ئىنسان تەپەككۇر بوشلۇقىنى ئېچىشنىڭ، مىللەت روھىيىتىنىڭ ھەرقايسى پىسخىك تۈزۈلمە ۋە قاتلاملىرىدا چۆكمە ھاسىل قىلىپ قالغان بولمىغۇر ئىللەتلەرنى ئېرىتىپ، روھىي ساغلاملىق ۋە روھىي تەشەببۇسكارلىقنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى، مەلۇمكى، روھىي ساغلاملىق ۋە جۇشقۇنلۇق ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادىتىنىڭ مۇھىم بىر شەرتى.

ئەلۋەتتە، شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر قاتار رولى ۋە ئەھمىيىتى بار.

يۇقىرىقىلار شېئىرىيەت مەسىلىسىگە ئىلمىي، ئېستېتىكا ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ھامىيلىق قىلىش، ئېتىبار بېرىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ.

### 3. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتى

ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز ئەنئەنىۋىي ئارۇز ۋە بارماق بەھرىدىكى تۈرلىرىدىن تاشقىرى، يەنە ئەركىن ۋەزىنلىك، نەسرىي شەكىللىك ۋە ھەرخىل ئۇسلۇب-ئېقىملارغا مەنسۇپ شېئىرىيەت سەھەرلىرى بىلەن ئۆز بېغىنى بېزىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىرلار ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە ھەرخىل شېئىرىي تۈر ۋە ئېقىملارغا قارىتا ھەر خىل قاراشلار، ھەتتا خىلمۇخىل كەسكىن ئىختىلاپلارمۇ كۆرۈلمەكتە، بەزىلەر سىياسىي، خىتابەتلىك، ئاشكارا ۋە ئاخبارات شەكلىدىكى شېئىرلارنى ئەتىۋارلىسا، بەزىلەر ئۇنى «شېئىرىي خىتاب»، «قاپىيىلىك دوكلات»، «دەبدەبىلىك پاراڭ»، «قاتاڭغۇ ھۆكمەت» دەپ قاراپ، غۇۋا، ئىدراكىي، يېپىق شېئىرلارنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنى «كەلگۈسى شېئىرىيەتنىڭ نەمۇنىلىرى» دېيىشمەكتە. بەزىلەر دىداكتىك — تەلىم شەكلىدىكى، بەزىلەر ھېكايىچىلىك شەكلىدىكى، بەزىلەر سىمۋوللۇق شەكلىدىكى، بەزىلەر ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگۈچى شېئىرلارنى ئەتىۋارلاپ، قالغانلىرىنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى چەتكە قاقىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە روسىيىدە يۈز بەرگەن كارلوس ۋىللىئامس، پۇئۇند، ئالدىنگتون قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىماگى (ئىدراكى) شېئىرىيەت ئېقىمى، رىلكې، ۋېرانى، جون. رامون قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى سىمۋوللۇق شېئىرىيەت ئېقىمى، ماياكوۋسكىي (گەرچە ئۇ بەزىدە كەلگۈسىچىلىك ئېقىمغا خاس ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ياڭراق خىتابەتلىك شېئىرىيەت ئېقىمى، لوۋېلىل، سېرگېي يېسېنىن، ئاخماتوۋا ۋەكىللىكىدىكى «كىچىك ئاۋاز، ئىنچىكە تاۋۇش» ۋە مونولوگ شەكلىدىكى شېئىرىيەت

ئېقىمى، جۈملىدىن، فرانسۇز شېئىرىيىتىنىڭ پىرى ھېسابلانغان سائىنت پېرىسى ۋەكىللىكىدىكى نەسرىي شېئىرىيەت، ئاپوللىنائىرى ۋەكىللىكىدىكى «قاپىيىدىن ئازاد» شېئىرىيەت ۋە ھۆيدۆبىرو ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان شەكىلۋازلىقى بولغان «ئىجادىيەتچىلىك» ئېقىمىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالامەتلەرمۇ شېئىرىيىتىمىز مۇنبىرىدە «قىياپەت كۆرسەتمەكتە. بۇ ھال شېئىرىيىتىمىزگە ئەتراپلىق، تارىخىي باھا بېرىش ئاساسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئۈستۈنلۈك ئالغان بۈگۈنكى مۇھىتىمىزدىلا ئۆز مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە.

مېنىڭچە، كلاسسىك نېمىس پەيلاسوپى گېگېلنىڭ «بارلىق ئەقىلغا مۇۋاپىق نەرسىلەرلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەرلا ئەقىلغا مۇۋاپىق» دېگەن سۆزى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ھەممە خىلدىكى (ھەتتا دىنىي تۈستىكى) شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى خەلقىمىز شېئىرىيەت خەزىنىسىدىكى بايلىق بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن. بىز خەلق قەھرىمانى سېيىت نوچىنىڭ 1920-، 1924- يىللىرى سوۋېت روسىيىسىنى ئايلىنىپ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئېيتقان:

«ئاش پىشۇرۇڭ شۇ تاپتا،
خېمىر يېيىك تاختىدا.
كەمبەغەللەر ياشايدۇ
لېنىن ئاتام ۋاقتىدا.»

دېگەن قوشىقىنى شېئىرىيەت نەپىسلىكى جەھەتتە ناۋائى بىلەن ئەرشى شېئىرلىرىدەك بالاغەتلىك دېيەلمىسەكمۇ، لېكىن تارىخىي قاتلام نۇقتىسىدىن ناۋائى ۋە ئەرشى شېئىرلىرىدا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۇنجى ئىپادىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. دېداكتىك شېئىرلاردىن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ھېببەتۇل ھاقايىق» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئابدۇللاخاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرى، سوفىزملىق - پانتېئىزملىق شېئىرلاردىن رەھىم مەشرەپ بىلەن زەلىلىنىڭ لىرىكىلىرى، مەرىپەتپەرۋەر شېئىرلاردىن قۇتلۇق شەۋقى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خىتابەتلىك غەزەللىرى، جۈملىدىن، سىنىپىي كۆرەش ئۆتكۈرلەشكەن يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ياڭراق ۋە جەڭگىۋار شېئىرىيىتىمىز ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىغا خاس تارىخىي قىممەت ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

تارىخىمىز بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئىراسىغا قەدەم قويدى. يېقىندىن بېرى خەلقئارا يۈزلىنىشمۇ تىنچلىق، ھەمكارلىق ۋە گۈللىنىشنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان بىر راۋاجلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئاڭلىقلىقى مۇتەئەسسىپلىك ۋە تەلۋىلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان «ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەر»نى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ھەرتەرەپلىمە ئاشۇرماقتا. بۇ ھال ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ

ئوبرازلىق نۇتۇق ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى بولغان شېئىرىيەتنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ۋاستىلىرىگە يېڭى زۆرۈرىيەت ۋە مۇمكىنچىلىكلەر بېغىشلىدى. ئەمدى «ئەرەنچە كىيىنىپ جەڭگە كىرگەن» خۇامۇلەننىڭ يۇيۇنۇپ - تارىنىپ پەداز ئۈستىلى ئالدىغا كېلىش مۇمكىنلىكى تۇغۇلدى. بۇ ھال شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى رەڭدارلىق، نەپىسلىك ۋە لىرىزملىق موتىپلىرىنىڭ كۈچىيىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىجتىمائىي ئېستېتىك تەقەززامۇ دەل مۇشۇ ئامىللاردىن بەھىرلىنىشكە يۈزلەندى. قىسقىسى، شېئىرىيىتىمىز تىنچ گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويدى.

بۇ شېئىرىيەتنىڭ «ئۇلۇغۋار» لىقتىن «چاكىنىلىق» قا چېكىنگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

يـاق!

ئىلگىرىكى شېئىرىيىتىمىزدىكى ياڭراقلىق ۋە خىتابەتلىكنى «بەدىئىيلىكى يوق پاراڭ» دېگىلى بولمىغىنىدەك (ئەلۋەتتە قىسمەنلىرى بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس)، يېڭى ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق شېئىرىيىتىمىزنى «چاكىنىلىق» (ئەلۋەتتە قىسمەنلىرى بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس) دېگىلى بولماس.

شۇنى روشەنلەشتۈرۈش ھاجەتكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى جەمئىيەت ئومۇمىيلىقىغا قويۇپ تۇرۇپ يېزىلغان «ماكرو» تېماتىكىلىق شېئىرلار بىلەن جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ھالەتلىرىنى ئىنسان خۇسۇسىيلىقىغا قويۇپ تۇرۇپ يېزىلغان «مىكرو» تېماتىكىلىق شېئىرلار ئوخشاش ئىنسانپەرۋەر شائىر قەلبىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مۇھىتتىكى (ھەتتا ئىلھام مۇھىتىدىكى) ئوخشاش يۈكسەكلىكى، قىزغىنلىقى ۋە ئىجتىمائىي ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇر ئازادلىقىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

شېئىرىي شەكىللەرنىڭ تارىخىيلىقى، ئۇلارنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان» سەنئەت گۈلزارىدىكى باراۋەرلىكى، يېڭى شېئىرىي شەكىل ۋە ئېقىملارنىڭ مەيدانغا چىقىشى يوللۇقلۇقى بىزدىن شېئىرىي شەكىللەر ۋە شېئىرىيەت تۈرلىرىگە نىسبەتەن بىرقەدەر كەڭ، تارىخىي ۋە ئەتراپلىق قاراشقا ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

كونكرېت شېئىرىي ئەسەر ۋە مەلۇم شائىرنىڭ تارىخىي قىممىتى مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۇ كونكرېت تەتقىق قىلىنىشى لازىم. بۇ ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي مەيدانى، مەنىۋى قىياپىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بەدىئىي بالاغىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدار تەسىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنچىكە ئىش. بۇ ئىشتا ئادالەتسىزلىككە يول قويۇش تەتقىقاتچىنىڭ خاراكتېر تۈزۈلمىسىدىكى ئادالەتسىزلىكنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ئېچىپ بېرىدۇ، خالاس.

## 4. شېئىرىيەتنىڭ خاس بەدىئىي ئالامىتى ھەققىدە

مېنىڭ بىر دوستۇم ماڭا: «مەنمۇ شائىر بولۇپ قالدىم. شېئىر دېگەن بىرقانچە بوغۇملۇق سۆزدە ئىگە بىلەن خەۋەرنى دوم كۆمتۈرۈپ قويسىلا بولىدىغان پاراڭ

www.uyghurkitap.com

ئىكەنغۇ؟!» دەپ چاقچاق قىلدى. دەرۋەقە، مۇنداق شېئىرلارمۇ ئاز ئەمەس!

زادى شېئىر دېگەن نېمە؟

بۇ ھەقتىكى ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ۋە بېزەندۈرۈلگەن جۈملىلەر يېتىپ ئاشقۇچە: «قەلبىنىڭ ناخشىسى»، «ھەقىقەتنىڭ گۈزەللىكى»، «زاماننىڭ ئەكس ساداسى»، «سەنئەتنىڭ مەلىكىسى»، «روھىيەت شاھزادىسى»، «ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى»، «ھېسسىيات چېچەكلىرى»، «تارىخنىڭ قەدەم ئىزى»... ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرىدا «شېئىر — سەنئەت»، «سۆز سەنئىتى»، «ئىدىيە — ھېسسىياتچان سەنئەت»، «رىتىمدار، ۋەزىندار، قاپىيىدار، ئاھاڭدار سۆز سەنئىتى»، «ئىدىيە، مەنىدارلىق شېئىرىيەتنىڭ جېنى»، «ئاھاڭدار نۇتۇق شېئىرىيەتنىڭ جېنى» دېگەن سۆزلەر بىلەن «شېئىر ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈش»، «ئاڭ ۋە ھېسسىيات ئېقىمىنىڭ بۇرغۇنلىرى»، «بېسىمغا ئۇچرىغان روھتىن ئېتىلىپ چىققان ياڭراق ياكى غەمكىن فونتان»، «ياتلاشقان ئىنسان روھىنىڭ ئۆزىنى پاكلىشى» قاتارلىق ئىبارىلەرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ.

شېئىرىيەتتە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ، ناۋايى دەۋرىدىكى ئېستېتىكىلىق ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، «مەنىدارلىق» نىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى شۈبھىسىز. پلاتون «شائىر تەڭرىنىڭ سۆزچىسى» دېسە، ئارستوتېل «شېئىر يېزىش پائالىيىتى تارىخ يېزىش پائالىيىتىگە قارىغاندا پەلسەپىۋى مەنىدارلىققا كۆپرەك ئىگە» دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلغان. بېكون «شېئىر — بىلىمنىڭ بىر قىسمى» دېسە، سىدنى «ھەقىقىي شائىر — ئالىمنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپى»، «تەبىئەت دۇنياسى مىس بولغاندا ئىدى، شائىر ئۇنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان بولاتتى» دېگەن. بېلىنسكىي «ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بولمىغان ئەسەرنى شېئىر دېيىش مۇمكىن ئەمەس» دېسە، گوركىي «ھەقىقىي شېئىر تولىسى قەلب شېئىرى، قەلب ناخشىسىدىن ئىبارەت» دېگەن.

ئەمما شېئىرىيەت ئۈچۈن ئاساسىي مەسىلە «نېمىنى دېيىش» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى «قانداق دېيىش» مەسىلىسى بولغاچقا، مەزمۇندارلىقنى تېخى شېئىرنىڭ، ھەتتا شېئىرىي ئالامەتنىڭ ئۆزى دېيىش قىيىن. شېئىرىيەت گەرچە ئىدىيە - مەزمۇندىن، بىلىش ۋە چۈشىنىشتىن خالىي بولمىسىمۇ، ئۇ بىلىش كاتېگورىيىسىدىكى مەھسۇلات ئەمەس.

شېئىرىيەتتە تىل ۋە ئاھاڭدارلىقنىڭ غايەت مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئارستوتېل «تىل ئىدىيىنى ئىپادىلەيدۇ» دېسە، سىدنى «شېئىر — سۆزلەيدىغان رەسىم» دېگەنىدى. ھەتتا ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن تىل ۋە ئاھاڭدارلىق مەسىلىسىدە قارىمۇقارشى پىكىرلەرمۇ مەيدانغا چىققان. لېئوناردو داۋىنچى «شېئىر قارىغۇ رەسىم، رەسىم بولسا گاچا شېئىر» دېسە، ھېردېر «شېئىر رەسىم سىزمايدۇ، ناخشا ئوقۇيدۇ. شېئىرىيەتنىڭ مۇكەممەللىكى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەسىرلىنىشنىڭ گارمونىيىسىدە» دېگەن.

دەرھەقىقەت، بىز كۆيلىگەن باي مەنىدار، ھەتتا يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە ئىگە

شېئىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، ئەمما قانداقتۇر ئۇنىڭدىن «ئىبارىچىلىك»، «ئۇقۇمچىلىق» نۇقسانلىرى تۈپەيلى شېئىرىي لەززەت ئالالمايمىز.

دەرھەقىقەت، بىز كۆپلىگەن قىزغىن ھېسسىيات ئىبارىلىرى بىلەن تولغان، «ئاھ»، «ھەيھات» دېگەن تەلپۈنمىلەر بىلەن ئۇچقۇنلانغان لىرىكىلارنى بىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭدىن نېمىشقىدۇر ھۇزۇر ئالالمايمىز.

دەرھەقىقەت، بىز كۆپلىگەن چىرايلىق ئىبارىلەر، ئوخشىتىشلار، ماقال - تەمسىللەر بىلەن بېزەلدۈرۈلگەن ئىبارىلەر «تەلەپپۇز قائىدىسى دەستۇرى» بويىچە گراماتىكىلىق تەرتىپتە رەتكە تۇرغۇزۇلغان شېئىرلارنى بىلىمىز. جۈملىدىن، ھەر خىل ئارۇز بەھرىلىرىنىڭ ئاھاڭدار ۋەزنىدە يېزىلغان يېڭىچە شېئىرلارنىمۇ بىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭدىن گراماتىكىلىق ئىزچىللىق ۋە رىتىمدار داپ ئۇرغۇلىرىنىڭ كېلىشىملىك تەكرارلىنىشىدىن باشقا سېھىرلىك شېئىرىي زوققا ئىگە بولالمايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋال بولۇپمۇ بۇ شېئىرلارنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرغاندا ياكى ئۆزگە تىل سىستېمىسىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندا كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ.

ئۇنداقتا شېئىرنى ھەرقانداق ھالەتتە شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان بەدىئىي ئالامەت نېمە؟

بۇ ھەقتە ھەقىقىي ئىزدىنىش ئۈچۈن سۆزنى شېئىرىيەتنىڭ «سەنئەت» كە، بولۇپمۇ «سۆز سەنئىتى» گە تەئەللۇق بەدىئىي ژانىر ئىكەنلىكىدىن باشلايلى.

مەلۇمكى، ھەممە سەنئەت ژانىرلىرى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. رەسسام، ھەيكەلتىراچ، چىنىكىچى تۈرلۈك ياغاچ، تاش، مېتال، گەج، رەڭ - بوياق قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ، ئۇلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. مۇزىكانت ھەر خىل مېتال، تېرە، ياغاچ ۋە قىلدىن ياسالغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇسسۇلچى تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ بەدەن ھەرىكىتى ۋە قىياپەتلىك ئىمىكلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن قىياسىي ھەرىكەت شەكىللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، مەلۇم ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىلا ئويلاشقا بولسا، ئۇنداق قىيىنالماستىن ئېغىزدىلا دەۋەتسە بولماسمىدى؟ ياق! ئۇ چاغدا بۇ سەنئەتلەر يوقالغان، مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن مەھرۇم بولغان بولاتتى. بىر چاغلاردا ئادەم توپلاپ ۋەز - تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دەسلەپ داقا - دۇمباق چېلىپ، بىردىن نومۇر كونسېرت قويۇلىدىغان. ھازىرمۇ «ئاخىرىدا كىنو» ياكى «سەنئەت نومۇرلىرى» بولىدۇ دېگەن تەكلىپنامىلەر بىلەن يىغىن تەشكىللەيدىغان ئادەت بارغۇ! سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋەز - تەشۋىقات ياكى يىغىن دوكلاتلىرىدىنمۇ* ئارتۇق ئەمەسقۇ؟!

بۇلاردىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، سەنئەت ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇ ئۆز خىز-

مىتنى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ باردى. ئۇ زامان، ماكان ۋە تەسەۋۋۇرچان قۇرۇلمىلار ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. [illegible]

ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق سەنئەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ ئۇل تېشى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس (ئىندىۋىدۇئال) ئىستېتىك ئىقتىدارى بولۇپ، تەربىيىۋى ئىقتىدار ئىستېتىك ئىقتىداردىن تۇغۇلغان، تارماقلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سەنئەت بىرقاتار ئەقلىيە سۆزلەر ياكى دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ پىرامىدىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

ئۇنداقتا، شېئىرىيەتنى ئاھاڭدار ۋە رەڭدار تىل ۋاستىسى ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدىغان سەنئەت ياكى بەدىئىي ژانىر دېسەك بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بىز شەرتلىك ئاساستا «ھەئە!» دېيىشىمىز مۇمكىن.

مەلۇمكى، ئىنسان تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ. بىز ئادەتتىكى تىل بىلەن شېئىرىيەت تەلەپ قىلىدىغان تىلنىڭ پەرقى ۋە چېگرىسىنى قانداق ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن؟ خېلىلا بىر قىسىم شېئىرلار، ھېلىقى دوستۇم ئېيتقاندەك، گراممانىكىلىق دۆم كۆمتۈرۈش بىلەنلا يېزىلىۋاتامدۇ؟ خېلىلا نەپىس، ئوخشىتىشلىق، ئاھاڭدار ۋە رەڭدار تىل ۋاستە قىلىنغان شېئىرلار كىشىنى شېئىردىن مەپتۇنلۇققا ئىگە قىلمايدىغۇ؟ قانداق قىلغاندا شېئىرىيەتنى گۈزەل تەسۋىرىي سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتلىرىدەك ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئۈستىگە قۇرغىلى، ئۇنى ئادەتتىكى نۇتۇقنىڭ تەرتىپلىك تىزىلمىسى ۋە ئۆزگەرتىلگەن ۋارىيانتلىق خەۋپىدىن قۇتقۇزغىلى بولىدۇ.

روشەنكى، شېئىرىي ئەسەر سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش كۆپ ئامىللىق، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. ئالەمدە زەررىدىن قۇياش سىستېمىسىغىچە ھەممە نەرسە قاتلاملىق قۇرۇلمىلىققا ئىگە. ئەمدىلىكتە بىرەر ھۆجەيرە ياكى بىرەر ئېلېمېنتلىق ئاتوم زەررىسىنىڭ خېلىلا مۇرەككەپ قاتلاملىق قۇرۇلما ئىكەنلىكى ئومۇمىي ساۋاتقا ئايلىنىپ قالدى. روھىيەتمۇ ئوخشاشلا كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، خاراكتېر ۋە پائالىيەتنىڭ روھىي قۇرۇلمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھازىرقى زامان پىسخولوگىيە نەتىجىلىرى ئىسپاتلىماقتا.

سىدنىي «خۇددى سۆزمەنلىك ئادۋوكاتلىقنىڭ شەرتى ھېسابلانمىغاندەك، شائىرلىق قابىلىيىتىنىڭ شېئىرىي مىسرالارنى يېزىپ چىقىش بىلەن ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئوبراز قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ شائىرنى چۈشىنىشتىكى ھەقىقىي ئۆلچەم» دېگەنىدى. ئەنگلىيە شائىرى ۋە سەنئەت نەزەرىيىچىسى توماس ئېلىئوت «سۇبيېكتنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭغا نىسبەت بولىدىغان نەرسىنى تېپىپ چىقىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شېئىرىي ئوبراز قۇرۇلمىسى دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندە نېمىنى دېيىش مەسىلىسىنى، ئاندىن، بەلكىم، قانداق دېيىش مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش؛ بايان قىلىنماقچى بولغان نەرسىنى، شۇ پېتى دېمەسلىك، قاپىيەلەشتۈرۈپلا قويماسلىق، تەسۋىرىي ئوخشىتىشلار بىلەنلا بېزەـ

دۇرۇپ قويماسلىق، بەلكى ئۇنى باشقا بىر ئېنىق قىزرۇلملىق ئوبرازغا يىغىنچاقلاش، شۇ ئارقىلىق «سۆزلەيدىغان رەسىم» دىن ئىبارەت «شېئىردىي مۇھىت» ۋە «لەرزىگە سالىدىغان تەسەۋۋۇر» دىن ئىبارەت «شېئىردىي تۇيغۇ» (ياكى «شېئىردىي مەنە») ھاسىل قىلىش.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، شائىر ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى گۈزەل ئىبارىلەر ۋە قايناق ھېسسىياتلار بىلەن ئىپادىلەشكە ئالدىرىماسلىقى، بەلكى ئۇنى شۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا «تەققاس» كېلىدىغان، «نىسبەت بولالايدىغان» ئوبرازلىق شېئىردىي قۇرۇلمىغا ھاۋالە قىلىشنى بىلىشى لازىم. مېنىڭچە، شېئىرىيەتنىڭ سىرى، شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي ئالامىتى ۋە قىممىتى ئەنە شۇنىڭدا. شائىر بۇ يەردە مۇشۇ ھاۋالە قىلىنىغان، نىسبەت بولالايدىغان ئوبرازلىق شېئىردىي قۇرۇلمىنىڭ كەينىدە خۇددى رەسسام، مۇزىكانت، تىياتىر ئارتىسى ئۆز شەخسىيىتىنى باشقا ۋاستە ۋە باشقا پېرسوناژلارنىڭ روللىرى بىلەن يوشۇرغاندەك ھالەتتە تۇرۇشى، ئۆز تىلىنى بۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىقى، سەكرەپ چۈشۈۋالماسلىقى كېرەك.

مىسال كەلتۈرەيلى:

سۈك سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىرە لى چىڭجاۋ ئېرى بىلەن «قوش جىلغا» دېگەن جايغا قېيىقتا چۈشۈپ كۆكلەم تاماشىسى قىلغىلى بارغاندا يۈەن (موڭغۇل) قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراپ تۇل قالغان. ئۇ قىرغىندا ھالاك بولغان ئېرىگە بولغان سېغىنىشىنى مۇنداق ئوبراز قۇرۇلمىسىغا ھاۋالە قىلىپ، شېئىردىي مۇھىت ۋە شېئىردىي مەنە ياراتقان:

«توختىدى ئۇچقۇر بوران، گۈل بەرگىلەر توزغان ھامان،
باستى كۆكۈم، چاچ تاراشقا يوق ئارام.
نەرسىلەر ئەينەن ۋە لېكىن ئۆزگىچە ئادەم، جاھان،
سۆزلىمەكتىن ئىلگىرى ياشىم تارام.
ئاڭلىسام، شىۋاڭجىدا كۆكلەم ھۆسنى بەك كۆركەم ئىكەن.
ئىستىدىم قېيىقتا ئۆزمەكنى داۋام.
قورقىمەن قوش جىلغىدا ئۈزگەن ئاشۇ چاققان قېيىق
دەردلىرىمنى سۆرىيەلمەيدۇ تامام.»

ئۆزبېك شائىرەسى زۇلپىيە ئېرى شائىر خەمىت ئالىمجان قەبرىسىگە گۈل كۆتۈرۈپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ كەلگەنلىكى ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ پاك سېغىنىشلىرىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:

«سېغىنغاندا ئىزلەپ بىر نىشان،
قەبرەڭ تامان ئالار ئىدىم يول،
كەلتۈرەتتىڭ ماڭا بىر زامان،
ئەمدى ھەر چاغ مەن سۇنارمەن گۈل.
......
بىز يىغلاشتۇق تۆپەڭدە شۇ كۈن،
كەلمىگىنۇ، دەپ كۆتۈرمىدىڭ باش.

«... ئېيتچۇ، سەن بىلەن بەختىيار چاغلار
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدە بىر ياش؟»

بىز بۇ شېئىرلاردا پۈتۈن ھېكايەتلىك ۋەقەلىك، شائىرانە پىكىر-ھېس، گرامماتىكىلىق سۆز تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىق شېئىردىي قۇرۇلمىغا بويسۇندۇرۇلغانلىقى ۋە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ھەربىر مۇستەقىل بىر پارچە گۈل، بىر پارچە نەپىس ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىدەك ئۆزىنىڭ تۇراقلىق قۇرۇلمىسىنى ھەرقانداق تىلغا تەرجىمە قىلىسىمۇ يوقاتمايدۇ. ئۇنىڭ كىشىدىكى تەسىرى قانداقتۇ ئابستراكت مەنە، ئاھاڭدار تىل ياكى بېيىت-كۇپلېت شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشلۈك ئوبراز قۇرۇلمىسى بىلەن ئېستېتىك زوقلىنىش خاتىرىسىگە كىرىپ كېلىدۇ.

دېمەك، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ نەپىس شەكلى بولغان شېئىرىيەت يېزىقچىلىقى (ئويمىكارلىقى، بىناكارلىقى، سىزمىچىلىقى) خېلىلا مۇشكۈل ئەقلىي ئەمگەك. ئادەتتە شېئىردىي ئىلھام دېگەندە مەن بىرەر يۈكسەك ياكى نەپىس پىكىر-ھېسسىياتنىڭ پارتلاپ چىقىشى ياكى قايناپ تېشىشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلمىنىڭ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ۋەكالەتچى، تەقلاس، ھاۋالە بولغۇچى قۇرۇلمىنىڭ شەكىللىنىشىنى نەزەردە تۇتىمەن.

## 5. شائىرنىڭ سۇبيېكت ئېڭى ۋە لىرىك قەھرىمان ھەققىدە

شېئىرىيىتىمىزدە ساقلانغان بىر قاتار مەسىلىلەر، مەسىلەن، شائىرنىڭ شېئىرىيەتكە مۇناسىۋىتى، شائىرلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، شېئىرىيەت بىلەن تەھرىر، كىتابخانا خادىملىرى، كىتابخان، شېئىرىيەت ئوبزورچىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار، جۈملىدىن[1]، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق، قوبۇل قىلىش، ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدىكى يېڭى تەرەققىياتىغا ئائىت ھالقىلىق مەسىلىلەر شائىرنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسى، پېرسونال قاتلاملىرى، بولۇپمۇ سۇبيېكت ئاڭ دەرىجىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ، شېئىرىيىتىمىزنى بوھرانغا سالىدىغانمۇ ياكى ئۇنى گۈللەنگەن مەنزىرىگە ئېرىشتۈرىدىغانمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى شائىرنىڭ مەنىۋى كامالىتى دېگەن سۆز. ئىساكوۋسكىي «پوئېزىيىنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرىدە كۆپلىگەن ئىجابىي مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىپ، شېئىرىيەتنىڭ سۈپىتىنى ۋە شائىرلىقنىڭ نوپۇزىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قاتار شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىغا كەسكىن ھالدا قەلەمنى تاشلاش، باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. مېنىڭچە، ئىساكوۋسكىي بۇ مەسىلىدە نوقۇل مۇتەخەسسىسلىك نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزگەن بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ پۈتكۈل جامائەتچىلىكنىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكىچە بولغان ئېستېتىك رېئاللىقىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئەگەر شائىرغا ئىلھام بېغىشلىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، شائىر، مۇھەررىر، كىتابخان ۋە ئوبزورچىنى بىر پۈتۈن شېئىرىيەت ئىنفورماتسىيىسىنىڭ بىر-بىرىگە تەقەززا ۋە بىر-بىرىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر پۈتۈن سىستېما ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە مۇقەددىمىسى قىلىدىغان بولساق، يۇقىرىقى قاراشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شېئىرىيەت گەرچە ئىزمۇم خەلق-

نى كەسپىي شائىر بولۇشقا دەۋەت قىلمىسىمۇ، ئۇ ئومۇم خەلقتە شېئىرىي ئاڭنىڭ، شېئىرىي تۇيغۇنىڭ، شېئىرىي زوقنىڭ دائىمىي ئۆسۈپ بېرىشىغا موھتاج. گەرچە ھەممە كىشى ئۇسسۇل ياكى تانسا چولپانلىرى بولمىسىمۇ، ئۇلاردا بۇ خىل ئۇنىۋېرسال مۇمكىنلىك ۋە بەدىئىي زوق بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەكس سادا جامائەتچىلىكى بولمايدىكەن، يازغۇچى ۋە سەنئەتچىنىڭ نە مۇتەخەسسىسلىكى، نە ئوپۇزىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. مەلۇم بولىدىكى، ھەرقانداق ساغلام روھىيەتتىكى كىشىدە شېئىرىيەتلىك قاتلام مەۋجۇت. مانا بۇ شېئىرىيەتنىڭ كەڭ ئەپكارى ئاساسى. تالانتلىق شائىرلار، كەسپىي شائىرلار تۇغۇلۇشتىن ئەمەس، بەلكى زوقلىنىشتىن، ھەۋەس قىلىشتىن، سۆيۈنۈشتىن شېئىرىيەت گۈلزارىغا كىرىپ كەلگەن. ئەگەر مەسىلىگە مۇنداق قارالمايدىكەن، كەسپىي يازغۇچى بولمىغان ئىمپېراتور چيەنلۇڭنىڭ چوڭ-كىچىك ئون تۆت مىڭ پارچە شېئىر يازغانلىقىنى، ھوقۇقشۇناس چايكوۋسكىينىڭ مەشھۇر مۇزىكا ئىجادچىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، تىبابەتشۇناس لۇشۈننىڭ يازغۇچى بولۇپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن.

سىدنى توغرا ئېيتىدۇ: شېئىر يېزىپ، شائىر ھېسابلانمىغان كىشىلەر بولغىنىدەك، شېئىر يازمىغان شائىرانە كىشىلەرمۇ مەۋجۇت. شېئىرىي ئاڭ، شېئىرىي ھېسسىيات دېگەن ئۇقۇم شائىر، بولۇپمۇ مۇقىملاشقان شائىر دېگەن ئۇقۇمدىن كۆپ كەڭ، جۈملىدىن، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ئاساسلانغان، ئۇنىڭدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا يۆلەنگەن بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىكى شېئىرىي توپلاملارنىڭ كەم خېرىدارلىقى ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن «شېئىرىيەت ئۈچ بۇرجىكى» (شائىر، تەھرىر، كىتابخان) ياكى «شېئىرىيەت بەش بۇرجىكى» (يەنە كىتابخانلار بىلەن ئوبزورچىلار) دىكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنى جامائەتچىلىك قەلبىدىكى شېئىرىيەتلىك قاتلامنىڭ نېپىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي ھالسىزلىق ياكى بېخىللىقتىن ئەمەس، تولاراق جامائەتچىلىككە سۇنۇلۇۋاتقان شېئىرىي مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ «غەيرىي شېئىرىي» لىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ شېئىرىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىنىڭ يېتەرلىك ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شېئىرىيەتنىڭ سۇبيېكت ھالقىسى شائىردىن ئىبارەت. شائىرنى شائىرلىق كامالىتىگە يەتكۈزىدىغان نەرسە ئۇنىڭ شائىرانە مەنىۋى قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۆرسى بولغان سۇبيېكت ئاڭدىن ئىبارەت. خەلقىمىزنىڭ «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن ماقالىنى بۇنىڭغا تەمسىل قىلىش مۇمكىن.

شېئىر — شائىر قەلبىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى، شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي ئوبرازلىق قۇرۇلمىغا ھاۋالە قىلىنغان ئەركىن، زامانىۋى سۇبيېكت ئاڭنىڭ كۆپ قاتلامدىن تۈزۈلگەن سىرتلاشقان شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل كۆپ قاتلام شېئىردا مەنە گۈزەللىكى، قۇرۇلما گۈزەللىكى، تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى قاتارلىقلاردىن مۇجەسسەملەشكەن بولسا، شائىردا شائىرنىڭ سۇبيېكت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئويغىنىش، زامانىۋى ئويغىنىش ۋە ھېسسىياتچان تەلپۈنۈش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش بالاغىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شائىرنىڭ سۇبيېكت ئېڭى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ۋە بەدىئىي ئىپادىلىشىدىكى ئۆز-ئۆزىگە ئىگە، ئەركىن تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى، كۆزىتىش ۋە باھاسى، قىزىقىش ۋە پائالىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدا گەۋدىلىنىدۇ. قۇللۇقتا ئادەتلەنگەن، ئەقىدىچىلىككە ئادەتلەنگەن، قاتمال تەپەككۇر قېلىپلىرىغا ئادەتلەنگەن سۇبيېكتتىن ھەقىقىي شائىرانە قەلب مەيدانىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى ئۆز-ئۆزىگە ئىگە، ئەركىن سۇبيېكت رېئال بېسىمغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ياكى ئەكسىچە ئەركىن ئىپادىلەش مۇھىتىغا ئىگە بولغان ئەھۋالدا گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىي مىسرالارنى يارىتىشى مۇمكىن.

ئەركىنلىك بىلەن سۇبيېكت ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ قەدىمكى رىم ئېستېتىكى لونگىنوس: «دېموكراتىيە — تالانتنىڭ سۈت ئانىسى» دېسە، ھازىرقى زامان روھىيەت ئانالىزچىسى ئېرىخ فىردوم «ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك قىممىتى سانالغان سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رېئال بېسىمغا ئۇچرىغاندا ياكى ئىجادىيەت بىلەن بۆسۈپ چىقىشقا ئېلىپ باردۇ، ياكى تۇتقۇنلۇقتا روھىي كېسەللىككە ئېلىپ باردۇ» دېگەنىدى. كارل ماركس: «ئىنسانلىقنى مەنىستىمەسلىك ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ پرىنسىپىدىن ئىبارەت» دەپ تولىمۇ مەنىلىك ئىخچاملىغان.

مېنىڭچە، شائىرنىڭ ئەركىن، ئۆز-ئۆزىگە ئىگە، ئىنسانىي سۇبيېكت ئېڭىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېيىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ھەقىقىي ماھىيەتلىك چىنلىققا ئاساسلانغان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى، خەلقپەرۋەرلىكنى مەقسەت قىلغان بولۇشى لازىم.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئىجتىمائىي چىنلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسان ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش تەقدىرىنى مەركەز قىلغان. ئىنساندىن ئايرىلىپ ئىجتىمائىي چىنلىق توغرىسىدا ھەقىقىي پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق چۈشەنچىسىنى نوقۇل تەبىئەت تەقلىدچىلىكى تەسۋىرى ياكى نوقۇل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ناتۇرالىزمىدىن پەرقلەندۈرىدىغان سىز بۆلگۈچ — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ سۇبيېكتىدە ئەكس ئەتكەن ئىنسان تەقدىرىنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئىنسانشۇناسلىقنىڭ بەدىئىي شەكلىگە تەئەللۇق. ئىنسان — ئوبيېكت؛ ئىنسان — سۇبيېكت؛ ئىنسان — مەقسەت؛ ئىنسان — ئىجتىمائىي كۈچ-قۇۋۋەت؛ ئىنسان — ئىجتىمائىي ماددىي تەرەققىياتنىڭ، پەلسەپە، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى، ئاساسىي مەقسىتى ۋە قوشۇلۇش تۈگۈنى ھېسابلىنىشى كېرەك. ھازىرقى زامان خاراكتېر (پېرسونال) پسىخولوگىيىسى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاكىممۇتلەق ياكى گۇمانىزملىق روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، تارىخىي تۆھپە ياكى قىلمىشلىرى، باھالىنىش تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان سۇبيېكتىپ تەسىرى ئۈستىدە ئۆلگىلىك تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، بۇ مەسىلىنى بىرقەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويدى. خەلقتىن ئايرىلغان چىنلىق، ياسالما تۇستىكى ئاتالمىش «ئىككىنچى رېئاللىق» كىتابخاندا ھەقىقىي ئېستېتىك ھېسسىيات قوزغىشى مۇمكىن ئەمەس. بېلىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر شائىر، مەيلى ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ياكى قايغۇ-ھەسرىتىنى تەسۋىرلىسۇن،

ئۇ ئۆزىگە يۆلىنىپ، ئۆزىنى تەسۋىرلەشكە يۈلىنىپ، ئۇلۇغۋارلىقنى ئىپادىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئۇلۇغ شائىردىكى ئۇلۇغۋارلىق شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ سائادىتى ياكى ھەسرىتى جەمئىيەت بىلەن تارىخنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغا يىلتىز يايغان بولىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ، زاماننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، شۇنىڭدەك ۋەكىلىدىن ئىبارەت.»

ئىككىنچى، شائىر ئويغانغان مىللىي ئاڭغا، ئويغانغان زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بولغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالدىنقى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنى زامانغا مۇناسىپ تاكامۇللاشتۇرۇشقا يول باشلىيالايدىغان بولۇشى لازىم. شائىر مىللەتنىڭ شۇنداق پەرزەنتى، ۋەكىلى بولۇشى ھاجەتكى، خەلق ئۆز شائىرىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تارىخىي ئەنئەنىسىنى دۆرۈپلا قالماستىن، يەنە كەلگۈسىگە بولغان مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئاڭ - پىكىر قاتلاملىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى ھېس قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئىستىدات تەتقىقاتچىلىرى تالانت ۋە ئىستىدات ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنى «تاسادىپ ئامەت» دېيىشتىن كۆرە، تىپىك ئارىلاشما (سىنكرىتىك) مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئۈلگىلىك ئارىلاشما مەدەنىيەت ۋە بىلىم قاتلىمى ئاساسىدا ئىزاھلاشقا يۈزلەندى. بۇ، شائىرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىگە، ئەركىن ۋە زامانغا لايىق سۇبيېكت ئاڭغا ئىگە بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى نۇقتا شائىردىكى سۇبيېكت ئەركىنلىكىنىڭ زامان مۇقەررەرلىكلىرى بىلەن بولغان پائال مۇناسىۋىتى ئاساسىدا، شائىر سۇبيېكتىنىڭ راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئوبيېكت بىلەن بولغان كارمۇنىك مۇناسىۋىتى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم. لىرىك قەھرىمان دەل مۇشۇنداق سۇبيېكت ئاڭنى گەۋدىلەندۈرگەن «چوڭ مەن» (ئەيچىلىك) دىن، خەلقنىڭ ۋەكالەتچىسىدىن ئىبارەت، مېنىڭچە، لىرىك قەھرىماننىڭ كۈلۈشى، يىغلىشى، ھودۇقۇشى، تېگىرقىشى، سۈكۈناتتا تۇرۇشى، پىچىرلىشى، خىتاب قىلىشى، مۇھەببەت ئىپادىلىشى... تامامەن مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ كونكرېت ھېسسىياتلىرى خەلق ئىبارىسىنى ئابستراكت لۇغەتلىك قىممىتىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى رەڭمۇرەڭ، زىددىيەتچان، جانلىق رېئاللىقنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت قىممەتكە ئىگە قىلىشقا مەنپەئەتلىك.

شائىر ئۆز پائالىيەتلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە يەتكۈزۈشتە تەھرىر، تەرجىمان، كىتابخانا خادىملىرى ۋە شېئىرىيەت ئەنزارچىلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج. ئۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە كىتابخانلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىق بىر قىسمى دېيىش مۇمكىن.

مېنىڭچە، شائىر بىلەن تەھرىر مۇناسىۋىتىدە، شائىر ئىمكان قەدەر ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە يېتەرلىك ئىشلىشى، لازىم تېپىلغاندا قايتا ئىشلىشى، تەھرىرگە كەسپىي ۋە ئەدەبىي جەھەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك تەھرىرمۇ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى پىكىر - ھېسسىيات ئالاھىدىلىكى، ئوبراز قۇرۇلمىسى، شېئىردىي ئېقىم ۋە ئۇسلۇبلىرىدىكى خاسلىققا ھۆرمەت قىلىشى، يول قويۇشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قېلىپلىرىغا ياكى ھەممىگە كۆنۈك بولغان بىر ياكى بىرقانچە خىل شېئىرىيەت قېلىپلىرىغا سېلىشقا ئۇرۇنماسلىقى: شېئىرىيەت تۈرلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۇنى سىياسىيغا

يېقىنلىقىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزماسلىقى؛ ئۇچۇق-ئاخبارات خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردىن ياشقىلىرىغا گۇمان ياكى چۆچۈش بىلەن قارىماي، بەدىئىي يېڭىلىقنى قوللىغىنى مۇۋاپىق.

كىتابخان ۋە كىتابخانلاردىكى خادىملارنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى كونا مەزمۇن ۋە كونا مۇقاملارنىڭ تەكرارلىنىۋەرگەنلىكى، خەلقنىڭ شېئىردىي ئەسەردىن ئۆز ئېپادىلىرىنى ئۇچرىتالمىغانلىقى ياكى بۇ شېئىرلارنىڭ رېئاللىقتىن، خەلقنىڭ ھالىدىن ھالقىغان، خەلقنىڭ ئېستېتىك «ئۇسسۇزلۇقىنى قانائەتلەندۈرمىگەن»لىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ ھال بىر قاتار ياخشى شېئىردىي ئەسەرلەرگىمۇ ئەللىق بولمىغان مۇئامىلە پەيدا قىلغان. مېنىڭچە، نۆۋەتتە تاللانغان، ياخشى شېئىر توپلاملىرى، نۇرغۇن شېئىرلار، مۇھەببەت لىرىكىلىرى توپلاملىرى ياكى ئالماناخلىرىدىن نەشىر قىلىپ. بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

شېئىرىيەت ئۇبزورچىلىقى ھېلىمۇ ئاجىز ھالقا. بۇ شېئىرىيەت گۈلزارىمىزنىڭ باغۋەنسىز «ستېخىيىلىك» ھالەتتىن قۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرغىچە شېئىرىيەت ئۇبزورچىلىقىغا ئائىت قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن تولىمۇ كەملىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. شېئىرىيەت (شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىيات) ئۇبزورچىلىقىنىڭ سېپىنى كېڭەيتىش، ئورنىنى كۆتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تۈچۈر ۋە پائالىيەت شەرت-شارائىتلىرىنى ياخشىلاش، قارشى ئۇبزورچىلىق ۋە قايتا ئۇبزورچىلىققا يول قويۇش قاتارلىق جەھەتلەر ئەمەلىي. كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىدىغان بولسا، ئۇبزورچىلىقىمىزدا ساغلام، سەۋىيىلىك، جانلىق يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش تامامەن مۇمكىن.

6. خاتىمە. مىللىي، سوتسىيالىستىك، زامانىۋى يېڭى شېئىرىيەت
بەرپا قىلىش مەسىلىسى

ناۋائى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە: «ناۋا سازىنى دەۋران مۇترىبى بەزمىدە چالغاي» (ھەر دەۋرنىڭ سازەندىسى ئۆز دەۋرىنىڭ بەزمىسىگە لايىق ناۋا چالىدۇ) دېگەنىدى.

ھازىر پۈتۈن ئېلىمىزدە كەڭ قانات يېيىۋاتقان ئىسلاھات ئۆركىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە ئۇنى قانداق ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاش ھەققىدىكى پاراڭ ۋە مۇھاكىمىلەر قىزغىن داۋام قىلماقتا.

بەزىلەر چەت ئەلنىڭ شېئىرىيەت شەكىللىرىنى ۋە شېئىردىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەكىتلەشسە، بەزىلەر يەنىلا ئەنئەنىۋى شېئىردىي شەكىللەر ۋە شېئىردىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىشىدۇ. بەزىلەر شېئىرىيەت كەلگۈسىدىكى كىشىلەرگە ئاتاپ يېزىلىدۇ، دېسە، بەزىلەر ھازىرقى كەڭ جامائەتكە ئاسان چۈشىنىشلىك ساددا تىلدا يېزىلىشى كېرەك، دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ھەتتا قاپىيە چەكلىمىلىرىنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتكەن، دېسە، بەزىلەر قاپىيە بولمىسا شېئىر بولمايدۇ، دېيىشىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىنىشى مۇمكىن. مەن بۇ ھەقتە مۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن:

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى ھەممە نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلمىغان ھالدا، شۇ نەتىجىلەر ئاساسىدا ئۆز تەرەققىياتى ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا جاۋابەن يېڭى تۈسكە، يېڭى ھاياتىي كۈچكە، يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىشى لازىم. بۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەررەرلىك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەممە ساھەسىدە ئىسلاھاتنىڭ بولىدىغانلىقى، ھەتتا بولۇۋاتقانلىقى گۇمانسىز.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، ئالدى بىلەن، يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسى ئاساسىدىكى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن ئۆزىنىڭ زور دەرىجىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۇتۇقلىرى بىلەن پەرقلەنگەن يېڭى ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتى بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى، ھەتتا يېقىنقى تېماتىك مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، بەدىئىي شەكلى. ئۇسلۇب - ئېقىملىرىغا نىسبەتەن كەڭلىك، يۈكسەكلىك، تىرەنلىك ۋە كۆپ خىللىق جەھەتتە مىسلىسىز ئۈستۈن بولغان يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيەت قاتلىمى، يېڭى روھىيەت قاتلىمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئېستېتىك كەيپىياتى بىلەن قوراللانغان، جانلاندۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ شېئىرىيەت XXI ئەسىرگە يۈزلەنگەن يىللارنىڭ، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش يۈز بېرىۋاتقان يىللارنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ۋە مەنىۋى قاتلاملىرىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىۋاتقان يىللارنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتى بۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ يەنىلا ئىككى زور ئېقىم بويىچە، يەنى دۇنياغا يۈزلەنگەن (ياكى دۇنياۋى) مەدەنىيەت ئېقىمى بىلەن يەرلىك مىللىي، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئېقىمى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. دۇنياۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت بىر - بىرىگە تەقەززا بولۇش، بىر - بىرىدىن ئوزۇقلىنىش، بىللە رەڭدار گۈللىنىش ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى مۇمكىن. بۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت ۋە پارلاق ھەقىقەت. مۇنداق راۋاجلىنىش دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭمۇ بوغۇنلىرىنى، قاتلاملىرىنى يېڭىلايدۇ، بېيىتىدۇ، يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «ئارۇز» ۋەزنى ساقلىنىدۇ، يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ يېقىنقى يىللاردا ئايرىم ھاللاردا دۇچار بولغان چاكىنا «داپ تاراڭلىتىش» ئىللەتلىرىدىن، نوقۇل شەكىلۋازلىق تەرزىدىكى «غەزەلگە مۇخەممەس ياساش» ھالىتىدىن «يېڭى مەنىدارلىق»، «يۇقىرى قاتلام مەنىدارلىق»، ئوبرازلىق قۇرۇلما، ماجازى ۋاستە ۋە بەدىئىي ھۆزۈر جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. «بارماق» ۋەزنى ئۆزىنىڭ چەكلىك بوغۇم - مىسرالىرىنىڭ خېلىلا سالمىقىنى ئىگىلىۋالىدىغان نەسرىي گراماتىكىچىلىق توساقلىرىنى بۆسۈپ پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى ۋە سەنئەتچانلىقى ئارقىلىق تېخى-

بەڭگىللەپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بىر تارمىقىغا ئايلىنىدۇ. ئەركىن قاپىيىلىك، قاپىيىسىز (مەسىلەن، گۇللىئائوم ئاپوللىنارىنىڭ سترولۇق شېئىرىي شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان) «لىرىك نەسىر» دەپ ئاتىلىدىغان شېئىر شەكىللىرىدىمۇ نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بىز تېخى تەسەۋۋۇر قىلمىغان، ئەمما ئۇيغۇر مەنىۋى مۇھىتىغا ماس كېلىپ يىلتىز تارتىدىغان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىدا نوقۇل ئۆتمۈشتىكى «مىراسلار» سۆزلىنىدىغان، رېئال بەدىئىي هايات ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر رەسمىي دەرس، تاللانما ياكى تېماتىك دەرس قىلىنمايدىغان «ئارخىئىزملىق» مېتودىكا زور بۆسۈشلەرگە ئۇچرىشى، خەلقىمىزنىڭ هاياتىي شېئىرىي نەپەس ۋە يۈرەك سوقۇشلىرى تەتقىقات ۋە دەرس مۇنبەرلىرىگە چىقىشى مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش هاجەتكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى دەۋرگە نامايەندىلىك قىلىدىغان تۈپ نەرسە شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىن ۋە شەكىللىرىدىن كۆرە مۇھىمى تېماتىك پىكىر ۋە شائىرنىڭ سۇبيېكت ئېڭىدىن تەشكىل تاپقان يېڭى مەزمۇندىن ئىبارەت. يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى تار رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ، بارغانسېرى كۆپەيتىۋاتقان تېمىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى، تۇرمۇش، ئاڭ، هېسسىيات، ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ هەم يۈكسەك، هە نازۇك، هەم ماكرو هەم مىكرو تەرەپلىرىگە، ئۆتمۈشتىكى قاتماللىق تەسىرىدە غەلىتە كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىنسان سۇبيېكتىدە، ئىنسان تۇرمۇشىدا دائىمىي ئۇچراپ تۇرىدىغان تەرەپلەرگە قاراپ ئېچىلىشى مۇمكىن. كارل ماركس: «ئىنسانىيەت تارىخى ئىنساننىڭ ئۆز ئۆزىنى ئىزدەش تارىخى» دېگەنىدى. شېئىرىيىتىمىز مۇشۇ ئىزدىنىش تارىخىدىن چەتتە تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. يېڭى شېئىرىيەت ئۆز تېماتىكىسىنىڭ كەڭ، رەڭگارەڭ بولۇشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى «ئالەمشۇمۇل تارىخىي پىكىر» يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرانە جىلۋىلىنىشى بىلەنمۇ ئۆز سۈپەتلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. ئىنسانىيەت بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئۆز ئىشىنى تەكرارلايدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي باشقا تارىخىي قاتلامدا، باشقا مەنىۋى يۈكسەكلىكتە تەكرارلايدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش هاجەتكى، ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخ، جۈملىدىن، مەنىۋى تۇرمۇش تارىخى هادىسىلەردىن خالىي ئەمەس. تەرەققىيات ئۇتوپىك پىكىر نامايەندىلىرى سۈرەتلىگەندەك ئۇنداق تۈز سىزىق ۋە بىرخىل تەكشىلىكتە داۋام قىلمايدۇ. شائىر ۋە ئەدەبىيات ئەنزارچىلىرىمىز يىراقنى كۆرۈشى، ئۆتكەنكى ئەسەبىيلىك، سولچىللىق، يالغان-ياۋىداقلىق، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە ئۆز ئىجادىيىتى تارىخىغا داغ چۈشۈرۈشتىن ساقلىنىشى، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلىۋالالىشى لازىم. بۇ ئەدەبىياتىمىز خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە شائىرلارنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈنمۇ مەنپەئەتلىك.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى تارىخىي تېمىلارنى هازىرقى زامان پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ماهارىتى بىلەن تەسۋىرلەشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆز تارىخى سىستېمىلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي مەھسۇلات هالىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئىنسان گۇرۇھى ئۈچۈن تارىخىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئاق قالدۇرۇپ

كەتكىلى بولمايدىغان ساھە. ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئاڭ ئۆز-ئۆزىنى تولۇق ۋە توغرا بىلىشنى ئۇل — تىرەك قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆز-گىرىشلەرگە ماسلاشقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ دەرىجىدە يول ئاچقان مۇساپىدە تۇرۇپ، مىللىتىمىز تارىخىدا شەكىللىنىپ قالغان، ئادەت كۈچلىرىمىزدە ئۆزىنىڭ پاسسىپ ۋە جاھىل-لىقىنى ئىپادىلىگەن مەنىۋى ئىللەتلەرنى تازىلاپ، مىللەتنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۇچۇق-ئازادىلىكى ھەم ساغلام تەلپۈنۈشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشى لازىم. مىللەت ئۇچۇن نوغما يالداما ھېسابلانمىغان بۇ تارىخ داتلىرىنى تازىلاش، ئالدى بىلەن تازىلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىن باشلانغىنى تۈزۈك.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى خەلقىمىزنىڭ سادىق دوستى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش مەسلى-ھەتچىسى بولۇشى لازىم. بۇ يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ يەنىلا «خەلقتىن كېلىپ، خەلققە قايتىشى» نى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىردى ئەسەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق پىكىر قىممىتى ۋە بەدى-ئىي قىممىتى بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى، ئەمما بۇ قاتلاملارنىڭ ئاساسلىق قىسمى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدا دېيىلمەكچى بولغان ئاساسىي مەنە قاتلىمى چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. كىتابخان مەيلى ئۆز تەپەككۇرى بىلەن ياكى بىرەر «لۇغەت» نىڭ ئىزاھلىشىغا مۇراجى-ئەت قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يۇقىرى سە-ۋىيىسىدە داۋاملىق جۇلا قىلىپ تۇرىدىغان پوتېنسىيال (يوشۇرۇن) قاتلاملىرىمۇ ھازىرقى سەۋىيىمىزگە چۈشەنچە بېغىشلايدىغان رېئال قاتلاملىرىغا زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا ئۇ «ئۇچار تەخسە» دىن ئۇچۇپ چۈشكەن مۆجىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، ئۇنى دەۋرىمىز كىتابخانلىرى چۈشىنەلمەيدۇ. كەلگۈسى كىشىلەر ئۇچۇن «ئامەت خەزىنىسى» گە ئۈيۈلىدىغان ئەسەرلەرگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، زوقلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمى ھېسابلىمايدۇ. ئۇ دەۋرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس «مۇتەرەپ» (سازەندە) ۋە شائىرلىرى بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى «زورلۇق» بىلەن روزا نوتۇپ تۇرۇشلىرى مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلاھاتقا، گۈللىنىشكە يۈزلىنىۋاتقان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارى-تىلغان بەزى قاراشلىرىم ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

ھەتسابدى مەتقاسىم

# ياشلىق ئابىدىلىرى

## بۇ دۇنيا گۈزەلدۇر ئادەملەر بىلەن

بۇ دۇنيا گۈزەلدۇر ئادەملەر بىلەن،
ھەرقانداق بىر كۆڭۈل ئۆزگە بىر دۇنيا.
كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە ياغىدۇ شەپقەت
ۋە بەزەن ئۈن ـ تىنسىز ئېتىلار ئوقيا.

مىسىردا قەد كەرگەن سىرلىق ئېھرامدىن،
مىڭ ھەسسە مۇرەككەپ ئىنساننىڭ روھى.
ئاھ، پەقەت بېرەدۇ بىزگە ئىزاھات
كۆزلەرنىڭ سېھىرلەپ چاچقان ئوت ـ نۇرى.

ئىنسانلار ئۆلسىمۇ ئۆلمەيدۇ روھى،
ئۇ كەڭرى بوشلۇقتا قاقىدۇ قانات.
يازالسام ھەقىقىي ئىنسان روھىنى،
ياشايتتى شېئىرىم مەڭگۈگە ھايات.

## سوزۇلۇپ بارماقتا ئەنە ئۇپۇقۇم

ساددا ئاڭ تۇيغۇنىڭ قاناتلىرىدا
ئەجدادىم ئايدىمۇ بولغانتى مېھمان.
دەريادەك شارقىراپ ئۆتتى ئەسىرلەر،
ھە، بۈگۈن چىقتىمۇ شۇ ئايغا ئىنسان.

خىرە بىر مەنزىرە رىۋايەتلەردە،
كۆمۈلگەن ئۇنىڭغا مىڭلىغان خىيال.
ئۆركىگەن جەرەندەك ھەيران قالىمەن،
ۋاھ، بۈگۈن بەزىسى بولغاندا رېئال.

ئەي دوستۇم، سەن بۇنى رومانتىك دېمە،
سوزۇلۇپ بارماقتا ئەنە ئۇپۇقۇم.
نۇر چۈشەپ ئۆگدىگەن چوڭقۇر جىلغىلار،
نۇرلارغا چۆمۈلەر كەلگۈسى چوققۇم.

## مەن ئېيتىمەن ھېسسىياتلىق ناخشىلار

مەن تۇغۇلدۇم يەر شارىدا، چوڭ بولدۇم،
ھەم ئاتالدىم ئەقلى ـ ھوشى بار ئادەم.
يۈرىكىمنى كۆمۈپ سېھرىي ھېسلارغا،
بۆشۈك بولۇپ ئەللەيلىدى بۇ ئالەم.

ئوغۇزخاندەك ئېمىپ ئوغۇز سۈتىنى،
ئاھ، يېتىلدى مەندە يېڭى بىر خۇلق.
كۆكلەم كۆچۈپ كەلگەن كەبى قەلبىمگە،
بىخ ياردى ئۇ شۇنچە پاخلان ۋە تولۇق.

مەن ئېيتىمەن ھېسسىياتلىق ناخشىلار،
ئۆچۈپ يۈرەر شۇ ناخشامدا سۆيگۈ ھەم.
گۈلگۈن رەڭلىك پاك قەترىلەر تۆكۈلەر،
ياڭرىغاندا ئاشۇ ناخشام سۆبھىدەم.

قەھرىم كېلىپ بۇلۇتلاردەك يىغلىسام،
مۇزىكىسدەك بەك يېقىملىق كۈلمەن.
كۆڭگىا ئەمەس مۇھەببەت ۋە نەپرىتىم،
ئۆلسەم ئەگەر مۇھەببەتتە ئۆلمەن.

ئارزۇلىرىم ئۇچار ئەركىن قۇشلاردەك،
ھەم يۇلتۇزدەك ئۆزۈپ بارار بوشلۇقتا.
ياش يۈرىكىم جىلغىلاردا قالغاندا،
ئۇ ياندۇ ئوتقاش بولۇپ ئۇپۇقتا.

چۆللەردىكى نۇرغا قانغان يۇلغۇندەك،
ئارزۇلىرىم كۆكلەپ بارار، تاۋلىنار.
گۈلسىز بۇلبۇل يىغلىغاندەك مۇڭلىنىپ،
گەر ئايرىلسام ئۇندىن كۆزۈم ياشلىنار.

گەر ئىنسانىي تەبىئىتىم بۇزۇلسا،
دوزاخ بولۇپ تۇيۇلىدۇ بۇ ئالەم.
چىن ئىنسانىي تەبىئىتىم - خىسلىتىم
تۇغالايدۇ قىلىپ مېنى بىر ئادەم.

## قولۋاق

دولقۇنلۇق دېڭىزغا كىردى بىر قولۋاق،
ئۈزدىتىپ قويمىدى ئۇنى ھېچ ئىنسان.
خىيالچان شائىرنىڭ ئارزۇلىرىدەك،
بۇ دېڭىز شۇنچىلىك چەكسىز - بىپايان.

بارار ئۇ ئۇپۇقتىن - ئۇپۇققا قاراپ،
تەۋرىشى دېڭىزدەك دولقۇنلۇق، ئويناق.
كۆرۈنمەس ئەتراپتا بىرەر سىردىشى،
مۇڭلىنىپ چايقىلار پەقەت شۇ قولۋاق.

## مېنىڭ ئابىدەم

تۇرىدۇ چوقچىيىپ ئۇرخۇن بويىدا،
ئەجدادىم قالدۇرۇپ كەتكەن ئابىدە.
يىللارغا سىردىشىپ كەلدى ئۆزۈندىن،
تارىخ بورانلىرى قىلسىمۇ زىدە.

ئۇ شۇنچە ھەيۋەتلىك، شۇنچىلىك سۈرلۈك،
ئەقلىمنىڭ كۆزىنى قىلىپ كەلدى لال.
دەريانىڭ شاۋقۇنلۇق ئەللەيلىرىدە،
تۇمانغا پۈركىنىپ ياتتى بىمالال.

ئەجدادلار قالدۇرغان ئاشۇ ئابىدە،
بىر ئۆزۈن تارىختا بولماقتا گۇۋا.
روھىمنىڭ بىپايان بوشلۇقلىرىدا،
ئابىدە ھەققىدە بار مۇنداق سادا:

ئىپتىخارلانسام ھەق خەلقىم بىلەن مەن،
مۇھەببەت - سۆيگۈم ئوت، قايناق ئەقىدەم.
قەد كېرىپ تۇرغان شۇ ئابىدە كەبى
بارغانچە يۈكسەلەر غايەم — ئىرادەم!

## دەريا قەسىدىسى

بۇ شۇنداق سۇپسۈزۈك بىر ئەزىم دەريا،
ئەسىر ۋە ئىراغا كەلدى سىردىشىپ.
ئۆتتى ھەم تالايلاپ جىرا - ئۆتەڭدىن،
بىر گۈزەل ساھىلغا ھارماي تىرمىشىپ.

ئۆزىنى كۆلدۈرگەن قىزغۇچ چۆللۈككە،
بۇ دەريا ئەزەلدىن غالىب - ھۆكۈمران.
يۇلتۇزلار يۇيۇنسا دولقۇنلىرىدا،
چايكىلار ئۈستىدە سالىدۇ چۇقان.

بۇژغۇنلار ئۈستىدە نېپىز تۇتەكلەر،
گىرىمسەن پەردىدەك كۆرۈنەر قېنىق.
شىددەتلىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلگەن - چاغ،
ئاھ، ئۇنىڭ كۆپۈكتەك تۈگمىشى ئېنىق.

قۇرۇسا دەريالار تويانىدىن كېيىن،
بۇ دەريا كەتمىدى پەسىيىپ - چۆكۈپ.
كۆچىسىمۇ قانچىلاپ قۇم بارخانلىرى،
بۇ دەريا تويىغا كەتمەس كۆمۈلۈپ.

بۇ شۇنداق دولقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا،
سۇلىرى ئەيىدكتىن سۈزۈك ۋە ئەلۋەك.
بۆشۈدكە بۆلەنگەن بوۋاققا ئوخشاش.
تىپىرلاپ ھېچ تىنماي ئاتىدۇ تىپچەك.

## ئۈنچە ۋە چۆل

كۈمۈش ئېقىن ئاقار ئوخچۈپ - ئويناقلاپ،
توسۇن تايدەك شۇنچە ئەركىن - بىمالال.
ئەتراپىدا يۈرەر تالاي شائىرلار
بىر - بىرىگە ئۈنچە چېچىپ زىيپ خۇشال.

بىر - بىرىگە ئۈنچە چاچار شائىرلار،
بۇ ئويۇندىن ئېچىلمىدى ھېچ كۆڭۈل.
چۈنكى ئاشۇ شوخ دەريانىڭ بويىدا
ئۈنچە چۈشەپ ياتار ئىدى قاقاس چۆل.

## چەمبەردكلەر

قۇمۇش كىرپىكلىك يېشىل بىر كۆلگە
ئالما چۈشتى پىرقىراپ لەرزان.
چەمبىرەكلەر ئويغىنىپ بىردىن،
سۇ يۈزىدە چېچىلدى ھەريان.

ئالما چۈشتى پىرقىراپ لەرزان،
چەمبىرەكلەر ئايلىنار ھەردەم.
دولقۇنلاردا قالدى ئۇ لەيلەپ،
مەن قارايمەن ئويلىنىپ شۇدەم.

ئىنسان گويا شۇنداق بىر ئالما،
چەمبىرەكلەر ئۇنىڭغا ھەمرا.

## تۇنجى مۇھەببەت

بىز تونۇشتۇق ياغمۇر يېغىپ تۇرغان كەچ
كۆزلىرىڭدە قالدى سۈزۈك تامچە ياش.
شوخ ئاۋازىڭ گويا لېرىك مۇزىكا،
ئاق پاختىدەك يۇمشاق ئىدىڭ ھەم يۇۋاش.

خىيالىمىز كەتتى تامام چىرمىشىپ،
بولدى گۇۋاھ كۆكتە يۇلتۇز جىمىرلاپ.
«مەڭگۈلۈك» دەپ بەرگەن شېرىن جاۋابىنى،
ئارخىپىڭغا يازدى شامال شىۋىرلاپ.

بولدۇڭ شۇندا مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم،
ئاھ، نەقەدەر ئۇلۇغ تۇنجى مۇھەببەت!
كۆرۈۋالغىن پاك سۆيگۈمنى دېڭىزدىن،
دولقۇنلىرى سىزنىڭ ئۈنىڭ تا ئەبەت.

ئىبراھىم قۇربان

## تاغلارغا مۇراجىئەت

قەددىڭلارنى بېرىڭلار، تاغلار ماڭا،
ۋەسلىڭلارنى بېرىڭلار، تاغلار ماڭا.
ئاستىمدا كان، كۆكسۈمدە تۇرسۇن قۇياش.
قەدرىڭلارنى بېرىڭلار، تاغلار ماڭا.

كۆچۈرۈلسۇن بۇلاققا ئىلھاملىرىم،
ھاسىل قىلسۇن دەرياني ئارمانلىرىم.
غۇرۇرۇمنى كىمدە - كىم مەنسىتمىسە،
قەھرى بىلەن ئېتىلسۇن ۋولقانلىرىم.

تارىخ بولۇپ پۈتۈلسۇن جىسمىم مېنىڭ،
كائىناتقا چېچىلسۇن رىسقىم مېنىڭ.

| بەت | قۇر ي | قۇر ت | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 20 | 17 | | ئەھىدىلىكى | ئالاھىدىلىكى |
| 32 | 7 | | سەۋەبىنى | سەۋىيىسىنى |
| 35 | | 13 | ھەممىنىڭ | ھەممە ئېقىملارنىڭ |
| 41 | | 6 | تىيەكچى | يېتەكچى |
| 45 | 10 | | باشتىكى | كەسكەن |
| 45 | 10 | | ئارىدىكى | ئارا |
| 47 | 17 | | باستىغان | باتىسىغان |
| 49 | 14 | | ساپالغا ئىشلەنگون | ساپالدا ئىشلەنگەن |
| 49 | 12 | | رايۇننى | رايوننىڭ يولىنى |
| 53 | 10،9 | | گۈدپا | گۈپتا |
| 56 | 2 | | ۋون لىكۆك | ۋون لىكوك |
| 59 | | 17 | بىر مەنىلىك | بىر مەنبەلىك |
| 59 | | 6 | چىققاندا | چالغاندا چىققان |
| 67 | 10 | | «بابۇرنامە» دە؛ | «بابۇرنامە» دە مەلۇمات بېرىلگەن. |
| 69 | - | 14 | 1510 — | 1520 — |
| 78 | 14 | | «قاناتاك» | «قاناقاك» |
| 91 | 9 | | كىتابىمۇ | كىتابىدىمۇ |
| 102 | | 5 | قۇلۇمبىر | خۇلۇمبىر |
| 131 | 16 | | دائىم | دائىر |
| 48 | | 11 | ئۇستىغان سۆگەكلىرى | سۆگەكلىرى |
| 68 | 12 | | ئېچىش | ئېچىشى |
| 69 | | 8 | غەزنە | خەزنە |
| 86 | 12 | | قاپىينىشتە | قاپىيىلىنىشتە |

www.uyghurkitap.com

**بېشىم كۆكنى ئەبەدى تىرەپ تۇرسۇن،**
**يۇلتۇزلارغا يېزىلسۇن ئىسمىم مېنىڭ.**

خىسلەتنىمۇ بېرىدىغلار، تاغلار ماڭا،
قۇدرەتنىمۇ بېرىدىغلار، تاغلار ماڭا.
مەۋجۇت ئىكەن بۇ دۇنيا مەۋجۇت بولاي.
ھۆرمەتنىمۇ بېرىدىغلار، تاغلار ماڭا.

## شېئىرلىرىم

مەن ئۆلمەستە ئۆلسەڭلا شېئىرلىرىم،
تىرىك تۇرۇپ مېنىڭمۇ ئۆلگىنىم شۇ.
مەن ئۆلگەندە قالساڭلار يالقۇن بولۇپ،
قەبرەم ئىچرە شادلىنىپ كۈلگىنىم شۇ.

**چۈنكى سىلەر مېۋىسى قان- تېرىمنىڭ،**
**ھەم تەڭداشسىز بايلىقى ھاياتىمنىڭ.**
**تۇمانلارنىڭ كۆكسىنى يارار بولسام،**
**كۈچ - قۇدرىتى، ساپاسى قاناتىمنىڭ.**

شېئىر يازغان كىشىلا شائىر ئەمەس،
شائىرلىقنا ئۈندەڭلار، شېئىرلىرىم.
باغلىق ئىكەن سىلەرگە تەغدىرىممۇ
ماھىرلىقنا ئۈندەڭلەر، شېئىرلىرىم.

شائىرلارغا ئىز دىسىپ ياشاپ قالاي،
تاغدەك مەزمۇت بولۇڭلار، شېئىرلىرىم.
ئۆتمەك مۈشكۈل كەلگۈسى سىناقلاردىن،
كۈچ - قۇدرەتكە تولۇڭلار، شېئىرلىرىم!

مۇختەر سوپى

## مەنزىلىم

يېرىپ چىقتىم بۇلۇت ئىچىدىن
چۈشلىرىم
تورىۋالدى مەنزىللىرىمنى.
يۈكگۈرەيمەن
قەدىمىدىن قالغان
ئانام كۈلگەن. دادام يىغلىغان،
دادام كۈلگەن، ئانام يىغلىغان،
ئۆزۈممۇ كۆرمىگەن
قىسمەتنى ئىزدەپ.
ئۈمىدسىزلىكتە،
كۆرۈندۇ، ئۇ مېنى بەرلەپ.
ئۈمىدلەنسەم
يوقاپ كېتەر ھېكايە سۆزلەپ.
كۆرۈنمەكتە ئەنە مەنزىلىم!
كىم ئېيتىدۇ يىراق دەپ ئۇنى؟
مەنزىلىم، ئەنە مەنزىلىم،
شەرەت قىلىپ چاقىرار مېنى!

## ئۆز ئەركىمگە قويۇپ بەر مېنى...

سەبىلىكىم يوقالغان نەۋاخ،
ساددىلىقىمۇ قالمىدى زىنھار.
كۆزلىرىمدە ئىلاھىي ئۇچقۇن،
دېڭىزلارنىڭ كۆيىگە ئەسرار.
كەچمىشىمدۇر جىمجىت كېچىلەر،
بوۋاقلىقىم كەتتى ئۇنتۇلۇپ.
بۆسۈپ چىققان يېڭى ناخشىلار
شاماللارغا كەتتى قوشۇلۇپ.
تەبىئەتنىڭ زەڭگەر ناخشىسى
قۇچىقىغا چىللايدۇ مېنى.
قاراپ قويۇپ چىقىر يوللارغا
قەدىم تۇمان كۆرەر چۈشىنى.
ئىستەكلىرىم ئېسىلغان كۆككە،
باھاردىكى يولدا غازاڭلار.
دوقمۇشلاردا يۈرىدۇ لەيلەپ
ھەم ئۈمىدلىك غەمكىن ئاھاڭلار.
تورىۋالما ئالدىمنى زىنھار،
ئىزدەپ ماڭدىم شېرىن چۈشۈمنى.
ئىقبالىمدىن قىلما ئەندىشە،
ئۆز ئەركىمگە قويۇپ بەر مېنى.

ئۆمەر رەجەپ

## تاغ نېمىشقا تاقىر باش

قۇياش چوپان يىگىت ئىكەن بىر چاغدا،
ئاي ئۇنىڭغا مەشۇق ئىكەن گۈلباغدا.
ئۇلار ئۇ چاغ دائىم بىللە يۈرەركەن،
نۆۋەتلىشىپ يەرنى نۇرغا كۆمەركەن.
ئۇ زاماندا تۈن دېگەن گەپ يوق ئىكەن،
مەۋجۇداتنىڭ كۆڭلى دائىم توق ئىكەن.
ھەسەت قىلىپ ئىككى ئاشىق - مەشۇققا
تاغ ھەمىشە قاقشار ئىكەن ھەر ياقتا:
«تاقىشىدۇ قەددىم مېنىڭ كۆك ئۆزرە،
تەلمۈرىمەن ئايغا دائىم جۈپ كۆزدە.
لېكىن مېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلىپ،
ئۇنتۇلغۇسىز ئىزا قىلىپ، لەت قىلىپ،
ئاي نېمىشقا ماڭا قاراپ قويمايدۇ،
قۇياش بىلەن دائىم بىللە ئوينايدۇ.
قېنى، مېنىڭ غەزىپىمنى كۆرسۇن ئۇ،
ماڭا قىلغان قىلمىشىغا تويسۇن ئۇ.»
دەپتۇ - دە، تاغ ھەسەت بىلەن يۇتۇپ قان،
قەست قىلماققا نىيەت قىپتۇ شۇ ھامان.
ئاي يۈزىگە چېچىپتۇ ئۇ لاي - لاتقا،
ئاينى سېلىپ تۈگىمەس دەرد - پەريادقا.
شۇندىن بۇيان ئاينىڭ يۈزى داغ ئىكەن،
(بۇنى قىلغان شۇ ھەسەتخور تاغ ئىكەن.)
قۇياش كۆرۈپ بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى،
ئايغا كەلگەن پالاكەتنى، زاۋالنى،
قىساس ئوتى لاۋۇلداپتۇ دەل شۇ دەم.
غەزەپلىنىپ ئوت چېچىپتۇ تاغقا ھەم.
لىڭشىپ تىترەپ تاغ قۇياشنىڭ ئېپتىدىن،
ئۇنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى - تەپتىدىن،
كۆل بولۇپتۇ كۆيۈپ تاغنىڭ چوققىسى.
تاقىر بوپتۇ ئوت چۆپ قالماي دوقىسى.
شۇندىن بۇيان تاغ بولۇپتۇ تاقىر باش،
شۇڭا ئۇنىڭ ئىكەن قاتتىق باغرى تاش.

ئىسلام سادىق

## قىزىل يۇلغۇن

تۆسىدۇ قۇم چۆلنىڭ كۆكسىدە
چېچەككە پۈركىنىپ يۇلغۇنلار.
مەردلىكنىڭ سىماسى بەستىدە،
ئېگىلمەس ھېچقاچان دولقۇنلار.

ئۇ رۇخسار تالاشماس گۈللەردىن،
ھۆسنىي يار چىرايلىق ئۆزگىچە.
سۇ ئىچمەس دېڭىزدىن، كۆللەردىن،
سولاشماس باھاردىن كۈزگىچە.

دەھشەتلىك جۇت - بوران ھۇۋلايدۇ؛
ئۇچۇرىتىپ دالىدا قۇملارنى.
لېكىن ئۇ سولاشماس زادىلا،
تىك تۇرۇپ ئۆزۈۋتار يىللارنى.

مەن يۇلغۇن دالىنى قاپلىغان،
ناخشامدۇر يۇلغۇننىڭ چېچىكى.
شۇ ناخشام ياشايدۇ ئەبەدى،
قەسىرىدۇر ۋەتەننىڭ ئېتىكى.

**ئەركىن مۇھەممەت**

## ياردار يىگىت ئارزۇسى

كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، دىلبىرىم،
قېشىمدىن بىپەرۋا ئۆتۈپ كەتمىگىن.
مەن شۇ تاپ ئالدىڭدا جانساممۇ لېكىن،
كەمسىتىپ، دىلىمنى زەرداپ ئەتمىگىن.

تىنىشقا ھەقلىقسەن مېنىڭدىن دىلبەر،
ئاچچىقمۇ قىلمايمەن بۇ ئىشقا شۇڭا.
ئاھ، ئەمما ئالدىراپ كەتمىسەڭمۇ سەن،
ئېيتاتتىم بۇ سۆزنى بىر كۈنى ساڭا.

بۇرۇنقى شوخ يىگىت ئەمەسمەن ئەمدى
سەن بىلەن ياندىشىپ ماڭالمايمەن، راس.
گەر قاچساڭ كەينىڭدىن تاپ بېسىپ قوغلاپ،
كۆلدۈرۈپ كۆڭلۈڭنى ئالالمايمەن، راس.

بولدىلا، ئۆتكەننى تەگەش نە ھاجەت،
ئۇ كۈنلەر قالسۇنكى، شېرىن چۈش بولۇپ،
سۆيگۈمنى ئۇنتۇساڭ ئۇنتۇغىن، مەيلى،
ئۆتۈنەي، قالمىغىن مېنى ئۇنتۇلۇپ!

**ئېپتەخار**

## شېئىرلار

### ئازغان قىزغا

سۆزلىسە نامەرد ئىشقىتىن ھەر سۆزىنى بال قىلىپ،
سەن ئاڭا تۇتتۇڭ لېۋىڭنى مەي قۇيۇلغان جام قىلىپ.
زارىقىپ كۈتتۈڭ ئۇزاق، قەلبىڭدە ياندى ئوت پىراق،
«تۇنجى سۆيگۈم سەن» دېدىڭ ئوينىتىپ قاش نازلىنىپ.

ئۇ دېدى «ئەي گۈل نىگار، كۆيدۈم ساڭا، باققىن ماڭا،
سەن بىلەن يۈرگۈم كېلۇر كۈندۈز - كېچە باغ ئايلىنىپ»
سەن قويۇپ بەخباش كۆڭۈلنى، ئەي جانان، ئۆز مەيلىڭگە،
كوچا كەزدىڭ ئاتقۇچە تاڭ بىۋاپاغا باغلىنىپ.

توزۇتۇپ ياشلىق گۈلۈڭنى تاشلىدى بى ئېتىبار،
كەتتى ھۆسنۈڭ كۈزدىكى ياپراقتا ئوخشاش سارغىيىپ.
قاخشىما، تۇتماي ئۆزۈڭنى كەتكۈزۈپ قويدۇڭ ئەجەب،
ئەمدى كەلمەس ئورنىغا ھەر قانچە قىلساڭ زارلىنىپ.

## قەلەم ۋە ئۆچۈرگۈچ

دېدى قەلەم: «ئاپئاق بەتلەرگە،
گۈللەر چېكىپ، كۆركەم بېزەيمەن.»
ئۆچۈرگۈچمۇ دېدى: «شۇنداق قىل،
خاتا قىلساڭ ئۆزۈم تۈزەيمەن.»

## تاش ۋە قاش

جاقچاق قىلىپ ئاتقانىدىك تاش،
قاقشىپ كېلىپ تەگدى بېلىدكە.
ئەپۇ سوراپ ئاتقانىدىك قاش،
بېرىپ تەگدى نازۇك يۈرەككە.

## جىغان ۋە كىرپە

دېدى جىغان كىرپىگە: «دوستۇم،
كەل يېنىمغا ئۇقتسا ئۇقىن.
دېدى كىرپە: «تىكەنلىك تۇرساڭ،
بىز قانداقچە ئۆتىمىز يېقىن؟!»

ئەخمەت ئوسمانى

## كەچكۈز شامىلى

ياپراقلارنى ئۇچۇرما ھەريان،
ئۇ باھارغا قانمىغان تېخى.
ئاشىقلارغا بولمامدۇ ئازاب،
كەتسە شۇنداق سارغايغان پېتى.

تىترەتمىگىن يۇمران تېنىنى،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىمىسۇن ئۇ.
دەپ قالمىسۇن لەنەتلەر ئوقۇپ،
كۈز شامىلى ئەجەب قىلدىغۇ؟

بىراق ئۆزۈڭ قاپسەن مەست بولۇپ،
تىنىقىڭدىن ئاچچىق ھىد كېلەر.
ئۆتكەن كۈنگە مىسال بوپ، تىنىپ،
يېشىل ياپراق غازاڭ بوپ يۈرەر.

ئابدۇراخمان ئىسمايىل (قىرغىز)

## ئارچىلار تۇردۇ ياش پېتى

ئۇ چاغدا بىز تاغ قوينىدا چوڭ بولغان
بالا ئىدۇق كەلمەيدىغان بۇلاقتىن.
بېلىق بىلەن سۇ تالىشىپ چۆمۈلۈپ،
گۈل تېرەتتۇق ئىپار ھىدلىق توقايدىن.

قانچە قىش ـ ياز ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن،
ئاھ... بىز ئاشۇ باللىقا تويمۇدۇق.
گاھى بېرىپ قارىقاتنىڭ تۈۋىگە،
گاھى ئارچا ئارىسىدا ئوينىدۇق.

مانا ئەمدى مەزگىللەرنىڭ شامىلى
شۇ چاغدىكى بالا ئىزنى كۆمىزىپتۇ.
ئاتا بولدۇق، لېكىن ئاشۇ ئارچىلار
بۇرۇنقىدەك ياپ ـ ياش پېتى تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## پېشقەدەم شائىر رەخىم قاسىم



رەخىم قاسىم يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئەجرە سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت كىتابخانلىرىغا تونۇلغان پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى ئەدەبىي تەرجىمانلىق، ژۇرنالىستلىق ساھەلىرىدىمۇ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

شائىر رەخىم قاسىم 1936 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1943 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە غۇلجىدىكى باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەدرىسەلەردە، 1951 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ، ژۇرنالىستلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

رەخىم قاسىم بەدىئىي ئەدەبىياتقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلاپلا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئىشتىياق ئەينى يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىسى — شائىر كېۋىر نىيازنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان دەسلەپكى شېئىرلىرى مەكتەپ تام گېزىتلىرىگە چىقىشقا باشلىغان، «يۈكسەك پەللىگە» ناملىق شېئىرى ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «ئالغا گېزىتى»نىڭ 1951 - يىل 28 - دېكابىردىكى سانىغا بېسىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى مەتبۇئات يۈزىدە كىتابخانلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتۇرغانىدى.

رەخىم قاسىم 1956 - يىلى 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بېيجىڭدا لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە تەھرىرلىك كەسپىگە ئائىت بىلىملەر بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوراللىنىپ، بەدىئىي ئىقتىدار، ژۇرنالىستلىق ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئالغا باستى.

شائىر رەخىم قاسىم مىللىي كلاسسىكلار ياراتقان ئېسىل ئەنئەنىلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەللەر ھەم باشقا مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيە-

www.uyghurkitap.com

تى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇشنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، شۇڭلاشقا كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىنى پىششىق يادلىۋالدى ھەمدە خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، شېئىرىيەتكە ئائىت خەنزۇچە كىتابلارنى باش چۆكۈرۈپ ئوقۇدى. بۇ خىل ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

شائىر ھازىرغىچە 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 10 نەچچە پارچە داستان ھەم باللادا، 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي، تەنقىدىي ماقالە يازدى، ئۇ خۇڭ لىيۇ بىلەن بىرلىشىپ 1961 - يىلى يېزىپ چىققان «ئىككى ئەۋلاد» ناملىق سىنارىيە 1963 - يىلى فىلىم قىلىپ ئىشلىنىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1956 - يىلى ئۇنىڭ «بىزنىڭ ئىرادە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1980 - يىلى «ھاياتقا مەدھىيە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1984 - يىلى داستانلار توپلىمى، 1986 - يىلى «يەر — ئانا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. «چولپان» ناملىق داستانى 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك داستان مۇكاپاتىغا، «يەر — ئانا» ناملىق شېئىرى 1985 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك شېئىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1956 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە يازغان «كەپىدە» ناملىق باللادىسى بىلەن 1980 - يىللىرى يېزىلغان «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» ناملىق شېئىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوملارنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. 50 — 60 پارچە شېئىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 10 نەچچە پارچە شېئىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىدا ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، گېزىتلەرگە بېسىلدى ۋە شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. 5 پارچە شېئىرى سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ تەرىپىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «سوۋېت كومسومولى» ناملىق گېزىتكە بېسىلدى. ئۇ ھازىر 5 - توپلىمى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ يازغان «كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق زور ھەجىملىك زىيارەت خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، 6 قىسمىدىن تەركىب تاپقان. بۇ يىرىك زىيارەت خاتىرىسىنىڭ قالغان قىسىملىرىمۇ كىتابخانلار بىلەن پات ئارىدا ئۇچرىشىدۇ.

شائىر رەخىم قاسىم 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىي تەرجىمانلىق كەسپى بىلەنمۇ ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ بۇ ساھەگە 1958 - يىلى ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى تيەن جەننىڭ «كۆرەشچىلەرگە» ناملىق شېئىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئىشلىگەن شائىر جاڭ جىمىننىڭ «دەسلەپكى مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1962 - يىلى ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شائىر

رەخىم قاسىمنىڭ خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنى خېلى پۇختا ئىگىلىۋالغانلىقىنى روشەن ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان جۇڭگو ھەم چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 30 پارچىغا يېقىن داستان، بىرقانچە ئونلىغان ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالە، ھېكايە ۋە كىنو سىنارىيىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلارغا تونۇشتۇردى. رەخىم قاسىم تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان شائىر گوشوۋچۈەنىنىڭ «جۇزۇڭلىغا مەرسىيە» ناملىق داستانى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 - دەرىجىلىك تەرجىمە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يېقىندا يەنە ئىنقىلابىي قۇربانلار بىلەن مارشاللارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە بەردى، چەت ئەل شائىرى ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى.

شائىر رەخىم قاسىم «تارىم»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرناللىرىدا 30 نەچچە يىلدىن بېرى تالاي يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ، نۇرغۇنلىغان ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، پىشقان ھەم تەجرىبىلىك ژۇرنالىستقا ئايلاندى. ئۇ 35 يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا «تاڭ ناخشىسى»، «خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»، «يېڭىش تۈيغۇسى»، «ئۆمۈر چېچەكلىرى»، «تىيانشان ناخشىلىرى»، «يېڭىش دولقۇنلىرى»، «دانالار خەزىنىسىدىن»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» قاتارلىق 10 نەچچە توپلامنىڭ تەھرىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەمەلىي تۆھپە قوشتى. ئۇ ئەدەبىي تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن ئىزچىل ھالدا 30 يىلدىن ئوشۇق شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1988 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

1956 - يىلى چاقىرىلغان جۇڭگو ياش يازغۇچىلىرىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا بارغان 10 نەچچە نەپەر شىنجاڭ ۋەكىلىنىڭ ئارىسىدا شائىر رەخىم قاسىممۇ بار ئىدى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ياش شۇ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە كاندىدات ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان ھەمدە بۇ جەمئىيەتنىڭ 1959 - يىلى چاقىرىلغان 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا رەسمىي ئەزالىققا ئۆتكەنىدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پېشقەدەم شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان ۋە تەجرىبىلىك ژۇرنالىست رەخىم قاسىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق مەنىۋى ئەمگىكى بىلەن مول ئىجادىي تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى 1988 - يىلى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

رەخىم قاسىم يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سەھىپىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدىغان پېشقەدەم شائىرلاردىن بىرى. ئۇنىڭ شېئىر، باللادا ھەم داستانلىرى تېمىسىنىڭ ئاكتىۋاللىقى، رەڭدارلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم قايناقلىقى، تىلىنىڭ راۋان ھەم ئويناقلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىز پېشقەدەم شائىرىمىز رەخىم قاسىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز.

# مۇخبىرلىقتىن يازغۇچىلىققا



ئۆزىگە پىششىق تونۇشلۇق يېزا تۇرمۇشىنى يىغىنچاق، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن جامائەتكە تونۇلغان يازغۇچى مالىك كېۋىر 1935 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ نوغايتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتىنى نوغايتۇ يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالدى. 40 - يىللاردا غۇلجا يېزىلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. مالىكنىڭ دادىسى كېۋىر ئاكا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ مالىكنى داۋاملىق ئوقۇتۇش مەقسىتىدە، شەھەردىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مالىك كېۋىر «ئۈمىد» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا) مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بىراق 7 - سىنىپتا ئوقۇيدىغان چاغدا يېتىپ قوپىدىغان ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. 1949 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجىدا مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى نامىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى ئېچىلدى. مەكتەپ ئېچىلىش بىلەنلا ئىلىدا ئوقۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مالىك كېۋىرمۇ بىر ياز 7 - سىنىپنىڭ دەرسىنى ئۆزلۈكىدىن تەكرار قىلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، مەزكۇر مەكتەپنىڭ قانۇن سىنىپىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1951 - يىلى 2 - ئايدا «بىلىم يۇرتى» نىڭ مەخسۇس سىنىپلىرى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلۈپ، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تولۇقلاپ قۇرۇلدى. ياش مالىك بۇ ئىنستىتۇتنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى ۋە 1953 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىدە بىر مەزگىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى، خوتەن ۋىلايىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى 1954 - يىلى 6 - ئايدىن 1975 - يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، 1975 - يىلدىن ھازىرغىچە «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمان، تەھرىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ كەلدى.

مالىك كېۋىر يېزىقچىلىق ساھەسىگە بىۋاسىتە كىرىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن يىللىق مۇخبىرلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئۇنى يېزىقچىلىق ساھەسىگە باشلاپ كىردى. ئۇ

مۇشۇ مەزگىللەردە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەربىي مۇخبىر بولغان بورىس پولېۋوي، كونستانتىن سىمونوۋلارنىڭ «بىز سوۋېت كىشىلىرى»، «كۈنلەر ۋە تۈنلەر»، «چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسەرلىرىنى، مۇخبىر ھەم يازغۇچى ئوۋېچكىننىڭ ھېكايە - ئوچېركلىرىنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ، ياخشى مۇخبىردىن ياخشى يازغۇچىنىڭ چىقىشىغا ئىشەندى ۋە بۇ يولدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، 1955 - يىلى 10 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئازاد ئۇيغۇر دېھقىنى» دېگەن ئوچېركى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلدى. مالىك كېۋىر پېشقەدەم ئاخباراتچى ۋە يازغۇچىلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن 60 - يىللارغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ دېھقانلىرى گېزىتى»دە «شەرەپ تاختىسىدا»، «يەر ئاستىدىكى كۆرەش»، «ناخشىلار»، «چۆلدىكى شەھەر»، «ئۇچرىشىش» قاتارلىق ئونلىغان ئوچېركلارنى ئېلان قىلىپ، ئىقتىدارلىق مۇخبىر ۋە ئوچېركچى بولۇپ تونۇلدى. مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئۇ يەنە «سەپرا»، «ھوسۇل»، «بۇ ۋەقە بەشىنچى ئايدا بولغان»، «ئاتا ئىزىدىن»، «قىز قەلبى» قاتارلىق ھېكايىلارنىمۇ ئېلان قىلدى.

60 -، 70 - يىللار ئىچىدە يازغۇچىنىڭ قەلىمى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل توختاپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يازغۇچى ئەدەبىيات سېپىگە يېڭىباشتىن كىرىپ كەلدى ھەمدە «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا «مەشئەل»، «ئۆزگىرىش»، «تاغ ئالدىدا» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھېكايىلارنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى يازغۇچىنىڭ «مەشئەل» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى «يېزىدىكى ئادەملەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى ھەمدە 1988 - يىلى «كۈن شەرقتىن چىقىدۇ» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدى. يازغۇچىنىڭ «تاغ ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى قاتارىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «ئۆزگىرىش» ناملىق ھېكايىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «مەشئەل»، «ئۆزگىرىش» ناملىق ھېكايىلىرى بىلەن «ئۆچمەس تۆھپە»، «ئۇنتۇلماس ئادەم» دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتى ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

پېشقەدەم يازغۇچى مالىك كېۋىر دائىم مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولۇشى كېرەك، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۈنۈمىنى بىرلا جەھەتتە تەكىتلەش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بەزى ئەسەرلەر كىشىگە ئېستېتىك زوق بەخش ئەتسە، يەنە بەزى ئەسەرلەر ئىدىيىۋى - ئەخلاق جەھەتتىن تەسىرلەندۈرۈپ، رېئاللىقنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەر رېئاللىقتىن، جەمئىيەتتىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.» بۇ نۇقتىنى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان مالىك كېۋىرنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ 50 - يىللاردا يېزىلغان «تىكەن» ناملىق ساتىراسى، «شەرەپ تاختىسىدا» ناملىق ئوچېركى ۋە 1987 - يىلى يېزىلغان «ئامەت» ناملىق

ساتىرىسى جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈنۈملەرنى بەردى.

مالىك كېۋىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۆچمەس تۆھپە، ئۇنتۇلماس ئادەم» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات يېزىپ، «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جىڭ ناھىيىسىنى ئېلىش ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ، 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى بولۇپ، ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان ھەمدە ئازادلىقتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان ئۇرۇش قەھرىمانلىرى يىغىنىغا قاتناشقان زىغرۇللا نادىروپنىڭ نامى جامائەتچىلىك ئىچىدە قايتا تىرىلدى ۋە قەھرىماننىڭ ھايات سەپداشلىرى مالىك كېۋىرنى يوقلاپ رەھمەت ئېيتتى.

مالىك كېۋىر يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خېلى پىشقان ئەدەبىي تەرجىمان. خەنزۇچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن مالىك كېۋىر كېيىنكى كۈنلەردە ئەن جىڭنىڭ «گېنېرال ھەققىدە ھېكايە»، شۈي خۇەيجۇڭنىڭ «غەربىي سەپتىكى يېزىلمىغان ۋەقەلەر»، گوخۇئاننىڭ «رەڭدار تاش» ھېكايىسى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ھېكايىنى تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەن جىڭنىڭ «گېنېرال ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسىرى بولۇپ باھالاندى.

مالىك كېۋىر بۇ يىل مۇدىر مۇخبىرلىق ئۇنۋانى ئالدى. 1980 - يىلدىن بۇيان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ كېلىۋاتقان مالىك كېۋىر 1988 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. يازغۇچى مالىك كېۋىر يەنە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.




## گوشياڭنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا مۇخبىرنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى

«يازغۇچىلار تۇرمۇشى» گېزىتىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى: گوشياڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىجادىيەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى نەزەرىيە-تەنقىد ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئەدەبىي ئوبزورچى.

مۇخبىر: سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىز ۋە نەزەرىيىڭىزنى ئەدەبىيات بىلەن دەۋر، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئەينەك بىلەن كۆزىتىكەندە، سىزنىڭچە ئەدەبىياتنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قايسى جەھەتلەردىن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ؟ ھازىر قانداق يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت؟

گوشياڭ: ئۆتكەن توققۇز يىل قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، ئىسلاھاتقا قەدەم قويغان، سىنىپىي كۈرەشنى ئۆتتۇرا قىلىش ئاياغلىشىپ، كۈچنى توپلاپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش باشلانغان، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئالغا بېسىشتىكى توسقۇنلۇقلار تۈگىتىلگەن يىللار بولدى. ئەدەبىيات جەھەتتە ئۇنى بۇرۇلۇش مەزگىلى، تېخىمۇ زور گۈللىنىش يىللىرىنىڭ تەييارلىق مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا بۇرۇلۇش مەزگىلى ۋە تەييارلىق مەزگىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ توققۇز يىلدا گەرچە يېڭى، ئۇلۇغ يازغۇچىلار ۋە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان نادىر ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ يازغۇچىلار ۋە نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. بۇ توققۇز يىللىق ئەدەبىيات كۈندىن-كۈنگە گۈللەپ ياشناۋاتقان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتقان ئەدەبىياتتۇر. ئۇ كەلگۈسىدىكى ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى. بۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە مۆلچەرلەش ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

ئەمما، توققۇز يىللىق ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقەتەن تارماق ئېقىمىمۇ، خاتا ۋە پاسسىپ تەرىپىمۇ بار. بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بۇ توققۇز يىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولۇپ كەتمىدى. يېقىنقى ئۈچ يىل-

www.uyghurkitap.com

دىن بۇيان، بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا تېخىمۇ گۈللىنىش ۋە ئۆزگىرىش تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بارلىققا كېلىپ، «ئېچىۋېتىش، ئىزدىنىش، كۆپ خىللاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش» تەك يېڭى ھالەت نامايان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ دەۋر ۋە خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مەلۇم دەرىجىدە يىراقلىشىش خاھىشىمۇ كۆرۈلدى. بىز «ئېچىۋېتىش، ئىزدىنىش، كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش» نىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا ئېچىۋېتىش جەريانىدا قۇم-لاتقىلارنىڭ بىللە ئېقىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش، ئىزدىنىش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش، كۆپ خىللاشتۇرۇش جەريانىدا لاتقىلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، جانلاندۇرۇش جەريانىدا قالايمىقانلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش تەس ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتتىكى چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت قاتمال پىكىر ئېقىمى ھېلىمۇ ئۆزىنى ئاندا-ساندا كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ئەگەر بىر خىل مەمۇرىي كۈچ بىلەن بىرلىشىۋالىدىغان بولسا تېخىمۇ يامان بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈشكە يات بولغان ۋە ئەنئەنىگە، ئىدراكقا قارشى تۇرىدىغان بىر خىل ئېستېتىك ئېقىممۇ ھەيۋە بىلەن پەيدا بولدى. بۇنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. دەل مۇشۇ ئېقىم ئەدەبىياتتا دەۋر ۋە خەلق بىلەن مەلۇم دەرىجە يىراقلىشىشتەك ئېغىشنى پەيدا قىلدى. بىز بۇنداق تار ئېقىم ۋە بۇنداق خاھىشلارنى چەكسىز مۇبالىغە قىلىشنى خالىمايمىز، ئەمما ئۇنى جىددىي ھالدا، ئەيىبىنى كۆرسەتمەسلىك، بايراق روشەن ھالدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىكمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان بەزى ياش ئاپتورلار سىناق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما بەزى ئەسەرلەر بىزنىڭ مىللىي تۇرمۇش تۇپرىقىمىزدا يىلتىز تارتالمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇ ئەسەرلەر ئىسلاھات دەۋرىدىكى كەڭ ئاممىنىڭ كەيپىياتى، ئارزۇسى ۋە ئېستېتىك قىزىقىشلىرىدىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەن، ئۇلار غەربتە تارقالغان بەزى ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرلىرىنى زورمۇزور دوراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بەزى ئەسەرلەردە غەربنىڭ كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى كىشىلىرىدە پەيدا بولغان مەھرۇملۇق، گاڭگىراش، يېتىمسىراش تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ياشلارنىڭ ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما دەۋرىمىزدىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ غايىسى ۋە ھېسسىياتىغا ماس كەلمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەر بەدىئىيلىك سىمۋوللاشتۇرۇش، كىنايە قىلىش، يوشۇرۇن ئىپادىلەش، مەۋھۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، مەزمۇن جەھەتتىكى بىر خىللىق، تېيىزلىقنى تۈگىتىش، مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىغىمچانلىقنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان، بۇ ھەقىقەتەن، بىر خىل ئىلغارلىقتۇر. ئەمما بەزى ئەسەرلەر بىر خىل «تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان مېتافىزىك

مەنىلەر» نى ياساپ چىقىشقا بېرىلىپ كەتكەچكە، بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا تامامەن سەل
قارالغان، بەدىئىي ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. شۇڭا ئۇ ئەسەرلەر پەلسەپىۋى
قائىدىلەرنىڭ كۆچۈرمىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ بىر خىل غەيرىي ئېستېتىك قائىدىلەشتۇ-
رۇش خاھىشىدۇر. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئېستېتىك زوق ئالالمايسەن، گويا بىر ساما-
ۋىي كىتابقا تەپسىر ئېيتقاندەك قىينىلىسەن. ئۆتمۈشتە فورمۇلىلاشتۇرۇش بىلەن ئۇ-
قۇملاشتۇرۇش خەلقنى بىزار قىلغان، ئەمدىلىكتە قائىدىلەشتۇرۇشنىمۇ خەلق ياقتۇرمىدى،
شۇڭا ئۇنى تەشەببۇس قىلماسلىق كېرەك. ئىجادىيەتتىكى بۇنداق خىلمۇخىل يېتەر-
سىزلىكلەر ئېچىۋېتىش، ئىزدىنىش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان تەبىئىي ھادىسىلەردۇر. ئەدە-
بىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مەزمۇن بىلەن شەكىل جەھەتتە ھامان ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يا-
رىتىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت ئۆزلۈكسىز ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ئەدەبىياتنىڭ ھاياتىي
كۈچى بولىدۇ. «ئۆزگىرىش بولمىسا يېڭىلىنىش بولمايدۇ». ئۆلگە ئېلىش، ئىزدىنىش
جەريانىدىكى «ھەزىم قىلالماسلىق»، ئەگرى يولغا كىرىپ قېلىشلاردىن ساقلىنىش تەس.
بىر توقماق بىلەنلا ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ھەممە بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرىدىغان ھالەت-
كە قايتىشنىڭمۇ ئىستىقبالى يوق. ئىزدىنىشكە يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش بىلەن بىل-
لە ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىمۇ يول قويۇپ ۋە ئىلھام بېرىپ، ئىزدىنىش جەريانىدىكى پاي-
دا بىلەن زىيان، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، ئىلمىي
ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باھا بېرىش لازىم. مېنىڭچە، بىر نەچچە
يىلدىن بۇيان مەسىلە ئوبزور ساھەسىدە كۆرۈلدى. بەزى ئوبزورلار ئەدەبىيات ھادى-
سىلىرىگە باھا بېرىشتە دېگەندەك «ئېغىر بېسىق ۋە قىزغىن» بولالمىدى، نىسبەت بۇ-
زۇلدى. بۇ ھال ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۇرۇشكە يات بولغان ئېستېتىك ئېقىمنى
سەل ئۇلغايتىپ قويدى. بەزى ئوبزورلار كۆپىنچە «ئاساسسىز گەپ قىلدى»، ئەدەبىيات
بىلەن دەۋر، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇھىم نۇقتى-
غا سەل قارىدى. ئەسەرلەرگە باھا بېرىشتە بەزى مودېرنىزم نەزەرىيىلىرى رامكا قىل-
لىنىۋېلىندى، مەزمۇن جەھەتتە قۇرۇق، شەكىل جەھەتتە يېڭى مودىدىكى ئەسەرلەر كۆك-
كە كۆتۈرۈلۈپ، باھاسى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋېتىلدى، قايتا-قايتا بېسىلدى. كىچىك
دائىرىدىكى كىشىلەر ھۇزۇرلىنىدىغان بۇنداق ئەسەرلەرنى ئاز-تولا يېزىشقا بولىدۇ، بۇنى
بىر ئۇسلۇب دەپ قويسىمۇ بولىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، مۇشۇنداق ئاپتورلار خۇددى
«كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقىپتۇ» دېگەندەك بىردىنلا پەۋقۇلئاددە شۆھرەتلىك بولۇپ
كەتتى. يىل بويى ئاساسىي قاتلاملاردا ياشايدىغان، مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى يازغان
بەزى يازغۇچىلار چەتتە قالدى، ئۇلارغا ئانچە ئېتىبار بېرىلمىدى. ئۇلارنى سېلىشتۇرغان-
دا، ئادەم نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

بەزى ئوبزورلار ئۆزىنى يېڭى ئاتالغۇلار بىلەن پەردازلاپ، سىناق خاراكتېرلىك
بەزى ئەسەرلەرنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئايرىۋېتىشنى
تەشۋىق قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەس-
ئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلماقتا. «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەقسىي

www.uyghurkitap.com

تى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتتىكى غايىۋى مەنزىل ئەدەبىياتنى ئۆزىـ
گە قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت» دېگەنەدەك كەيپىنى تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇنى بەلكىم ئۆتـ
مۈشتە ئۇزاق مۇددەت تارقىلىپ يۈرگەن ئەدەبىياتنى سىياسەتنىڭ بېقىندىسى قىلىپ
قويۇش، پراگماتىزم ۋە تار مەنپەئەتپەرەسلىك، ئەدەبىياتتىكى چاكىنا جەمئىيەتشۇـ
ناسلىقنى تەنقىد قىلىش قاتارلىقلارغا بېرىلگەن رەددىيە دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن، ئەمـ
ما ئۇنى قائىدە قىلىۋېلىش، روشەنكى ئىلمىيلىك ئەمەس، ساختىلىق بولۇپ قالىدۇ. كائىنات
تىن ھازىرغىچە يۈز نەچچە يىل ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات مەنپەئەت بىلەن مۇـ
ناسىۋەتسىز «ساپ» ئەدەبىيات دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرىنى يەنە قايتىدىن ئوتتۇرىغا قو-
يۇش كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى
مەزگىللىرىدىكى روسىيە ئەدەبىياتىدا بىر تۈركۈم رېئالىزمچى ئاپتورلار يانچىلىق تۈزۈـ
مىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى چوڭـ
قۇر ئېچىپ تاشلاپ، يانچىلىق تۈزۈمىگە غەزەپ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈـ
چۈن جاھان ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالىغانىدى، بىلىشىمىزچە بۇ يازغۇچىـ
لارنى ئاساسەن مۇشۇ نۇقتىدىن باھالىغان. ئۇ گوگولنى «دەۋرگە مەنسۇپ» دەپ ھېسابـ
لىغان. ئەدەبىيات تارىخىدا ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەسەرلەر شۇ ئەسەرلىرى
مەيدانغا كەلتۈرگەن دەۋردىكى خەلقنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇسى بىلەن چەمبەرچاس باغـ
لانغانىدى. دەۋر بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ھەر بىر يازغۇچىنىڭ
ئالىيجاناب پەزىلىتى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنى «كۆڭۈل خۇشى» دەپ قارىغۇچىلارغا بۇنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوق. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىي ـ ئەخلاق سۈپىتى بىلەن پەن ـ مەدەـ
نىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئەدەبىياتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈتكۈل سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ باش نىشانىسى بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىياتىمىزدا مەۋجۇت يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىزلىقلار ئۈستىدە مېنىڭ ئېيتىدىغانـ
لىرىم قىسقىچە ئەنە شۇ. ئەدەبىياتتا تېخىمۇ زور گۈللەپ ياشناشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈـ
رۈشتە يەنە قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش كېرەك؟ بۇنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىـ
لىش كۆپ تەرەپلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بىرەر كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ
يەردە ئانچە تولۇق بولمىسىمۇ ئىككى تۆرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

بىرىنچى، ئەدەبىياتنى گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەڭ پايدىلىق مۇھىت ۋە
شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىش. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى،
دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان، مۇقىم ۋەزىيەت ئاستىدا تولۇق راۋاجلاندۇرۇش
كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىغان «ھەمـ
مە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىلـ
لاشتۇرۇش لازىم. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ فاڭجېن ھەققىدە سان ـ ساناقسىز ماقالە
يېزىلدى. ئەمما ئۇنى ئىجرا قىلىش ھامان قىيىن بولدى. مېنىڭچە، بۇنى قانۇن بىلەن
باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتىن ھەل قىلىش، سىياسەتنى تۈزۈملەشتۈرۈش
كېرەك. «ئېچىلىش ـ سايراش» فاڭجېنىنىڭ ماھىيىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىن ئېيت...

قالدا، ئەدەبىيات ئەركىنلىكى، ئىجادىيەت ۋە ئوبزورچىلىق ئەركىنلىكى مەسىلىسىدۇر. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا يېزىلغان. سىلەر ئاساسىي قانۇننىڭ 47 - ماددىسىنى كۆرۈپ بېقىڭلار. مەسىلە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان كونكرېت قانۇن - پەرمانلارنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىدا، شۇڭا ئۇنى ئىجرا قىلىش - قىلماسلىق ئادەمگە باغلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سەن ئۇنى ئاساسىي قانۇننى ئىجرا قىلمىدى، دەي دېسەڭ، ئاساسلىنىدىغان نەرسەڭ يوق. بۇ مەسىلىنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ھەل قىلىش لازىمدەك تۇرىدۇ. «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇشتا ئالغا بېسىشقىلا بولىدۇ. چېكىنىشكە بولمايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» جەريانىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» بەدىئىي جەھەتتىكى ئوخشاشمىغان «شەكىل» ۋە «ئۇسلۇب» لارنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش، دەپلا ئېيتقانىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» تا ئالدى بىلەن يەنىلا تېما تاللاش جەھەتتىكى ئەركىنلىككە يول قويۇلۇشى لازىملىقىنى، تېما جەھەتتە «مەنئى قىلىنغان رايون» لار بولىدىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى. كېيىن كىشىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» تا ئوبيېكتىپ ئىنكاس قىلىش جەھەتتىكى ئەركىنلىك بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىمۇ بولۇشى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «يازغۇچىلار تېما، مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە»، «يازغۇچىلار ئۆز كاللىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىشى كېرەك» دېيىدىغان سۆزلەر بارلىققا كەلدى. بۇ «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ كونكرېت ھاياتىي كۈچىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. بىز ئەمدى يەنە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» پەقەت «شەكىل» ۋە «ئۇسلۇب» نى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىلغان دېيىدىغان كۆز قاراشتا تۇرۇۋەرمەسلىكىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل ئېقىمدىكى تەلىماتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسىلەر تازا كۆپەيدى. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ ماركسىزملىق بىلىمى يىگىرمىنچى ئەسىردىن كېيىنكى ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشتا تازا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال بەزى ياشلارنى «ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېگەنگە خاتا ھالدا قوشۇلىدىغان قىلىپ قويدى. يەنە بىر قىسىم ياشلار ئېچىۋېتىش شارائىتىدا غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن بىراقلا ئۇچراشقاچقا، ئۇنى يېڭىلىق ھېس قىلدى، بۇنىڭغا ماركسىزمنىڭ ئۆتمۈشتە دوگماتىزم تەرىپىدىن بۇرمىلانغان جايلىرى قوشۇلدى. شۇڭا بەزىلەر ماركسىزمدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى قورال ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماركسىزمنى ئانچە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى كىتابنىمۇ ئاز ئوقۇمىدىم،

www.uyghurkitap.com

دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، بىراق ئۇلار كۆپىنچە ماركسىزمنى بۇرمىلاپ، خاتا ئىزاھلاپ قويىدۇ، مەسىلەن. ھېلھەم بەزى دوستلار ماقالىلىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلغاندا تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ قەلبىنى ئىپادىلەش قىيىن بولىدۇ، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ تولىمۇ چوڭ خاتا چۈشەنچە. بۇ ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنى مېخانىك، پاسسىپ، مېتافىزىكىلىق ئىنكاس نەزەرىيىسى قىلىپ قويغانلىق. مېنىڭ بۇ يەردە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى مۇپەسسەل مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس، مەن پەقەت شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنى «پائالىيەتچان، ئىنقىلابىي» نەزەرىيە دەپ ئاتىغان. لېنىننىڭ «ئادەمنىڭ ئېڭى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ئوبيېكتىپ دۇنيانىمۇ يارىتىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار. ھازىر كىشىلەر بىلىشنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا قىزىقىپ قالدى. ئەسلىدە، ماركسىزم دۇنياغا كېلىپلا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ گەپ لېنىن يېڭى دۇنيا قاراشنىڭ تالانتلىق ئۈندۈرمىسى دەپ ئاتىغان تۇنجى ھۆججەت ــ ماركسنىڭ «فېيېرباخ ھەققىدە تېزىسلار» دېگەن ئەسىرىدىمۇ بار. بۇ ئەسەردە ماركس تۇنجى رەت ئەمەلىيەتنى بىلىش نەزەرىيىسىگە كىرگۈزۈپ، تەبىئىي ئوبيېكتنى «سۇبيېكتلىق جەھەتتىن چۈشەنمەي» بىۋاستە كۆزىتىشكە ئاساسەن چۈشىنىشتەك كونا ماتېرىيالىزملىق قاراشنى تەنقىدلىگەنىدى. يەنە مەسىلەن، ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد. بەزى دوستلارنىڭ نەزەرىدە جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى تەنقىد بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە. ئۇلار جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى تەنقىدنى شاللىۋېتىش كېرەك دەپ قارىماي، غەربتىكى بەش چوڭ تەنقىد ئېقىمىنىڭ بىرى دەپ قاراپ، ئۇنى مەردانە ھالدا باشقا ئەدەبىي تەنقىد ئېقىملىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. بۇمۇ يەنە بىر چۈشەنمەسلىك. قىلچە مۇجمەللەشمەستىن شۇنداق دېيىش كېرەككى، ماركسىزمنى دۇنيا قاراش مېتودولوگىيىسىنىڭ ئاساسىي قىلغان، مۇكەممەل ئېستېتىكا سىستېمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىگە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد غەربنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق ئەدەبىي تەنقىدىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئىلمىي. دەرۋەقە، ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدتىن باشقا ئېقىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ بېكىنمە، قاتمال ھالەتتىكى ئەمەس، بەلكى جانلىق، تېتىك ئەدەبىي تەنقىدتۇر. پلېخانوۋ بۇرژۇئازىيىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەمدە يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن پسىخولوگىيىدىنمۇ ئوزۇق ئېلىپ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي پسىخىك قاتلام بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزملىق ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى بېيىتقانىدى (باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ھازىرقى زامان ماركسىزم نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا بۇ جەھەتتە قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەر يېتەرلىك بولمىدى)، غەرب بۇرژۇئا ئەدەبىي تەنقىدىدىكى تۈرلۈك ئېقىملاردا يېڭىچە، مۇۋاپىق،

ئېسىل نەرسىلەر يوقمۇ ئەمەس. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، كۆپىنچە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، نۇقسانلىرى كۆپ. مەسىلەن، فېرويىد ئانالىز پىسخولوگىيىسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدىدە ئادەمدىكى روھىي ھادىسىلەرنى «ئاڭ»، «ئالدىنقى ئاڭ»، «ئاڭسىز»، «يوشۇرۇن ئاڭ» دېگەندەك دەرىجىگە ئايرىپ، ئەدىبلەر تەسۋىرلەيدىغان پىسخىك ساھەلەرنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، بۇنىڭ ئۆزىگە لايىق مۇۋاپىق تەرىپى بار، بىراق ئۇ بارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئاڭسىزلىق ۋە فەنشىزملىق بىلەن ئىزاھلاپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىنى بىئولوگىيىلەشتۈرۈپ بىمەنىلىك قىلغان. ئەگەر ئۇنى ماركسىزم نۇقتىئىنەزەرى بىلەن تاسقاپ، شاكىلىنى ئىلغىۋېتىپ، مېغىزىنى ئېلىپ، قىممىتى بار قىسمىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەزىنىسىگە قوشساق، ئۇنىڭ ئىجابىي ئۇنۇمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى ماركسىزم ئارقىلىق گېگېل پەلسەپىسىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئىدېئالىستىك، مۇتلەقچىلىق، سايلىق نۇقتىئىنەزەرى قاتارلىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ» (لېنىننىڭ سۆزى)، ئۇنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق يادروسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ماركسىزمنىڭ گەۋدىسى ئىچىدە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرگەندەك بىر ئىش.

**مۇخبىر:** ئۇنداقتا، سىزنىڭچە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولار؟

**گوشاڭ:** بۇنى نۇرغۇن نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىش، مۆلچەرلەش مۇمكىن. مەن پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئېستېتىكىلىق يۈزلىنىش جەھەتتىنلا كۆز قاراشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەي.

مېنىڭچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك سەۋىيىدە قانات يېيىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق يۈزلىنىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان كۆز قاراش شۇكى، «4 - ماي» دىن بۇيانقى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى رېئالىزم بولدى. دەرۋەقە، 20 - يىللارنىڭ باشلىرىدا غەربنىڭ رومانتىزم، مودېرنىزم ۋە رېئالىزم ئىدىيىلىرى بىرلا ۋاقىتتا تونۇشتۇرۇلدى. كىشىلەر رومانتىزمدىنلا ئەمەس ھەتتا مودېرنىزملىق ئىدىيە ئېقىمىدىن ئۆزى ئېھتىياجلىقلىرىنى «قوبۇل قىلىپ»، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزىمىزگە خىزمەت قىلدۇرغانىدى. لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دىكى يۈكسەك سىمۋولىزم، «ياۋا گىياھ» ناملىق نەسرىي شېئىرىدىكى بودلېر① چە ئۇسلۇب، گومورونىڭ «ئىلاھە» سىدىكى سىمۋوللۇق روھنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما «ئەدەبىيات ئىنسانلار ئۈچۈن» دېگەن شوئارنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى بىلەن رېئالىزم كۈنساناپ گۈللەپ - ياشناپ، مودېرنىزم كۈندىن كۈنگە خارابلاشتى. 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «يېڭى تۇيغۇچىلار» نىڭ ھېكايىلىرى بىلەن دەسلەپكى سىمۋولىزمچىلارنىڭ شېئىرلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 30 - يىللاردا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ،

---

① چارلىز بودلېر (1821 — 1867) — فرانسىيىلىك شائىر.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ تارقىلىشى، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات» نىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى ۋە سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، رېئالىزملىق ئەدەبىيات گۈللىنىپ دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى نەتىجىسى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ كۆپ ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ ھەقتە تارىخ ھۆكۈم چىقىرىپ بولغان. 40-يىللاردا يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەندە سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى تەشەببۇس قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50-ۋە 60-يىللاردا، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز باشتىن-ئاخىر يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يەنئەندىكى نۇتقىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، رېئالىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلدى. ئەمما رېئالىزم نۇرغۇن پۈتلىكاشاڭلارغا يولۇقتى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىدىغان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خاھىش كۆنسەناپ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، پراگماتىزملىق پىكىر ئېقىمى «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تىن ئىبارەت چاكىنىلاشتۇرۇلغان تۆمۈر قىسماق ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەتتىن ئاشۇ خاتا خاھىشقا خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئۇدۇل قارايدىغان رېئالىزمنىڭ ماھىيىتى بولسا بۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتەش بىلەن چىقىشالمايتتى. شۇڭا رېئالىزم يولى ھەم كېڭەيەلمىدى، ھەم چوڭقۇرلاشالمىدى. ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش شوئارى بەلكىم مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن قىممىتى يوق ئۈمىدۋارلىق، يالغان رومانتىزم يامراپ، رېئالىزم بالا-قازاغا يولۇقتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ 10 يىللىق ئاپەت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئىتى ئىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، خەلققە قارشى، ئېستېتىكا ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، رېئالىزمغا قارشى «ساختىپەزلىك بىلەن ئالدامچىلىق» تىن ئىبارەت بولدى. يېڭى دەۋر يېتىپ كەلدى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» تىن ئىبارەت ماركسىزملىق پرىنسىپنىڭ جارى قىلىنىشى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا رېئالىزم گۈللەندى. «جاراھەت ئەدەبىياتى»، «ئويلىنىش ئەدەبىياتى» ۋە كېيىنكى ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ ئەۋج ئالغانلىقى ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ ئەسلىگە قايتىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئايرىلمايدۇ.

بىراق، 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، رېئالىزم رىقابەتكە دۇچ كەلدى. بۇ رىقابەتنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى بار ئىدى، ئومۇمىيەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ غايەت زور ئىلگىرىلەش، تەسىرى چوڭقۇر بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. بۇ رىقابەت ئاساسەن غەرب مودېرنىزمىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىدىن كېلىپ چىقتى. رىقابەت پوئېزىيە ساھەسىدىكى شۇتىڭ، بېي داۋ، گۇچېڭ قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدىكى «گۇڭگا شېئىرلىرى» ۋە ئىدىيىسى بىر قەدەر ئۆتكۈر، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈكرەك، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى تەربىيىسىنى ئالغان ۋاڭ مېڭ، زوڭپۇ قاتارلىق يازغۇچىلار «ئاڭ ئېقىمى» ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ

يازغان ھېكايىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن باشلاندى. 1985 - ، 1986 - يىللارغا كەلگەندە مودېرنىزم ئومۇمىيۈزلۈك چېچەكلەپ، ھەممە ياقنى قاپلىدى، ئەدەبىياتتىلا ئەمەس، سەنئەتنىڭ گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، دراما، كىنو، ئۇسسۇل...قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ ئەۋج ئالدى. خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك، جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيىتى كەڭ كۆلەمدە ئارىلاشتى، ئەدەبىياتنىلا ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان غەربتە تارقالغان سىمۋولىزم، ئىپادىچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، ئەپسانىچىلىق، قارا يۇمۇر ... دېگەندەك ئېقىملار بويىچە سىناق تەرىقىسىدە ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇنداق ھادىسىنى قىزغىن ماختىغۇچىلار بولدى، چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالغانلار بولدى، بىزار بولۇپ قارشى چىققۇچىلارمۇ بولدى. مېنىڭچە، بۇ ھادىسىلەرنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تارىخىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى كۆرۈش كېرەك، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى كۆرۈش، شۇنىڭدەك سەلبىي تەرىپىگىمۇ توغرا قاراش لازىم. ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى نەدە؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى بەزى يولداشلار ئېيتقاندەك، ھەممە ئېقىملار بەس - بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، ئومۇمىي كۆرۈنۈشلۈك بولغان، كۆپ خىل شەكىللەر مەۋجۇت بولغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە شەكىل جەھەتتە قاراپ دېيىلگەن سۆز. بۇ ھادىسىنى قوللىغۇچىلارمۇ، قارشى چىققۇچىلارمۇ چوڭقۇر تونۇيالمىدى. ئەينى چاغدا بەزى قوللىغۇچىلار بەس - مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى بەدىئىي شەكىل مەسىلىسى دېسە، بەزىلەر ئۆزگىرىشتە شەكىل مەزمۇننى بەلگىلەيدۇ دېيىشتى. مېنىڭچە، بۇ رىقابەتنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى — مودېرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىياتتىكى «ئىپادىلەش» تەلىماتىنىڭ ئېستېتىك رولىنىڭ كەڭ جارى قىلىنغانلىقىدا. ئۇ ئەدەبىياتتىكى «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» تەلىماتىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىدى. ئەسلىدە ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» بىلەن «ئىپادىلەش» نىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئېستېتىك رولىنىڭ ئىككى قۇتۇپتىن تەكىتلەنگىنىگە ئۇزاق زامانلار بولدى. «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» تەلىماتىنى— قەدىمكى گرېتسىيەدىكى ئارىستوتېلنىڭ «تەقلىدچىلىك نەزەرىيىسى» دىن تېپىش مۇمكىن. «ئىپادىلەش» تىپىدىكى شېئىرلار ئېلىمىزنىڭ ئېستېتىكا تارىخىدا ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە، «ھېسسىيات ۋە مەنە» تەلىماتىدىن «ئەيىنەنچىلىك» كىچە، «مەنىۋى ھالەت» تىن «مەنىۋى مۇھىت» تەلىماتىغىچە بولغان تەلىماتلارنىڭ ھەممىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سۇبيېكتىپ كەيپىياتىنى ئىزھار قىلىدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. غەربتە يېقىنقى زاماندا بېنېدېتو كروچې، كېيىنچە لاۋېس كورېنت «ئىپادىچىلىك» تەلىماتىنى سىستېمىلىق نەزەرىيىگە ئايلاندۇردى، «ئىپادىلەش» تىپىدىكى شېئىرلارنىڭ غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

رېئالىزمنىڭ تەبىرى ۋە ئۇ ھەقتىكى ئۇقۇم نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ ھەقتىكى گەپ ھەر خىل. بەزىلەر، يۈز نەزەرىيىچى بولسا، يۈز رېئالىزم بولىدۇ، دەيدۇ. مەن

رېئالىزم شەخسلەرنىڭ پسىخىكىسىنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئىنقىلابىي
رېئالىزم ئادەمنىڭ غايىسىنى يازمايدۇ، دېگەندەك ئەيىبلەشلەرگە قوشۇلمايمەن. ئەمما
ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، رېئالىزملىق ئېستېتىكىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى «قايتا گەۋدى-
لەندۈرۈش» تەلىماتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانىڭ چىنلىقى بىلەن
قايتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مودېرنىزمنىڭ تەبىرى نېمە؟ بۇنى ئېنىق
چۈشەندۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس. XX ئەسىردىكى مودېرنىزم زامانىمىزدىكى كۆپ خىل
ئېقىملاردىن تەركىب تاپقان. ئۇ ئۆزگىرىشچانلىق، كۆپ خىللىق ۋە مۇرەككەپلىككە
ئىگە. گەرچە ئىپادىچىلىك مودېرنىزم ئېقىملىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇنى مودېرنىزمنىڭ
ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغان دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەنگلىيىنىڭ مودېرنىزمچى
ئېستېتىكاشۇناسى خۇبرېت لېدنىڭ مودېرنىستىك رەسساملىقتا بەرگەن تەبىرى:
«مودېرنىزم ماددىي دۇنيانى ئىپادىلىمەستىن، سۇبيېكتىپ روھنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەندىن
ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ غەرب ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسى يۈەن
كېجىيا مودېرنىزمچىلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى «سۇبيېكتىپ ئىپادىنى تەكىتلەش،
بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا ئەھمىيەت بېرىش، شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلەش» دەپ
يىغىنچاقلىدى. دېمەك مودېرنىزمنىڭ شىددەتلىك سوقۇشى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ
ئەدەبىياتىدا رېئالىزم ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋەزىيەت ئاياغلاشتى، ئېستېتىك
ئىقتىدار جەھەتتىمۇ تامامەن يېڭى يۈزلىنىش ۋۇجۇدقا كەلدى، ئېپىك ئەسەرلەر ئەن-
ئەنىۋى ئۇسۇللارنى يەنى تاشقى رېئال دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئادەم بىلەن ئادەم
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەقدىرىنى
ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىشنى، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنى
ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئەقلىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەپلا قالماي،
ئادەمنىڭ سېزىمى قاتارلىق پۈتكۈل ئاڭ ساھەسىنى، بىۋاسىتە سېزىم ۋە يوشۇرۇن
ئاڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى
بىلەن ھەر تەرەپلىمىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىش مۇمكىن بولدى. شۇنداق
قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلىرى كېڭەيدى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى
بېيىدى، شەكلى يېڭىلاندى، ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇلار
مودېرنىزم ئېقىمى پەيدا قىلغان ئىجابىي تەرەپلەردۇر. ئەمما، شۇنى ئېيتىشىم
كېرەككى، بۇ ئىجابىي تەسىرلەر چايناش، ھەزىم قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە تاللاشلار
ئارقىلىق ئاندىن بارلىققا كەلگەن. «ئىپادىلەش» تەلىماتى بىلەن ئىپادىچىلىك تامامەن
بىر نەرسە ئەمەس. مودېرنىزمچىلار «ئىپادىلەش» تەلىماتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن
بولۇپ، ئۇلار بارلىق سەنئەتكارنىڭ ئۆز ئۆزىنى سۈرەتكە ئېلىشىدىن
ئىبارەتلا بولىدۇ، ھەقىقىي سەنئەت قايتا گەۋدىلەندۈرىدىغان بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.
ئۇلار ئىدېئالىزم بىلەن ئۆزىنى مەركەز قىلىشنىڭ پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قالدى.
مەن «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» تەلىماتى بىلەن «ئىپادىلەش» تەلىماتىنىڭ ئۇنىسى
ياخشى، بۇنىسى يامان دەپ ھېسابلىمايمەن، «ئىپادىلەش» ئارقىلىق «قايتا گەۋدىلەن-

دۇرۇش» نى ئىنكار قىلىشنىمۇ قوللىمايمەن، «ئىپادىلەش» تەلىماتىنىڭ مەيدانىغا كەلگەنلىكى ئېستېتىكىدىكى ئاينىش دەپمۇ ھېسابلىمايمەن، ئۇ پەقەت بىر يېڭى تولۇقلىمىدۇر. بۇ تولۇقلىما بىزنى ئەدەبىياتتىكى ئېستېتىك زوقنى ئىگىلەش جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش تەلىپىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن.

مودېرنىزم ئېقىمى، يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا سەلبىي تەرەپلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. مەن يۇقىرىدا نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتتا كۆرۈلۈۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە توختالغاندا ئۆز قاراشلىرىمنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۈم. بىز مودېرنىزمنى شەكىل، ئۇسۇل، ماھارەت جەھەتتە ئەينەك قىلغىنىمىزدا، مودېرنىزمنىڭ پەلسەپە، ئېستېتىكا ئاساسى بولغان بىۋاسىتە سېزىمچىلىك، مەۋجۇدىيەتچىلىك، فرويدچىلىق قاتارلىقلاردىكى بىز قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى ئاڭلارنىمۇ قوبۇل قىلىۋالدۇق. مودېرنىزمنىڭ خەلقتىن، رېئاللىقتىن يىراقلايدىغان، ئۆزىنى مەركەز قىلىشتەك تەرەپلىرىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ھەر خىل دەرىجىدە تەسىر پەيدا قىلدى. ئەدەبىياتتا ھەدەپ «ئىچكى جەھەتكە يۈزلىنىش» نى تەكىتلەش شامىلى ئەدەبىياتنىڭ رېئال جەمئىيەتكە، كىشىلىك تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش قىزغىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنداق ھادىسە يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئويلىنىشلىرى ئارقىلىق سەل تەڭشەلدى. بۇنداق تەڭشىلىش مەن ئېيتىپ ئۆتكەندەك رېئالىزمنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە جارى قىلىنغانلىقىدا ئىپادىلەندى. بۇ يەنە مۇنداق ئىككى جەھەتتىمۇ ئەكس ئەتمەكتە: بىرى، مودېرنىزمنى سىناپ بېقىشتا بەك يىراقلاپ كەتكەن، زورمۇزور تەقلىد قىلىشى بەك ئېغىر بولغان يېڭى ئېقىم ئاپتورلىرىدا ئاز - تولا ئويلىنىش بولۇپ، ئۇلار رېئالىزمنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنىڭ ھېلىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى بايقىدى. «جۇڭگو گۈزەل سەنئەت گېزىتى» نىڭ «يېڭى ئېقىم ھەققىدە ئويلىنىش» سەھىپىسى ئاچقانلىقى ۋەكىللىك ۋە سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە؛ يەنە بىرى، رېئالىزم مودېرنىزمنىڭ سوققىسىدىن كېيىن ئەسلىدىكى ھالەتتە ئەمەس، بەلكى يېڭى قىياپەت بىلەن قايتا نامايان بولدى. ئالايلۇق، كې يۈنلۇڭنىڭ «تۈن ۋە كۈن» دېگەن رومانى ئۆزگىرىش دەۋرىدىكى پايتەخت كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن رېئالىزملىق ئەسەر، ئەمما ئۇنىڭدىكى كۆپ قېتىم قايتىلانغان ھالەت، چۈش ۋە مەست ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاڭدىن تاشقىرى تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى مودېرنىزمچىلاردىن قوبۇل قىلىنغان، شۇڭا ئۇ ئۆز رومانىنى مودېرنىستىك رېئالىزملىق ئەسەر، دەپ ئاتىدى. مودېرنىستىك رېئالىزممۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. لۇيەنجۇ قاتتىق تەلەپچان رېئالىزمچى يازغۇچى، بىراق ئۇنىڭ يېڭى ئەسىرى «قەدىمكى مۇنار ئۈستىدىكى شامال قوڭغۇرىقى» نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ «تيەنيۈشەندىكى لەتىپىسى» بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بەدىئىي ۋاسىتە جەھەتتە نۇرغۇن يېڭىلىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. پۈتۈن كىتابنى كۆپ خىل پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى مونولوگى تەشكىل قىلغان ۋە بۇ پېرسوناژلارنىڭ قەلبىدىكى ئاككوردلىقنى، مۇزىكىچانلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن پېرسوناژ ۋە كىتابخاننى بىۋاسىتە سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە، ناھايىتىمۇ

**يېقىندارچىلىقىغا ئىگە قىلغان.** مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىپادىلەش» **تەلىماتىدىن ئىلھاملانغانلىق** بولسا كېرەك. مودېرنىزمنىڭ كىرىشمە رېئالىزمنىڭ **تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمىدىغان بىر** تاشقى ئامىل بولدى. مەن بۇنى رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ قوشۇلۇشى دېيدىغان قاراشقا قوشۇلمايمەن. غەربتىكى بىرمۇنچە ئوبزورچىلار شۇنداق دېيىشتى. جاروتى «چەكسىز رېئالىزم» نەزەرىيىسى ئارقىلىق مودېرنىزمنى رېئالىزم ئىزىغا سالماقچى بولدى، بۇ ئاقمايدۇ. چۈنكى رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ پەلسەپە-ۋى نۇقتىئىنەزىرى، ئېستېتىكا ئاساسى، تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئەمما بۇ رېئالىزم مودېرنىزمدىن قىسمەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلسا، ئۆرنەك قىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىسا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مەن بىر دوستۇمدىن مەلۇم بىر چەت ئەللىك ئوبزورچىنىڭ يىگىرمىنچى ئەسىر ئەدەبىياتىدا «مودېرنىزم رېئالىزمدىكى چاك-تورلارنى سۈرتىدىغان دەسمال» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سۆز ناھايىتى ئوبراز-لىق، ياخشى ئېيتىلغان. بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى رېئالىزم مودېرنىزمدىن ئىبارەت بۇ دەسمال بىلەن سۈرتۈلگەن رېئالىزم، ئېچىۋېتىلگەن، چوڭقۇرلاشقان، راۋاجلانغان، ئېھتىمال يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن رېئالىزم بولۇپ، ئۇ «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» بىلەن «ئىپادىلەش» نى بىرلەشتۈرۈشكە سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى ئىمكان قەدەر بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ قايتا جانلى-نىشى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى يۈزلىنىش ــ ئەدەبىياتنىڭ پىششىپ يېتىلىشىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. مەن ئۇنىڭغا ئات قويىمىدىم، ئۇنى كې يۈنلىزىنىڭ گېپى بىلەن «ھازىرقى زامان رېئالىزمى» دەپ ئاتايلى. ئۇ جۇڭگودىكى رېئالىزم تەرەققىيا-تىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولالامدۇ-يوق؟ مەن ئالدىن خۇلاسە چىقارماقچى ئەمەسمەن. ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا قارايمىز. خوش، ئېيتىدىغانلىرىم شۇنچىلىك، سۆزۈمدە خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە پىكىرلەر بولۇشى مۇمكىن. تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇخبىر: رەھمەت!

(«يازغۇچىلار تۇرمۇشى» گېزىتىنىڭ 1988 - يىل 15 - فېۋرال سانىدىن قىس-قارتىپ تەرجىمە قىلىندى.)

ئازات قاسىم تەرجىمىسى.

# ئەدەبىي ھايات ئۇچقۇنلىرى

## جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

(ئۆز مۇخبىرىمىز) ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولغان جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ئاستىدا 1938-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە بېيجىڭدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا يىغىلىشى، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى زور ئىش بولدى.

ئىسلاھات ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلىشىۋاتقان مۇشۇنداق يېڭى تارىخىي دەۋردە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى ئۈستىدە ئورتاق باش قاتۇرۇش — زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. شۇڭا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىنغا باشتىن-ئاخىر غەمخورلۇق قىلدى ھەم كۆڭۈل بۆلدى. دېڭ شياۋپىڭ، جاۋ زىياڭ، ياڭ شاڭكۇن، ۋەن لى قاتارلىق رەھبەرلەر 11-ئاينىڭ 8-كۈنى خەلق سارىيىدا بارلىق ۋەكىللەرنى قىزغىن قوبۇل قىلدى ھەم شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەقدىم قىلغان چىمەن دوپپىلارنى كىيىپ، ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا يولداش خۇ چىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ۋەكىللەر خۇ چىلىنىڭ «تەبرىك سۆزى» گە بىردەك ئاپىرىن ئوقۇدى. «تەبرىك سۆزى» دە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە توغرا رەھبەرلىك قىلىشتىكى سىياسەت، فاڭجېن، شەكىل ھەم ئۇسۇللىرى چوڭقۇر، تەپسىلىي شەرھلەندى، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ هالدا يەكۈنلەندى. «تەبرىك سۆزى» دە يەنە ئىجادىيەت هەم ئوبزور ئەركىنلىكى قايتا تەكىتلەندى، ئون يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيەت نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. «تەبرىك سۆزى» دە تۆۋەندىكى بىر نۇقتا ناهايىتى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان توغرا رەهبەرلىكى — پەقەت يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكىگە تولۇق هۆرمەت قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە تولۇق هۆرمەت قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېهتىياجى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئېهتىياجىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.» ۋەكىللەر بىردەك ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنى هەقىقىي ئىزچىللاشسا، ئەدەبىيات - سەنئەت چوقۇم گۈللىنىدۇ، دەپ قاراشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يەنە بىر زور ئەهمىيىتى شۇ يەردىكى، ۋەكىللەر «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر» نىڭ لايىهەسىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى. پات ئارىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەسمىي هۆججىتى بولۇپ تارقىلىدىغان بۇ لايىهە پارتىيە رەهبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش هەم كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەهەتتە غايەت زور رول ئوينايدۇ.

يىغىندا يەنە مەركىزنىڭ «قەلەم هەققىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش، باجنى مۇۋاپىق كېمەيتىش» توغرىسىدىكى پىكىر ئېلىش لايىهەسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاندى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نىزامنامىسى پرىنسىپ جەهەتتىن ماقۇللاندى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا 166 نەپەر هەيئەت سايلاپ چىقىلدى. شىنجاڭدىن يولداش ياسىن خۇدابەردى بىلەن ۋاڭ يۈخۇ سايلاندى.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 29 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 12 نەپەر بولۇپ، ئۇلار تەمبەر خانىم، ياسىن خۇدابەردى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئىمىن ئەخمىدى، غازى ئەمەت، سەيپۇل يۇسۇپ، ئەخەت تۇردى، سىراجىدىن زۇپەر، مەريەم ناسىر، مەمەتجان ئىسمايىل، ئوبۇلقاسىم، ئابلىمىت ئەمەتلەردىن ئىبارەت.

يىغىن 1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا غەلىبە بىلەن يېپىلدى.

## 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى) زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا ئون يىل تولۇش ھارپىسىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ئۇرۇمچىدىكى بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى، مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: 3 - ئومۇمىي يىغىن پارتىيىمىز تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىغىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى «سول» چىللىق ئىللەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىپ، ئىدىيە ئازادلىقىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى باھارىنى ياراتتى. 10 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەسەرلىرىمىزنىڭ سان، سۈپىتى ئۆسۈپ، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇقلاشتى، تېما دائىرىسى كېڭەيدى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپ خىللاشتى. ئاپتورلىرىمىز ئىدىيىسىدە زور دەرىجىدە ئازاد بولۇپ، ئۆز قەلبىگە، ئۆز قەلىمىگە ئۆزى خوجايىن بولۇپ، «چەكلەنگەن رايون» لارغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن، سەنئەت دېموكراتىيىسىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپىبازلىق ئىللەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆستۈردى، مەزمۇن ھەم شەكىللىرىنى بېيىتتى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئون يىللىق مۇۋەپپەقىيىتىنى سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قايىناق ھېسسىيات، چوڭقۇر پىكىر بىلەن

مۇغىرىلغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر
شېئىر ۋە داستانلار بارلىققا كەلدى.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت تارىختىن
بۇيان ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ
كەلگەن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، پروزىنىڭ
تەرەققىياتى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. 3 -
ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرىكى 30 يىلدا
ئاران ئىككى پوۋېست مەيدانغا كەلگەن
بولسا، 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن
يالغۇز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىدىلا 40
پارچىدىن ئوشۇق پوۋېست ئېلان قىلىندى،
ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن 20
پارچىغا يېقىن رومان، 300 دىن كۆپرەك
توپلام نەشر قىلىندى. ئەدەبىي تەنقىد -
چىلىك، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، دراما -
تورگىيە ۋە كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيە -
تىدىمۇ يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا
كەلدى. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق ئەھۋال
شۇكى، زور بىر تۈركۈم ياش تالانت
ئىگىلىرى ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ
كېلىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئەسەر-
لىرى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە
يېڭىچە جانلىنىش ۋەزىيىتى ياراتتى.
ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى
3- ئومۇمىي يىغىن يارىتىپ بەرگەن
ئەۋزەل ئىجادىيەت شارائىتى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك. ئون يىلدىن بۇيان مەملىكە-
تىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە
كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرى
ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت
قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىلدى.
بۇ جەرياندا نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلى -
رىمىزنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتو-
نوم رايون بويىچە ھەر خىل مۇكاپات -
لارغا ئېرىشتى. بەزى ئەسەرلەر چەت
تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ يىللاردا
مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىي
تەرجىمانلىق، ژۇرنالىستلىق ئىشلىرىمۇ
ئالاھىدە جانلىنىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىمىز-
نىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈردى.
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپى-
دىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
كەينى - كەينىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل
تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە بىر -
قانچە قېتىم ئېچىلغان سېمىنارىيىلەر
ئاپتورلىرىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىن يۈكسە -
لىشىگە ئىلھام بەردى، شۇنىڭدەك بەدىئىي
ئەسەرلەرنىڭ سان ھەم سۈپەت جەھەت -
تىن ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.
يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەنە
مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 3 - ئومۇمىي
يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا
بىرمۇنچىلىگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇر-
ناللىرى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى ياكى
ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بەزى بىلىم
خاراكتېرلىك، كەسپىي ياكى ئۇنىۋېرسال
گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ مەخسۇس ئەدە -
بىيات سەھىپىلىرى ئېچىلدى. بۇ گېزىت -
ژۇرناللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى
جەريانىدا ئۆزىگە خاس رولىنى ئويناپ،
كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە، ئۇي -
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى بىر قەدەر
گەۋدىلىك، روشەنرەك ئەكس ئەتتۈرۈش،
خىلمۇخىل ئۇنۇملۇك ۋاسىتىلەر ئارقى -
لىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى
تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتورلار قو-
شۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىش، ئەدەبىي قاراشلارنىڭ يېڭىلىنىشىغا،
ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلە -

رىنى يەكۈنلەشكە، مۇھاكىمە، مۇنازىرى-
لەرنىڭ ساغلام قانات يېيىشىغا تۈرتكە
بولۇش، خىلمۇخىل ئۇسلۇبلارنىڭ
تەرەققىي قىلىشىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈش،
ئاپتورلارنى يېڭى-يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن
تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە «تارىم»
ژۇرنىلى يەنىلا ئاۋانگارتلىق رول ئوينى-
ماقتا. كىتابخانلار «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
يولىدا ياراتقان بۇ خىل مول تۆھپە-
لىرىگە خۇشاللىق بىلەن نەزەر
تاشلىماقتا.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى نۆۋەتتە
ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە تەتقىقا-
تى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزىبىر
مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، مۇنۇلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇشتى: بۈگۈنكى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر
ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىش دەۋرىدە تۇرماقتا. بىز قىسقىغىنە
ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن
دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ خەنزۇ
ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرغاندا،
ئەستايىدىل ئويلىنىشقا، جىددىي تۈزىتىش-
كە تېگىشلىك يېتەرسىزلىكلىرىمىزنىڭ
ئاز ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.
3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن خەنزۇ
ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىدا
نۇرغۇن يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئەدە-
بىي ئېقىملار بىلەن ئىجادىيەت مېتودلى-
رىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، ھەر خىل
ئەدەبىي قاراشلار بىلەن تەشەببۇسلار
ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى،
ئىلمىي مۇھاكىمە-مۇنازىرە ۋە ئىجادى-
يەت ئىشلىرى سىستىلسىز جانلاندى. بىز،
بىرىنچىدىن، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى بۇ
خىل يېڭىلىقلاردىن تولۇق خەۋەردار
بولۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز؛ ئىككىنچىدىن،
خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىشىمىز ۋە
ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز
يېتەرلىك بولماۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
بىزدە ئادەتلەنگەن پىكىر قېلىپلىرى مەۋ-
جۇت بولغاچقا، ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنە-
مىچىلىك ھالىتىدىنمۇ ئۈزۈل-كېسىل
قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. شۇڭلاشقا
تا ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر-
نىڭ، قاتمال ئەدەبىي قاراشلارنىڭ، كونا
نەزەرىيىلەرنىڭ قېلىپىدىن چىقالمايۋاتى-
مىز. نەزەرىيە تەتقىقاتىمىز دەۋرنىڭ
تەلىپىدىن كېيىن قېلىۋاتىدۇ. تەنقىدىي
ماقالىلەر ياكى ئوخشاش بولمىغان ئەدە-
بىي قاراشلار بەزى چەكلىمىلەرگە
ئۇچراۋاتىدۇ. ئەدەبىياتنى سىياسىينىڭ
قورالى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلار ھېلىمۇ
بار. تېما بەلگىلەپ بېرىش ئىللىتى ئاسا-
سەن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
قالدۇقلىرى يەنىلا مەۋجۇت. بىزدە «ئاپ-
تور كىتابخاننىڭ ئۇستازى، تەنقىدچى
ئاپتورنىڭ ئۇستازى، سىياسىي رەھبەر
ھەممىنىڭ ئۇستازى» دەيدىغان فورمۇلا تا
ھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە.
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا دېموكراتىك روھ
كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئاپتورلارنىڭ ئىجادى-
يەت ھوقۇقىغا، تەھرىرلەرنىڭ كەسپىي
ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، ئەدەبىي
تەنقىد بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمىنى

سىياسىي مەسىلىلەرگە چېتىشلىش، ئىجادىيەت ھەم كەسپىي ئىشلارغا ئورۇنسىز چات كىرىۋېلىش، ئەدەبىي تەنقىدكە توغرا مۇئامىلىدە بولماسلىق، تەنقىدنى بېسىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر داۋاملىق ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىزدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكمۇ بىرقەدەر ئېغىر، تارىخىي ئويغىنىش، ئۆزىنى تونۇش ئېڭىنىڭ يېتىلىشىمۇ بىرقەدەر ئاستا. پوئېزىيىمىز تا ھازىرغىچە شەكىلۋازلىقتىن، شوئارۋازلىقتىن، تەقلىدچىلىكتىن، قېلىپبازلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى يوق. ئىجادىيەت مېتودىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىزگە ھەقىقىي رېئالىزمنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەقىقىي رېئالىزمغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ساختا رېئالىزمدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىز يوق دېيەرلىك. بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەر خىل تېمىلاردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى پات - پات ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن يازغۇچىلار شۆبە جەمئىيىتى بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەلمەيۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدنى كۈچەيتىش زۆرۈر. بۇ ۋەزىپىنى يالغۇز «تارىم» ژۇرنىلى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ھەجمى چەكلىك. شۇڭا مەخسۇس نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ژۇرنىلى چىقىرىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىز بۇ تەلىپىمىزنى ئۇزۇندىن بېرى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن بولساقمۇ ئەمەلگە ئاشمايۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.





شائىر ئەي چىڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتتە




شىنجاڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەكتە.



قۇرۇلتايىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش

سۈرەتلەرنى غۇپۇر قادىر تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 ـ يىل 1 ـ سان (335 ـ سان) ، 39 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورو ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：　1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I ،
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن